لۇشۇن

# چۇقان

# تەھرىراتتىن

لۇشۇننىڭ «چۇقان» ناملىق بۇ ھېكايىلار توپلىمىغا كىرگەن ھېكايىلاردىن «كۇڭ ئىيجى»، «ئەرتە»، «ئا Q نىڭ ھەقىقىي تەرجىمە ھالى» ناملىق ھېكايىلار يېڭى ھايات نەشرىياتى تەرىپىدىن 1953 ژىلى نەشىر قىلىنغان «لۇشۈن ـ ھېكايىلار» دېگەن توپلامدىكى تەرجىمىسى ئاساسىدا يېڭىۋاشتىن ئىشلىنىپ بېسىلدى. بۇيەردە مۇناسىۋەتلىك يولداشلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. شۇنىڭدەك، كىتابخانلاردىن بۇ توپلامنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە تەنقىدىي پىكىرلەر بېرىشنى سورايمىز.

# چۇقان

لۇشۇن

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىن — 1958

## مۇندەرىجە

ئاۋتوردىن ........................................ 3
سەۋدايى خاتىرىسى ........................................ 14
كۇڭ يىجى ........................................ 36
دورا ........................................ 48
ئەرتە ........................................ 67
كىچىككىنە بىر ئىش ........................................ 81
چاچ ھەققىدە ھېكايە ........................................ 85
بىسەرەمجانلىق ........................................ 95
يۇرتۇم ........................................ 112
ئاQ نىڭ ھەقىقىي تەرجىمە ھالى ........................................ 133
ياز بايرىمى ........................................ 222
ئاق نۇر ........................................ 242
توشقان بىلەن مۈشۈك ........................................ 254
ئۆردەكنىڭ كومېدىيىسى ........................................ 264
يېزا ئويۇنى ........................................ 271



لۇشۈن

تاۋيۈەنچىڭ ئىشلىگەن

# ئاۋتوردىن

ياش ۋاختىمدا نۇرغۇن چۇشلەرنى كورگەن ئىدىم، كېيىن ئۇنىڭ تولىسىنى ئۇنتۇپ كەتتىم. ئەمما بۇنىڭغا ئېچىنمايمەن. ئوتمۇشنى ئەسلەش، بەزىدە كىشىنى خوشال قىلىدۇ، بەزى چاغلاردا كىشىنى زېرىكتۇرىدۇ. كىشىنىڭ روھى رىشتىسى ئاللىقاچان ئوتۇپ كەتكەن زېرىكتۇرگۈچ زامانلارغا ئىلىنىپ قالسا، ئۇ، كىشىگە ھەرەج كېلىدۇ. نىمە ئۇچۇندۇر، مەن ئاشۇنداق زېرىكتۇرگۈچ ئوتمۇشنى ئۇنتالىماسلىق بىلەن ئازاپ-لىنىمەن. ئەنە شۇ تامام ئۇنتۇپ كېتەلمىگەنلىرىمنىڭ بىرقىسمى ھازىر «چۇقان»نىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەپچى بولدى.

مەن تورت ژىلىدىن ئارتۇق ۋاخىت، ھېمىشە، ھەتتا ھەر كۇنى دېگىدەك گوروكەش ۋە دورىپۇرۇش دۇكانلىرىغا كىرىپ — چىقىپ ژۇردۇم. ئۇ چاغلاردىكى يېشىم يادىمدا يوق، ھەر ھالدا مېنىڭ بويۇم دورىپۇرۇش دۇكىنىنىڭ پۇكىيگە تەڭ كې-لەتتى، گوروكەشنىڭ دۇكىنىنىڭ پۇكىيى بولسا، مەندىن بىر ھەسسە ئېگىز ئىدى. مەن ئاشۇ بويۇمدىن بىر ھەسسە ئېگىز پۇكەينىڭ تېشىدا تۇرۇپ، ئېچكىرىسىگە كىيىم-كېچەك ياكى زەر

جابدۇقنى سۇنۇپ بېرىپ، خوجايىنىنىڭ بۇزۇق تەلەتى بىلەن شىلتىپ بەرگەن پۇلنى ئېلىپ، ئاندىن كېيىن يەنە بويۇم بىلەن تەڭ پۇكەي ئالدىغا بېرىپ، ئۇزۇندىن بۇيان ئاغرىپ ياتقان دادام ئۈچۈن دورا سېتىپ ئالاتتىم، ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن يەنە باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا توغرى كېلەتتى. رېتسىپ يېزىپ بەرگەن تېۋىپ داڭلىق بولغاشقا، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن دورىلىرىمۇ: قىشلىغان قومۇش ژىلتىزى، ئۈچ ژىل قىروۋ كورگەن شېكەر قومۇشى، جۈپ چېكەتكە، مۆلەيدىغان دەرەخ ژىلتىزى... دېگەندەك ئاجايىپ نەرسىلەر ئىدى. بۇلارنى راسلاشمۇ قىيىن ئىدى. لېكىن دادام كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ، ئاخىرى قازا تاپتى.

كىمكى ھال ـ كۈنى ئوتتۇرا ھال بولۇپ، كېيىنچە مۇھتاجلىق دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدىكەن، ئۇ شۇنداق كېلىشمىگەن مۇساپىدە كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى چۈشۈنۈپ قالسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. مەن خۇددى غەيرىي يولغا كىرمەكچى، غەيرىي جايغا قاچماقچى، شۇنىڭ بىلەن غەيرىي كىشىلەرنى تاپماقچى بولغاندەك، N گە بېرىپ، K[1] مەكتىۋىگە كىرمەكچى بولدۇم. ئانام مېنى توساشقا ئىلاجى تاپالماي، مەيلىمگە قويۇۋەتتى ۋە يول خىراجىتىمگە سەككىز تەڭگە جايلاپ بەردى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ژىغلىۋەتتى. بۇ ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغدا كونا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش، پادىشا ئىمـ

تېھرانغا قاتنىشىش توغرى يول ھېساپلىناتتى، يېڭى مەكتەپلەرگە كىرىپ، چەتئەللىچە ئوقۇش ھېچ ئىلاجى بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئىشى بولۇپ، بۇ، روھنى شەيتانغا *سېتىۋەتكەنلىك بولۇپ ھېساپلىناتتى. بۇنداق كىشىلەر خورلانغاننىڭ تېشىدا، چەتكە قېقىلاتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانام ئۆز ئوغلىدىن ئايرىلاتتى، شۇڭا ئۇ ژىغلىۋەتتى. مەن بۇلاردىن قەتئىي نەزەر، ئاخىرى N گە كېلىپ K مەكتىۋىگە كىردىم. مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن دۇنيادا پەلسەپە، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، رەسىم ۋە تەنتەربىيە دېگەنلەرنىڭمۇ بارلىغىنى بىلدىم. فىزىولوگىيە دەرسى ئوقۇلمىسىمۇ، ياغاچ مەتبەئەدە بېسىلغان «ئەزا تۈزۈلۈشى توغرىسىدا يېڭى نەزىرىيە» ۋە «خىمىيىۋىي گىمگىينا» ② دېگەندەك كىتاپلارنى كۆردۈك. تېخىچە ئېسىمدە بار، بۇرۇنقى تېۋىپلارنىڭ مۇھاكىمىلىرى ۋە رېتسېپلىرىنى شۇ چاغدا بىلگەنلىرىمگە چېقىشتۇرۇپ، تېۋىپلارنىڭ قەستەن ياكى بىلمەستىن ئالدامچىلىق قىلىدىغانلىغىنى پەملەپ قالدىم ③ ۋە ئالدانغان كېسەلمەنلەرگە ھەم ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىغا ئىچىم ئاغرىدى. ياپونچىدىن خەنسۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان تارىخلاردىن ياپونىيىدىكى «ئىسلاھات» ھەركىتىنىڭ تولىسى غەرپ مېدىتسىنىسىدىن ئىلھاملانغانلىغىنى بىلدىم.

ئاشۇنداق ئاددىيغىنە بىلىم مۇناسىۋىتى بىلەن، كېيىنكى چاغ-

* ئەجنەبىيلەرگە دېمەكچى. — ت.

لاردا سەھرادىكى بىر ياپون مېدىتسىنا مەكتىۋىدە ئوقۇپ قال-
دىم. مېنىڭ چۈشلىرىم ناھايىتى شېرىن ئىدى: مەكتەپنى پۈت-
تۈرۈپ قايتقاندىن كېيىن، دادامغا ئوخشاش بىھۇدە دەرت
تارتقان كېسەلمەنلەرنىڭ كېسەللىنى داۋالايمەن، ئۇرۇش ۋاختى
توغرى كەلسە، ھەربىي دوختۇر بولۇمەن، يەنە بىر تەرەپتىن،
ۋەتەنداشلىرىمنىڭ «ئىسلاھات ھەركىتى»گە بولغان ئىشەنچىسى-
نى ئالغا سۈرۈمەن، دەپ ئويلايتتىم. باكتېرىولوگىيە دەرسىنى
ئوتۇش ئۇسۇللىرىنىڭ ھازىر قانچىلىك تەرەققى قىلىپ كەتكەن-
لىگىنى بىلمەيمەن. قىسقىسى، ئۇ چاغدا باكتېرىيىلەرنىڭ فور-
مىلىرى سورەت چىراقلىرى بىلەن كورسۇتۇلەتتى؛ شۇنىڭ ئۇچۇن
بەزىدە لېكسىيە تۈگەپ، دەرستىن چۈشۈش ۋاختى توشمىغان
بولسا، مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا مەنزىرە سورەتلىرى ياكى ئېقىم
مەسىلىلىرىگە دائىر سورەتلەرنى كورسۇتۇپ، بىر مۇنچە ۋاختىنى
ئوتكۇزەتتى. شۇ چاغ دەل رۇس- ياپون ئۇرۇشى بولۇۋاتقان
ۋاخىت ئىدى؛ شۇڭا ئۇرۇشقا دائىر سورەتلەر كوپرەك ئىدى.
مەنمۇ ئاشۇنداق رەسىملەرنى كورگەن چاغلاردا، دەرسخانىدا
ساۋاقداشلىرىمغا ئەگىشىپ چاۋاك چالاتتىم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە،
شۇنداق سورەتلەردە جۇڭگولۇقلارنى — ئۇزۇندىن بۇيان كورمە-
گەن كىشىلىرىمنى كورۇپ قالدىم: بىر كىشى ئوتتۇرىدا باغلاغ-
لىق تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە بىر مۇنچە
كىشى، قامىتىدىن كۈچ- قۇۋۋەت تولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ھېچ-

نەرسنى سەزمەس بولۇپ قالغان بىر قىياپەتتە قاراپ تۇرۇپتۇ. چۈشەندۈرۈشكە قارىغاندا، باغلاقلىق تۇرغان كىشى روسسىيىگە ھەربىي شىپىونلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ياپون ئەسكەرلىرى سازايى قىلىپ، كاللىسىنى كەسمەكچى ئىمىش؛ ئەتراپىدا تۇرغانلار بولسا سازايىنى تاماشا قىلىپ تۇرغان كىشىلەرمىش.

مەن شۇ ئوقۇش ژىلىنى تۈگەتمەستىنلا توكيوغا كەلدىم، چۈنكى شۇ چاغدا، مېدىتسىنا مۇھىم ئەمەس ئىكەن، ئۇمۇمەن نادانلىقتا قالغان ئاجىز خەلق ھەر قانچە ساغلام ۋە قاۋۇل بولسىمۇ، پەقەت ئەھمىيەتسىز سازايىغا ماتېرىيال ۋە تاماشىچى بولماقتىن باشقىغا يارىمايدىكەن، كېسەللىدە ئۆلگەنلەرگىمۇ ھەسرەت قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن، شۇڭا ھەممىدىن ئاۋال ئۇلارنىڭ روھىنى ئۆزگەرتىش كېرەك دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ قالدىم. شۇ چاغدا روھنى ئۆزگەرتىشتە ھەممىدىن مۇۋاپىق نەرسە ئەدەبىيات ـ سەنئەت بولسا كېرەك دېدىمدە، شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى تەرغىپ قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. توكيودا ئوقۇۋاتقان ساۋاقداشلىرىم ئىچىدە قانۇن، فىزىكا، خىمىيە ھەتتا ساقچىلىق ۋە سانائەتنى ئوقۇيدىغانلار كۆپ بولسىمۇ، ئەدەبىيات ۋە گۈزەل سەنئەتنى ئوقۇيدىغانلار يوق ئىدى. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، بەختكە يارىشا، بىر نەچچە يولداش تېپىلدى، ئۇلاردىن باشقا، يەنە زۆرۈر بولغان بىر نەچچە كىشىنى تەكلىپ قىلدۇق. مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، بىرىنچى

قەدەمدە ژۇرنال چىقارماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا «يېڭى ھايات» دېگەن مەنىدە ئات قويدۇق. ئۇ چاغلاردا كوپچىلىگىمىزدە كونىلىقنى تىرىلدۇرۇش خاھىشلىرى بولغاچقا، ژۇرنالنى پەقەت كونا ئەدىبىي تىلدا «شىنىسىڭ» دەپ ئاتىدۇق.

«شىنىسىڭ»نىڭ نەشىر قىلىنىش ۋاقتى يېقىنلاشتى. لېكىن ھەممىدىن ئاۋال، قەلەم تەۋرىتەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ بىر قانچىسى ئىزىنى چەتكە تارتتى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن سەرمايە غايىپ بولدى، نەتىجىدە بىر پۇلغا ئەسقاتمايدىغان ئۈچلا كىشى قالدۇق. ژۇرنال چىقىرىش ئىشىمىز باشلىنىش ۋاقتىدىلا بۇزۇلغاچقا، بۇ ئىش يۇتۇنلەي مەغلۇپ بولغاندا، دەرت ئېيتقىدەك جايمۇ تاپالمىدۇق. كېيىن ھېلىقى ئۈچەيلەنمۇ ئۆز تەقدىرىمىز بىلەن بولۇپ كېتىپ، كېلىچەك ئارزۇلىرىمىز ئۈستىدە بىر جايغا توپلىشىپ مۇڭدىشالماي قالدۇق. دۇنياغا كېلەلمىگەن «يېڭى ھايات» ىمىزنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق بولدى.

ئەنە شۇنىدىن كېيىنلا بۇ چاقىچە ھىس قىلىپ باقمىغان ئۈمىتسىزلىك ئازاۋىنى ھىس قىلىشقا باشلىدىم. دەسلەپتە بۇنىڭ سەۋەپلىرىنى بىلەلمىدىم. كېيىنچە ئويلىسام، بىر ئادەمدە مۇئەييەن بىر تەشەببۇس بولۇپ، ئۇ تەشەببۇس ھىمايىگە ئىگە بولسا، ئۇ ئادەم جەزمەن ئالغا باسىدىكەن؛ قارشىلىققا ئۇچرىسا، بۇ ھال ئۇنى كۆرەشكە ئاتلاندۇرۇدىكەن؛ ئەگەر ئۇ، ھايات كىشىلەر ئارىسىدا يالغۇز چۇقان سالسا، ھايات كىشىلەردىن ئۇ-

نىڭغا ئەكس سادا چىقمىسا، كىشىلەر ئۇنى ھىمايىمۇ قىلمىسا، ئۇنىڭغا قارشىلىقمۇ كۆرسەتمىسە، ئۇ تەشەببۇسچى خۇددى پايانسىز دەشتىگە كىرىپ ئېزىپ قالغاندەك ئامالسىز قالىدىكەن. كىشىگە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قايغۇ-ھەسرەت بولامدۇ؟ مەن ئەنە شۇنداق ھېسسىياتلار بىلەن ئازابلاندىم.

بۇ ھېسسىياتلار كۈندىن-كۈنگە زورىيىپ، مېنىڭ روھىمنى خۇددى زەھەرلىك ژىلاندەك چىرماپ ئالدى.

شۇنداق چەكسىز قايغۇ-ھەسرەتكە قالغان بولسامۇ، لېكىن غەزەپلەنمىدىم. چۈنكى بۇ تەجرىبە ئۆز-ئۆزەمنى چۈشۈنۈشۈمگە مەجبۇر قىلدى، مەن ئۆزەمنىڭ قولىنى بىر ئوينۇتۇپ، بىر چۇقان بىلەنلا، بىر مۇنچە سەپداش توپلىيالايدىغان قەھرىمانلاردىن ئەمەس ئىكەنلىكىمنى چۈشەندىم.

لېكىن قايغۇ-ھەسرىتىمنى يوقاتماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇ قايغۇ-ھەسرەت مېنى تولىمۇ ئازابلايتتى. شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك چارىلارنى قوللۇنۇپ، ئۆزەمنى غەپلەتكە سېلىپ، خەلق ئىچىگە چوكۇشكە، قەدىمقى زامانلارغا قايتىشقا تىرىشتىم. كېيىنكى چاغلاردا تېخىمۇ قايغۇلۇق ۋە تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈشكە، ياكى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە توغرى كەلدى. ھازىر بۇ ۋەقەلەرنى ئەسلەشنى خالىمايمەن، ئۇلارنى مېڭەم بىلەن بىللە تۇپراققا ئېلىپ كىرىپ كەتمەكچىمەن. ئەمما مېنىڭ بۇ جاھان رەپتايىغا كىرىۋېلىش ئۇسۇ-

لۇم بىر ئاز نېتىجە بەرگەندەك بولـدى، ياش ۋاختىلىرىمدىكى
مەردانىلىق ۋە غەيرەتلەر تۈگەپ كەتكەندەك بولدى.

S ④ سارىيىدا ئۈچ ھوجرىلىق بىر ھويلا بار ئىدى. ئاڭلىـ
شىمچە ئىلگىرى بۇ ھويلىدىكى سىپدە دەرىخىگە بىر خوتۇن ئېسىلىپ
ئۆلۈۋالغان ئىكەن. شۇندىن تارتىپ بۇ سىپدە دەرىخى ناھايىتى
ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەن بولسىمۇ لېكىن بۇ ئۆيلەردە كىشى ئولـ
تۇرمايدىكەن . مەن بۇ ھويلىنىڭ ھۇجرىسىدا بىـر نەچچە ۋىل
ئولتۇرۇپ ، قېدىمقى يازمىلاردىن نۇسخە ئېلىـش ۋە ئۇلارنى
تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندىم. بۇ يەرگە مىھمان بولۇپ كەلـ
گۈچىلەرمۇ ئاز ئىدى ، ئۇنىـڭ ئۈستىـگە قېدىمقى يازمىلاردا
ھېچقانداق يېڭى مەسىلە ۋە پىـكىرلەرمۇ ئۇچرىمايتتى، شۇڭا
مېنىڭ ئومرۇم غەلـۋىسىز ئوتىۋېرەتتى. مېنىڭ ئارزۇيۇممۇ شۇ
ئىدى. ياز ئاخشاملىرى پاشا كوپىيىشـكە باشلىغاندا، مەن پالما
يوپۇرمىقىدىن قىلىنغان يەلپۈگۈچ بىلەن پاشىلارنى قورۇپ، سىپدە
تۈۋىدە يوپۇرماقـلار ئارىسىدىن پارچە ـ پارچە كۆرۈنگەن كوك
ئاسمانغا قاراپ ئولتۇراتتىم. سىپدە قۇرۇتـلىرى گەدىنىمگە مۇز-
دەك چۈشۈپمۇ تۇراتتى.

شۇ چاغـلاردا گايى ـ گايىدا بىـر كونا بۇرادىرىم ـــ جىن
شىنىي ⑤ كېلىپ قالاتتى. ئۇ قەغەز بىلەن تولغان يوغان خۇ-
رۇم پوپكىسىنى سۇنۇق جوزا ئۈستىگە قويۇپ، يەكتىگىنى سېلىپ
تاشلاپ، ئۇدۇلۇمدا ئولتۇراتتى. ئۇ، ئىتتىن تولىمۇ قورقاتتى.

شۇگلاشقىمكى ، ئۇنىڭ ژۇرىگى بىر هازاغىچە دۇكۇلدەپ سوقۇشتىن توختىمايتتى.

—بۇلاردىن نۇسخە ئېلىپ نىمە قىلىسىز؟—بىر كۈنى ئاخشىمى مېنىڭ كونا قەبرى يازمىلىرىمدىن توپلىغان نۇسخىلىرىمنى ۋاراقلاۋېتىپ سۇرۇشتۇرۇپ قالدى.

—هېچنىمە.

—ئەمىسە بۇ يازمىلاردىن نىمە مەخسەت بىلەن نۇسخە ئېلىۋاتىسىز؟

—هېچ مەخسەت بىلەن ئەمەس.

—مېنىڭچە سىز بىرەر نەرسە يازسىڭىز بولاتتى...

مەن ئۇنىڭ مەخسىتىگە چۈشەنمىدىم. ئۇلار «يېگى ياشلار»[6] ژۇرنىلىنى چىقىرىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ چاغدا جەمئىيەتتە ئۇ ژۇرنالنى هىمايە قىلىدىغانلارمۇ، ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈدىغانلارمۇ يوقتەك كورۈنەتتى. شۇڭا مەن ئۇلارنىمۇ زېرىكىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلۇدۇم. شۇنداق بولسىمۇ مەن:

—ئىشىك، دېرىزىلىرى بولمىغان، ۋەيران قىلىشقا بەك تەس بولغان بىر تومۇر ئويدە كىشىلەر ئۇخلاپ يېتىپتۇ، ئۇلار ئاز ۋاخىت ئىچىدە دىمىقتا بولۇپ ئولۇپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۇيقۇ بىلەن بولۇپ جان ئۈزگەندىمۇ ئولۇم ئازاۋىنى هەرگىز سەزمەيدۇ. هازىر سىز چۇقان سېلىپ، ئۇلارنىڭ بىر ئاز سەگەگرەكلىرىدىن بىر نەچچىسىنى ئويغۇتۇۋاتىسىز، ئۇلارنى—شۇ ئازغىنە بىچارىلەرنى

قۇتۇلۇپ بولمايدىغان ئەجەل ئالدىدىكى ئازاپقا قالدۇرۇۋاتىسىز،
بۇنى ئوزىڭىزگە راۋا كورەمسىز؟ — دېدىم.
— ئەگەر بىر نەچچە كىشى قوزغالغان ئىسكەن، شۇ تومۇر
ئوينى بۇزۇپ تاشلاشتىن زادىلا ئۇمىت يوق دېيەلمەسسىز.
توغرى، ئۇ چاغدا بۇ ھەقتە مېنىڭ ئوز ئالدىمغا بىر ئىشەن-
چىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇمىتنى رەت قىلىش مۇمكۇن ئەمەس
ئىدى. چۇنكى ئۇمىت كېلەچەككە باغلىق نەرسە. ئۇنىڭ ئۇمىت
بار دېگەن ئىشەنچىسىنى ئوزەمنىڭ ئۇمىت يوق دېگەن دەۋا-
يىم بىلەن رەت قىلىشىم مۇمكۇن ئەمەس، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭغا
ماقالە يېزىپ بېرىشكە ۋەدە بەردىم. مېنىڭ دەسلەپكى ماقالەم
«سەۋدايى خاتىرىسى» بولدى. يېزىشقا بىر كىرىشكەندىن كېيىن
ئۇنى توختۇتۇش مۇمكۇن بولمىدى، ھېكايىغا ئوخشايدىغان ماقا-
لىلارنى يېزىپ، بۇرادەرلىرىمنىڭ تەۋسىيىسىنى ئورۇنلاپ تۇر-
دۇم. شۇنىڭ بىلەن يازغان ھېكايەم 10 نەچچە پارچىگە يېتىپ
قالدى.

ئوزەم ئۇچۇن ئالغاندا، مەن ئەمدى سوزلەشكە، يېزىشقا
ناھايىتى مۇھتاج بولۇپ تۇرغان ئادەملەردىن ئەمەس ئىدىم.
لېكىن ئوز ۋاختىدا مېنى زېرىكتۇرگەن قايغۇ-ھەسرەتلەر ئېسىم-
دىن چىقمىغان بولسا كېرەك. شۇڭا ھېلىقى قايغۇ-ھەسرەت
ئىچىدە يالغۇز چېپىپ ژۇرگەن باتۇرلارغا مەدەتكار بولۇش ئۇ-
چۇن، بەزىدە چۇقان سېلىپمۇ قويدۇم، لېكىن بۇ چۇقانلىرىم

جاسارەتكە ئىشارەتمۇ ـ قايغۇغا ئىشارەتمۇ، ياكى نەپرەت ـ مەسخىرىلەرگە ئىشارەتمۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولمىدى. ئەمما بۇ چۇقاندىن كېيىن، چۇقان سېلىشقا بۇيرىغان كوماندىرنىڭ بۇيرۇغىغا بويسۇندۇم. شۇڭا كۆپۈنچە ئۆزەم خالىغاندەك ئەمەس، تەلەپ قىلىنغاندەك يېزىشقا توغرى كەلدى: «دورا»دا يۈيئەرنىڭ قەبرىسىگە گۈل چەمبىرىكى قوشۇپ قويدۇم. «ئەرتە»دىمۇ شەنسى ھەدىنىڭ ئۆز ئوغلىنى چۈشىدە كۆرەلمىگەنلىكىنى بايان قىلمىدىم. چۈنكى ئۇ چاغدا خوجايىنلار پاسسىپلىقنى ياخشى كۆرمەيتتى. مەنمۇ ئۆزەمنىڭ جاپاغا قالدۇرغان قايغۇ-ھەسرەتلەرنى خۇددى ياش ۋاختىمدىكىگە ئوخشاش شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈۋاتقان ياشلارغا ژۇقتۇرۇشنى خالىمىدىم.

دېمەك، ھېكايىلىرىمنى ھەقىقىي سەنئەتتىن ناھايىتى يىراق دەپ ئويلايمەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ھېكايە دېگەن نامنى ئالالىشىنى، بولۇپمۇ توپلام بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىغانلىقىنى، قانداقلا بولمىسۇن، تەسادىپىي بىر ھال دېمەي مۇمكىن ئەمەس؛ بۇ ھال مېنى خىجىل قىلسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا ھېلىمۇ بۇ ھېكايىلارنى ئوقۇيدىغانلارنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن خۇرسەنمەن.

شۇڭا قىسقا ھېكايىلىرىمنى توپلاپ مەتبەئەگە بەردىم ۋە ژۇقۇرىدىكى سەۋەپلەر بىلەن ئۇنىڭغا «چۇقان» دەپ نام بەردىم.

1922 ـ ژىلى 3 ـ دېكابىر، بېيجىڭ. لۇشۈن.

# سەۋدايى خاتىرىسى①

ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن — ھازىر ئۇلارنىڭ ئىسىم-فامىلىيىسىنى يازمايمەن، — ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغدا قەدىردان بۇرادەرلىرىم ئىدى؛ بىر قانچە ژىلدىن بۇيان ئايرىلىپ كەتكەچكە، دېرىكىمۇ يوقۇلۇپ كەتكەن ئىدى. يېقىندا ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ چوڭ كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. شۇڭا ژۇرتۇمغا قايتىش پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى يوقلاپ باردىم. ئۇلارنىڭ بىرسى بىلەنلا كۆرۈشەلىدىم، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، كېسەل بولغان ئۇنىڭ ئىنىسى ئىكەن.

«يوقلايمەن دەپ ئۇزۇن سەپەر ژۈرۈپ بىكار ئاۋارە بولۇپتىلا. ئۇ ئاللىقاچان ساقىيىپ كەتكەن. ھازىر مەنسەپكە جايلىشىش نىيىتى بىلەن «ن»گە كېتىپ قالدى»، ئۇ كىشى سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن قاتتىق كۈلۈپ كەتتى ۋە ئىككى پارچە خاتىرە دەپتەرنى كۆرسىتىپ، ئىنىسىنىڭ كېسەل ۋاقتىدىكى ئەھۋالى مۇشۇنىڭغا يېزىلغان، قوبۇل قىلسىلا، ئۆزلىرىدەك قېدىناز بۇرادەرلەرگە ھەدىيە قىلاي، دېدى. خاتىرە دەپتەرنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئوقۇپ چىقتىم ۋە ئۇ

كېسەلنىڭ «تەقسىپ ۋەسۋەسىسى»گە ئوخشىغان روھى كېسەل-
دىن ئىكەنلىگىنى چۈشەندىم. خاتىرە بەك گادىرماش يېزىلغان
بولۇپ، باش-ئايىغى ئۇلاشمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىسى
بىمەنە گەپلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئاي، كۈنلىرىمۇ يېزىلمىغان.
لېكىن پەقەت ئىشلىتىلگەن سىيانىڭ ۋە يېزىق ئۇسلۇبىنىڭ ھەر
خىل بولغانلىقىدىن، ئۇنىڭ بىر ۋاقىتتا يېزىلمىغانلىقى مەلۇم
بولۇپ تۇراتتى. دوختۇرلارنىڭ تەتقىقاتىغا سۇنۇش ئۈچۈن،
مەن خاتىرىنىڭ گەپ-سۆزلىرى بىر-بىرىگە باغلىنىدىغان يەر-
لىرىنى تاللاپ ئېلىپ، بىر پارچە كىتاپ قىلىپ رەتلەپ چىق-
تىم. خاتىرىدە ئورنىغا چۈشمىگەن گەپ-سۆزلەرگە تەگمىدىم،
لېكىن ئۇنىڭدا يېزىلغان كىشىلەر نامى چىقمىغان سەھرا ئادەم-
لىرى بولسىمۇ، شەنىگە تەگمىسۇن ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى-
نى ئۆزگەرتىۋەتتىم. كىتاپنىڭ ئىسمىنى بولسا، خاتىرە ئىگىسى
كېسەلدىن ساقايغاندىن كېيىن قويغان ئىكەن، ئۆزگەرتمىدىم.

7-ژىلى 4-ئاينىڭ 2-كۈنى

# I

بۈگۈن ئاخشام ئاپپاق ئايدىڭ كېچە بولدى. مېنىڭ مۇن-
داق ئايدىڭ كېچىنى كۆرمىگىنىمگە 30 نەچچە ژىل بولغان
ئىدى. بۈگۈن كۆرۈپ كۆڭلۈم ئېچىلىپ كەتتى. ئوتكەن ئوتتۇز
نەچچە ژىلنىڭ ھەممىسى زۇلمەتتە ئوتكەنلىگىنى ئەمدى بىل-

دىم. شۇنداق بولسىمۇ ناھايىتى دىققەت قىلىش كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، جاۋنىڭ ئىتى نىمىشكە ماڭا قاراپ ئالىيدۇ؟

مېنىڭ قورقۇشۇم ئاساسسىز ئەمەس.

## II

بۈگۈن ئايدىڭ بولمىدى، مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس. سەھەردە ئېھتىيات بىلەن دەرۋازىدىن چىقتىم. جاۋگۇيۇڭنىڭ قارىشى باشقىچە: ئۇ ياكى مەندىن قورقتى، ياكى مېنى ئۆلتۈرمەكچى. يەنە 7 ــ 8 كىشى پىچىرلىشىپ مېنىڭ ھەققىمدە كۇسۇلداشماقتا. لېكىن مېنىڭ كۆرۈپ قېلىشىمدىن چۈچىمەكتە. ماڭا يولدا ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق. ئۇلارنىڭ بىرسى ــ ئەڭ ياۋۇزى ماڭا قاراپ چىشلىرىنى پاقىرىتىپ ھىجايدى. بۇنى كۆرۈپ، پۈتۈن ئەزايىم غۇژۇلداپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان تەييارلىق كۆرۈپ بولغانلىقىنى پەملىدىم.

لېكىن مەن قورقماستىن، ئۆز يولۇمغا مېڭىۋەردىم. ئالدىمدا بىر قانچە ئۇششاق باللارمۇ مېنىڭ ھەققىمدە پاراڭ قىلىشماقتا، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىمۇ جاۋگۇيۇڭغا ئوخشاش، رەڭگى ــ رويىمۇ تۆمۈرگە ئوخشاش كۆكىرىپ كېتىپتۇ. مەن، مېنىڭ ئۇششاق باللار بىلەن ھېچقانداق ئاداۋىتىم بولمىسا، ئۇلار نىمىشكە شۇنداق قىلىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم ۋە سەبرى قىلالماس-

تىن: «ئېيتىڭلارچۇ...!» دەپ ۋاقىرىۋەتتىم، لېكىن ئۇلار قېچىپ كېتىشتى.

مەن خىيال سۈرۈپ قالدىم: مەن جاۋگۇيۇڭنى قانداق رەنجىتكەندىمەن، يولدىكى كىشىلەرنى قانداق خاپا قىلىپ قويغاندىمەن؛ بۇندىن 20 ژىل ئىلگىرى گۈجۈ ئەپەندىنىڭ بىر كونا كىرىم ـ چىقىم دەپتىرىنى② تېپىۋەتكەن ئىدىم، بۇنىڭغا گۈجۈ ئەپەندى ناھايىتى خاپا بولغان ئىدى، جاۋگۇيۇڭ ئۇنى تونۇمىسىمۇ، لېكىن شۇ ئىشنى ئاڭلاپ قېلىپ، گۈجۈ ئەپەندى ئۈچۈن گىنە ساقلىغان بولسا كېرەك، يولدىكى كىشىلەرنىمۇ ماڭا ئۆچ قىلىپ قويغان بولسا كېرەك. لېكىن كىچىك باللارغا نىمە بولغاندۇ؟ ئۇ چاغدا بۇ باللار تېخى تۇغۇلمىغان ئىدى، نىمىشكە بۈگۈن ئۇلارمۇ ماڭا ئالىيىپ قارايدىغاندۇ؟ ياكى ئۇلار مەندىن قورقتى، ياكى بولمىسا مېنى ئۆلتۈرمەكچى. بۇ ئەھۋاللار مېنى چۈچۈتتى، ھەيران قالدۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قايغۇغا چۈشۈرۈپ قويدى.

چۈشەندىم. بۇنى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆگەتكەن!

## III

كېچىچە زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. ھەر قانداق ئىشنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش كېرەك، شۇ چاغدىلا چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ بويۇنلىرىغا ئامبال تاقاق سالغان، بەزى-

سىنىڭ يۈزلىرىگە پومپىششكىلار كاچات ئۇرغان، بەزىسىنىڭ خوتۇنلىرىنى دورغىلار (يايىلار) تارتىۋالغان، بەزىسىنىڭ ئاتا-ئانىسى جازانىخورلارنىڭ زۇلمىدىن ئۆلۈپ كەتكەن؛ ئۇلارنىڭ ئۇ چاغدىكى رەڭگى-روپى تۈنۈگۈنكىدەك قورقۇنۇچلۇق ئەمەس ئىدى، كورۇنۇشمۇ ئۇنچە ياۋۇز ئەمەس ئىدى.

ماڭا ھەممىدىن بەكرەك ئاجايىپ بىلىنگىنى تۈنۈگۈن كوچىدا ئۇچراتقان ھېلىقى ئايال بولدى. ئۇ بالىسىنى ئۇرۇۋېتىپ: «خەپ توختاپ تۇر! سېنىڭ بىر نەچچە يېرىڭدىن چىشلەپ ئالمىغىچە دەردىم چىقمايدۇ!» — دېدى، لېكىن ئۇنىڭ كوزى-مەندە ئىدى. مەن چۈچۈپ كەتتىم ۋە چۈچىگەنلىگىمنى يوشۇرالمىدىم. ھېلىقى چىشلىرىنى غىچىرلىتىپ تۇرغان بەت — بەشىرە ئادەملەر قاقاخلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. چىڭلاۋئۇ يېتىپ كېلىپ، مېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەتتى.

ئۆيگە كەلدىم. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى تونۇماس بولۇۋالدى، ئۇلارنىڭ ماڭا قارىشىمۇ يات كىشىلەرگە ئوخشاش ئىدى. ئىش بولمەمگە كىرگەندىن كېيىن، خۇددى بىرەر توخۇ ياكى ئوردەكنى سولاپ قويغاندەك، ئىشىكنى تېشىدىن زەنجىرلەپ قويدى. بۇ ۋەقەنىڭ تېگىگە زادىلا چۈشۈنەلمىدىم.

بۇندىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى لاڭزى كەنتىدىكى ئورتاقچىمىز قەھەتچىلىكتىن خەۋەر بېرىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇ ئاكامغا، كەنتىمىزدە بىر زالىمنى خەلق ئۇرۇپ ئولتۇرۇۋەتتى، بىر نەچچە

كىشى ژۇرىگىمىز يوغۇنايدۇ دەپ ئۇنىڭ ژۇرىگىنى يېرىپ ئېلىپ ياغدا قورۇپ يېدى، دەپ ھىكايە قىلىپ بەردى. مەنمۇ پاراڭغا ئارىلىشىپ بىر ـ ئىككى ئېغىز سوز قاتـقان ئىدىم، ئورتاقچىمىز بىلەن ئاكام ماڭا ھومۇيۇپ قويغان ئىدى. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ قارىشىنىڭمۇ تالادىكى ھېلىقى ئادەملەر بىـلەن تامام بىر ئىكەنـلىگىنى چۇشەندىم.

بۇنى ئويلىسام، پۇتۇن ئەزايىم غۇژۇلداپ كېتىدۇ.

ئۇلارنىـڭ ئادەم يېيىشى مۇمكۇن، مېـنى يەپ كېتىشىمۇ تۇرغان گەپ.

قاراڭلار! ھېلىقى ئايالنىڭ «بىر نەچچە يېرىڭدىن چىشلەپ ئالمىغىچە» دىگەن گەپلىرى، چىشلىرىـنى غىچىرلىتىپ تۇرغان بەت ـ بىشىرە كىشىلەر، ئورتاقچىمىزنىڭ بۇندىن بىر نەچچە كۇن ئىلگىرى قىلغان سوزلىرى، روشەنكى، ھەممىسى كىنايە ـ دارىـتمىش. پەملەپ بولدۇم، ئۇنىڭ سوزى ــ تامامەن ئوغا، ھىجىيىشى ــ تامامەن خەنجەر؛ ئۇلارنىڭ قاتار ـ قاتار تۇرغان ئاپپاق چىشلىرى ئادەم يەيدىغان ئەسۋاپ.

ئوزەمـنى ئالسام، مەن ياۋۇز بولمـساممۇ، لىـكىن گوجۇ ئەپەندىنىڭ كىرىم ـ چىقىم دەپتىرىنى تېپىۋەتكەنـدىن كېيىن، ئىش چاتاق بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ نىيىتى يامانراق كورۇنىدۇ، لېكىن پەملەپ تىگىگە يېتەلـمەيمەن. ئېھتىمال، ئۇلار يۇزىـنى ئورۇپلا، مېنى ياۋۇزلار قاتارىغا چىقىرىۋەتكەن بولۇشى مۇمكۇن.

مېنىڭ يادىمدا بار ، ئاكام بىر ۋاختىلاردا ماڭا ماقالە يېزىشنى ئۆگەتكەن ئىدى. ئۇ چاغدا ھەر قانداق ياخشى ئادەم بولسۇن، ئۇنى يامانلاپ يازسام، ئاكام ياخشى باھا قوياتتى. يامان ئادەملەر ھەققىدە بىر نەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويسام «سەندە باشقىلاردا ناھايىتى كام ئۇچرايدىغان ماھارەت بار» دەيتتى.

ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىنىڭ، بولۇپمۇ ئادەم يەيدىغان چاغدىكى مۇددىئاسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي؟

ھەر قانداق ئىشنى ئوبدان تەتقىق قىلغاندىلا چۈشۈنىۋالغىلى بولۇدۇ. قېدىمدىن تارتىپ ئادەم يەيدىغان ئىشنىڭ بارلىغىنى بىلسەممۇ، لېكىن يادىمدا ئانچە روشەن قالماپتۇ، ئېنىقلاپ كورەي دەپ تارىخنى ۋاراقلاپ قارىسام، ئۇ تارىخنىڭ ژىلـ لىرى يېزىلماپتۇ. لېكىن ھەر بىر ۋارىقىغا «ۋاپا» ، «ئىنساپ»، «ئەخلاق» ، «ساخاۋەت» دېگەن خەتلەر ئەگرى ـ بۈگرى يېزىلىق تۇرۇپتۇ. زادىلا ئۇخلىيالمىدىم، تارىخنى تۈن ھەسسىسىگىچە دىققەت بىلەن ئوقۇغاندىن كېيىن خەتلەرنىڭ ئارىلىغىدا، پۈتۈن كىتاپ بويىچە يېزىلىق تۇرغان «ئادەم يېيىش» دېگەن خەتنى كوردۇم!

كىتاپتا ئەنە شۇنداق نۇرغۇن خەتلەر يېزىلىق تۇرۇدۇ؛ ئورتاقچىمىز ھېلىقىدەك بىر مۇنچە گەپ سوزلەرنى قىلدى، ھەممىسى ھىجىيىپ ماڭا تەنە بىلەن قاراشماقتا.

مەنمۇ ئادەم، ئۇلار مېنى يەۋەتمەكچى!

## IV

سەھەردە، بىردەم شۈك ئولتۇردۇم. چىڭلاۋئۇ ناشتىلىق ئۈچۈن بىر چىنە سەي، بىر چىنە دۇملەپ پۇشۇرۇلغان بىلىق ئېلىپ كىردى. بۇ بىلىقنىڭ كوزى ئاق، لېكىن قاتمال ئىدى، ئاغزىمۇ ھېلىقى ئادەم يېگۈچىلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئۈچۈق تۇراتتى. بىر نەچچە چوكا قىسىپ ئېلىپ يېدىم. گېلىمدىن سىلىق ئوتتى، ئۇ بىلىق گوشىمىدىكى ياكى ئادەم گوشىمىدىكى ئايرالماي، يېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قۇسۇۋەتتىم.

— لاۋئۇ، — دېدىم، — ئاكامغا ئېيتىپ قوي، ئىچىم بەك پۇشۇپ كەتتى، ھويلىغا چىققۇم كېلىۋاتىدۇ. — لاۋئۇ جاۋاپ بەرمەستىن چىقىپ كەتتى. لېكىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە كېلىپ، ئىشىكنى ئېچىۋەتتى.

ئورنۇمدىن قوزغالمىدىم. ئۇلارنىڭ مېنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى پەملەشكە كىرىشتىم. ئۇلارنىڭ مېنى بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. دەرۋەقە، ئاكام بىر قېرىنى باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ ئەپتى - بېشىرىسىدىن ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ كورۇپ قېلىشىمدىن قورقۇپ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، كوز ئەينىكىنىڭ قىرىدىن ماڭا مارىلاپ قارىدى.

ئاكام مەندىن سورىدى:

— بۇگۈن خېلى ياخشى بوپ قالغاندەك تۇرىسەن؟

— ھەئە، شۇنداق.— دېدىم.

— بۇگۈن تېۋىپ خە ئەپەندىسىنى تەكلىپ قىلىپ كەلدىم، كورۇپ باقسۇن.— دېدى.

— بولۇدۇ!— دېدىم.

ھەقىقەتتە، كاشكى، مەن بۇ قىزنىڭ جاللات ئىكەنلىگىنى بىلمىگەن بولسام! ئۇ بۇگۈن تومۇر تۇتۇمەن دېگەن باھانە بىلەن مېنىڭ ئورۇق-سېمىزلىگىمنى بايقىماقچى ۋە بۇ خىزمىتى ئۈچۈن بىرەر توغرام گوشۇمنى ئېلىپ يېمەكچى، مەنىمۇ قورقىمدىم. مەن ئادەم يېمىگەن بولسامۇ، ژۇرۇگۇم ئۇلارنىڭدىن توق ئىدى. ئۇنىڭ قانداق قىلىدىغانلىغىنى كورۇش ئۈچۈن، ئىككى مۇشتۇمنى چىقىرىپ بەردىم. چال ئولتۇرۇپ، كوزىنى ژۇمدى-دە تومۇرۇمنى تۇتۇپ، بىردەم جىم بولۇپ قالدى. ئاندىن كېيىن شۇملۇق چىقىپ تۇرغان كوزىنى ئېچىپ سوزلىدى:

— ھېچنەرسىنى ئويلىماڭ، بىر نەچچە كۈن جىم يېتىپ ئارام ئالسىڭىز، ئوڭلىنىپ كېتىسىز.

ھېچنەرسىنى ئويلىماڭ، جىم يېتىپ دەم ئېلىڭمىش! جىم يېتىپ سەمرىسەم، كوپرەك يېمەكچىدە. ماڭا نىمە پايدىسى بار. قاندىغىنىسگە «ئوڭلىنىپ» قالدىكەنمەن؟ ئۇلارنىڭ ئادەم يېگۈسى بار، لېكىن يەنە مۇغەمبەرلىك قىلىپ، بۇ نىيىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ، توپ-توغرى قول سېلىشقا پېتىنالمايدۇ. بۇ ھال مېنىڭ قاتتىق كۇلكەمنى كەلتۇردى. چىداپ تۇرالماي قاقاخلاپ

كۇلىۋەتتىم ۋە بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ھوزۇرلاندىم. بۇ كۇلكەمدە غەيرەت ۋە جاسارەتنىڭ بارلىغىنى ئوزەم بىلمەمەن. قېرى بىلەن ئاكامنىڭ رەڭگى ئوڭدى، ئۇلار مېنىڭ بۇ غەيرىتىم ۋە جاسارىتىمدىن قورقۇپ كەتتى.

لېكىن مېنىڭ غەيرىتىم ئاشقانسىرى، ئۇلارنىڭ مېنى يېيىش ھەۋەسىمۇ كۇچەيدى، چۇنكى ئۇلار مېنىڭ غەيرىتىمدىن بىر ئاز بولسىمۇ نەپ ئالماقچىدە. قېرى ئىشىكتىن چىقىپ، بىر ئاز مېڭىپلا ئاكامغا: «دەرھال يەۋېتىڭلار!» دەپ پىچىرلىدى. ئاكامۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. مانا قاراڭلار، ئادەم يېگۇچىلەر قاتارىدا ئاكامۇ بار ئىكەن تېخى! بۇ ۋەقە كوڭلۇمدە پۇكۇگلۇك بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇچۇن زور كەشپىيات بولدى. مېنى يېيىشكە ئاكامۇ شېرىك ئىكەن!

ئاكام ئادەم يەيدىكەن!

مەن ئادەم يېگۇچىنىڭ ئىنىسى ئىكەنمەن!

ئوزەم يېيىلىپ كەتسەممۇ، لېكىن يەنە ئادەم يەيدىغان ئادەمنىڭ ئىنىسى بولۇدىكەنمەن!

## ٧

كېيىنكى بىر نەچچە كۇندىن بۇيان، ئوزەمنىڭ دەسلەپكى پەرەزلىرىمدىن بىر ئاز يېنىپ، مۇنداق ئويلاپ كوردۇم: ھېلىقى قېرى جاللات بولماستىن، ھەقىقەتەن تېۋىپ بولغان تەقدىردىمۇ،

يەنە ئادەم يەيدىغان ئادەم. ئۇلارنىڭ پىرى لى‌شىجىن يازغان «مەھەللى ئوت ــ چۆپلەر...»[3] دېگەن كىتاپتا ئادەم گۆشىنى پۇشۇرۇپ يېگىلى بولىدۇ، دەپ ئۇچۇق يېزىلغان. شۇ يېرىدىن تەلىم ئالغان قىرى ئادەم گۆشى يېمەيمەن دېيەلەمدۇ؟

ئاكامغا كەلسەم، ئۇنىمۇ ناھەق ئەيىپلىمەيمەن. ئۇ ماڭا دەرس بەرگەن چاغدا، ئۆز ئاغزى بىلەن «بالىلارنى تېگىشىپ يېسە بولىدۇ»[4] دېگەن ئىدى. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بىر يامان ئادەمنىڭ گېپى بولغاندا، ئاكام ئۇنى ئۆلتۈرۈشلا ئەمەس، بەلكى «گۆشىنى يەپ، تېرىسىدە ئۇخلاش» كېرەك دېگەن. ئۇ چاغدا مەن تېخى كۆدەك ئىدىم، شۇڭا خېلى ۋاقىتقىچە ژۈرۈگۈم پوكۇلداپ كەتكەن ئىدى. ئىلگىركى كۈنى ئورتاقچىمىز كېلىپ، ئادەم ژۈرىكىنى يېگەن بىر ۋەقەنى ھېكايە قىلغاندا، ئاكام ھەيران بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ھەدەپ بېشىنى لىڭشىتتى. دېمەك، ئۇنىڭ نىيىتى ئىلگىركىدەكلا ياۋۇز ئىكەن. «ئۆز بالىسىنى تېگىشىپ يەۋېتىش» مۇمكىن بولغان يەردە، باشقا ھەر قانداق نەرسىنى تېگىشىش، ھەر قانداق ئادەمنى يەۋېتىش مۇمكىن ئوخشايدۇ. مەن ئىلگىركى چاغلاردا ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئادالەت توغرىسىدىكى گەپلەرنى كوپ ئاڭلايتتىم، لېكىن كۆدەكلىك قىلىپ ژۈرىۋېرىپتىكەنمەن، مانا ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن: ئۇ ئادالەت توغرىسىدا گەپ ــ سوز قىلغاندا، كالپۇكلىرىدىن ئادەم يېغى بۇژغۇراپ تۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، ژۈرىكىمۇ ئادەم يېيىش

نىيتى بىلەن تولۇپ تۇرغان ئىكەن ـ دە.

## VI

قاپ ـ قاراڭغۇچۇلۇق؛ كۈندۈزمۇ ـ تۈنمۇ، ئايرىغىلى بولمايدۇ. جاۋ هويلىسىدىكى ئىت يەنە قاۋىغىلى تۇردى.

شىرغا ئوخشاش رەھىمسىزلىك، توشقانغا ئوخشاش قورقۇنچاقلىق، تۈلكىگە ئوخشاش ھىلىگەرلىك...

## VII

ئۇلارنىڭ ھىلە ـ مىكىرلىرىنى بىلىمەن، ئۇلار توپ ـ توغرى ئولتۇرۇشنى خالىمايدۇ، ئاپەت تېگىشتىن قورقۇپ، توپ ـ توغرى ئولتۇرۇشقىمۇ پېتىنالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، تۇزاقنى قۇرۇپ قويدى، مېنى ئوزەمنى ئوزەم ئولتۇرۇشكە مەجبۇر قىلماقچى. ئالدىنقى كۈنلەردە رەستىدە ئۇچرىغان ئەركەكلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئەپتىدىن، ئاكامنىڭ بۇ بىر نەچچە كۈندىكى قىلىقلىرىدىن ئۇلارنىڭ بۇ غەرىزىنى سەكسەن ـ توقسەن پىروتسېنت پەملەپ بولدۇم. ئۇلار ئۇچۇن ئەڭ ياخشىسى، بەلۋېغىمنى يېشىپ، تورۇسقا ئېسىلىپ ئولىۋالسام؛ ئۇلار قاتىل دېگەن جىنايەتكىمۇ قالمىسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە مىرادىغا يەتسە؛ تەبىكى، خوشاللىقىدىن بېشى ئاسمانغا يەتسە ۋە قوۋۇزى تولغىدەك كۈلۈۋالسا، ياكى ھۇركۇتۇپ ـ چۇچۇتۇپ، غەم ـ قايغۇغا

سېلىپ ئولتۇرسە، بۇنىڭدا بىر ئاز ئورۇۋقلاپ كەتسەممۇ، لېكىن قانائەت ھاسىل قىلىپ، مىرادىغا يەتسە.

ئۇلار ئولۇكىنىڭ گوشىنى يېيىشنىلا بىلىدۇ! ئېيسىدە قېلىشىچە، قاندا قتۇر بىر كىتاپتا «كېپىنا»⑤ دېگەن بىرمەخلۇق-نىڭ بارلىغىنى ئوقۇغان ئىدىم. ئۇنىڭ كوزى ۋە تاشقى كورۇ-نىشى ناھايىتى قەبىھ ئىكەن، ئۇ ھېمىشە ئولگەن نەرسىلەرنىڭ گوشىنى يەيدىكەن، ھەتتا يوغان-يوغان سۇڭەكلەرنىمۇ چاينا پ تالقا ندەك قىلىپ ژۇتۇۋېتىدىكەن، شۇ ئېيسىمگە چۈشسە قورققۇم كېلىدۇ. «كېپىنا» بورى نەسلىگە كىرىدىكەن، بورى بولسا، ئىت ئائىلىسىگە كىرىدۇ. ئالدىنقى كۇنى جاۋ ھويلىسىدىكى ئىت ماڭا مارىلاپ قاراپ قويدى. پەمىمچە، ئۇمۇ شىرىك ئىكەن، ئۇلار ئاللىقاچان تىل بىرىكتۇرۇۋالغان ئىكەن. قېرى يەرگە قارىۋالغان بىلەن، سىرىنى مەندىن يوشۇرالارمىدى.

ھەممىدىن بەكرەك ئاكامغا ئېچىنىمەن. ئۇمۇ ئادەم، ئۇ نېمىشكە قورۇقمايدىغاندۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە شىرىك بولۇپ مېنى يېمەكچى بولىۋاتىدۇ؟ ئۇنىڭغا ئادەم يېمىسە بولمايدىغان ئادەت سىڭىپ كەتكەندىمۇ؟ ياكى ۋىژدانىنى يوقۇتۇپ، بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلىۋاتامدىغاندۇ؟

ئادەم يېگۇچىلەرگە لەنەت، ھەممىدىن ئاۋال ئاكامغا لەنەت! ئادەم يېگۇچىلەرنى يامان يولدىن يېنىشقا ئۇندەيمەن، ھەممە-دىن ئاۋال ئاكامنى ئۇندەيمەن.

## VIII

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ھەقىقەتنى ھازىر ئۇلارمۇ چۈشەنگەن بولۇشى لازىم.

بىردىنلا بىراۋ كىرىپ كەلدى: ئۇنىڭ يېشى تېخى 20 دىن ئاشمىغان، ئۇنىڭ قىياپىتىنى ئانچە روشەن كورەلمىدىم. ئوزى كۆلۈمسىرەپ، ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇنىڭ كۆلكىسى راس كۆلكىگە ئوخشىمايتتى.

مەن ئۇنىڭدىن سورىۋىدىم:

— ئادەم يېيىش توغرى ئىشمۇ؟

ئۇ يەنە كولۈمسىرەپ تۇرۇپ سوزلىدى:

— قەھەتچىلىك ژىلى بولمىسا نىمشكە ئادەم يەيدىكەن؟

دەرھال چۈشەندىم، ئۇمۇ شېرىك ئىكەن، ئادەم يېيىشنى ياخشى كورىدىكەن. شۇڭا مېنىڭ غەيرىتىم يەنە يۈز ھەسسە ئاشتى. سوزۈمدىن قالماستىن يەنە سورۇدۇم:

— توغرى ئىشمۇ؟

— بۇنداق ئىشلارنى سوراپ نىمە قىلىسىز؟ چاخچاقچىقا... راستىن ئۇستىكەنسىز... بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى ياخشى.

— ھاۋانىڭ ياخشىلىقىمۇ ياخشى؛ ئايمۇ ئاپپاق ئايدىڭ. لېكىن مەن سەندىن سوراۋاتىمەن: «توغرى ئىشمۇ؟»

ئۇ تېگىر قاپ قېلىپ: «ياق...» دەپ مۇجمەل جاۋاپ بەردى.

— ياق؟ ئۇنداق بولسا ئۇلار نىمىشكە يەيدۇ؟!

— ئۇنداق ئىش بولمىغان...

— ئۇنداق ئىش بولمىغان؟ لاڭزا كەتتىدىكىلەر يەپتۇ، كىتاپتىمۇ يېزىقلىق تۇرۇدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېنىق گەپ!

ئۇنىڭ رەڭگى تاتىرىپ-كوكۇرۇپ كەتتى. ئۇ كوزىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ:

— ئۇنداق ئىش بولسىمۇ بولغاندۇ، ئەزەلدىن تارتىپ شۇنداق...— دېدى.

— ئەزەلدىن تارتىپ شۇنداق بولسا توغرى بولامدۇ؟

— مەن ساڭا بۇنىڭ سەۋەپلىرىنى سوزلەپ ئولتۇرمايمەن. قىسقىسى، سەن بۇنداق گەپلەرنى ئاغزىڭغا ئالما. ئالساڭ خاتالىشىسەن!

مەن كوزۇمنى يوغان ئېچىپ، ئورنۇمدىن دىككىدە تۇرغان ئىدىم، ئۇ ئادەم ئاگغىچە كوزدىن غايىپ بولدى. پۇتۇن ئەزايىمنى قارا تەر بېسىپ كەتتى. ئۇنىڭ يېشى ئاكامدىن كىچىك بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشقا ئۇمۇ شېرىك ئىكەن. ئۇنىڭغا ئاتا-ئانىسى ئوگەتكەن بولسا كېرەك. ئۇ تېخى ئوز ئوغلىغىمۇ ئوگىتىپ قويغان بولمىغىدى. شۇڭا كىچىك باللارمۇ ماڭا قانخورلاردەك قارايدۇ.

## IX

ئوزى ئادەم يېمەكچى، لېكىن يەنە ئوزىنىڭ يېيىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، بىر ــ بىرىگە ناھايىتى گۇمانلىق كوز بىلەن قارىشىدۇ...

شۇ نىيەتتىن ۋاز كېچىپ، خاتىرجەم ئوز ئىشىنى قىلسا، ئوز يولىغا ماڭسا، غىزاسىنى يېسە، ئۇيقۇسىنى ئۇخلىسا، ــ نىمە دېگەن چوڭ راھەت بولغان بولاتتى. بۇ پەقەت بىرلا قەدەم ئاتلاش بىلەن ئوتتۇپ كەتكىلى بولۇدىغان بىر بوسۇغا، بىر قىر ئىدى. لېكىن ئۇلار ــ ئاتا ــ بالا، ئاكا ــ ئۇكا، ئەر ــ خوتۇن، يارى ــ بۇرادەر، ئۇستاز ــ شاگرت، دۇشمەن ۋە يات كىشىلەر شېرىك بولۇپ ئېلىشىپ، بىر-بىرىنى روھلاندۇرۇپ، بىر-بىرىنى تارتىشىپ، بۇ قەدەمنى ئاتلاشقا ئولىسمۇ ئۇنۇمايدۇ.

## X

سەھەردە ئاكامنى ئىزدەپ چىقتىم؛ ئۇ ھويلىدا ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ، دالان ئوينىڭ ئىشىك تەرىپىنى توساپ، ناھايىتى ئېغىر بېسىقلىق، مۇلايىملىق بىلەن سوزلىدىم:

ــ ئاكا، سىزگە گېپىم بار ئىدى.

ــ گېپىڭ بولسا ئېيت، ــ ئۇ دەرھال ماڭا قاراپ، بېشىنى لىڭشىتتى.

— بىر نەچچە ئېغىزلا گېپىم بار، لېكىن ئاغزىمدىن چىقىرالمايۋاتىمەن. ئاكا، زامانى ئەۋۋەلدە، ئېھتىمال ياۋايى ئادەملەر ئادەم يېگەن بولسا كېرەك. كېيىنكى چاغلاردا كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىغاچقا، بەزىلەر ئادەم يېمەيدىغان بولۇپ، ئۆزىنى تاكاممۇللاشتۇرۇش يولىغا كىرىپ، ئادەمگە — ھەقىقىي ئادەمگە ئايلىنىپتۇ. بەزىلەر، خۇددى قۇرۇتقا ئوخشاش، تېخىچە ئادەم يېمەكتە: بەزىلىرى بېلىققا، ئۇچار قاناتقا، مايمۇنغا، ئاخىرى ئادەمگە ئايلانغان. بەزىلەر ئۆزىنى تاكاممۇللاشتۇرۇشنى خالىماي تا ھازىرغىچە قۇرۇت ھالىدا تۇرماقتا. ئادەم يەيدىغانلار ئادەم يېمەيدىغانلارغا قارىغاندا نىمە دېگەن شەرمەندە! ھەتتا قۇرۇتمۇ مايمۇن ئالدىدا ئۇلارچىلىق شەرمەندە ئەمەستۇ.

يىيا[6] ئۆزىنىڭ ئوغلىنى جىيە بىلەن جۇ[7]غا كاۋاپ قىلىپ بەرگەن. بۇ ئىلگىرى ئوتكەن ۋەقە. پەنگو[8] ئاسمان بىلەن يەرنى ئاجرىتىۋەتكەندىن كېيىن، يىيانىڭ ئوغلى يېيىلگەنگىچە، يىيانىڭ ئوغلىدىن تارتىپ شۈي شىلىڭگىچە[9]، ئۇنىڭدىن تارتىپ تا لاڭزى كەنتىدە تۇتۇلغان ئادەمگىچە، قانچىلىغان كىشىلەر يېيىلىپ كەتكەنلىكىنى كىم بىلسۇن. بۇلتۇر شەھەردە بىر گۇناكار ئولتۇرۇلسە، ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئاغرىغان بىر ئادەم ئۇنىڭ قېنىنى ھورنانغا مىلەپ يەپتۇ.

ئۇلار مېنى يەۋەتمەكچى، يالغۇز سىز، بۇنىڭغا بىرەر ئامالمۇ قىلالمايسىز. لېكىن ئۇلارغا شېرىك بولۇشنىڭ نىمە ھاجىتى بار؟

ئادەم يېگۈچىلەر نىملەرنى قىلمايدۇ؟ مېنى يېگەن ئادەم، سىز-
نىمۇ يەۋېتىشى مۇمكۈن، ئۆز شېرىكلىرىنى يەۋېتىشىمۇ مۇمكۈن.
لېكىن شۇ يولدىن قايتسىڭىز، بۇ پەيلىڭىزنى دەرھال ئۆزگەرت-
سىڭىز، ھەممە ئادەم ئامان قالىدۇ. ئەزەلدىن تارتىپ شۇنداق
ئادەت بولسىمۇ، بۈگۈن بىز بۇ ئادەتنى بۇزۇپ، ياخشى يولغا
ماڭساق، بولمامدىكەن! ئاكا، سىزنىڭ ئادەم يېگىلى «بولمايدۇ»
دېيەلىشىڭىزگە ئىشىنىمەن. ئالدىنقى كۈنلەردە ئورتاقچىلار
ئىجارە ھەققىنى ئازايتىۋېتىڭ دېسە، سىز «بولمايدۇ»
دېدىڭىزغۇ.

دەسلەپتە ئۇ سوغۇق كۈلدى، كېيىن ئۇنىڭ كوزىدىن ياۋۇز-
لۇق ئالامەتلىرى كۆرۈندى. سوزۇم تازا يېغىرىغا تەككەندە،
ئۇنىڭ پۈتۈن چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. دەرۋازا تېشىدا بىر
مۇنچە ئادەم تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جاۋگۇيۇنىڭ ۋە ئىتىمۇ
بار ئىدى، ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەممىسى دارۋازىدىن مارىشىپ
كىرىشتى. بەزىسىنىڭ چىرايىنى پەرق قىلالمىدىم. ئۇلار يۈزىنى
رەخت بىلەن ئوراۋالغاندەك كۆرۈندى؛ بەزىسى چىشلىرىنى
غىچىرلىتىپ، ئاغزىنى كالچايتىپ ھىجايماقتا. ئۇلارنىڭ بىر شېرىك
ئىكەنلىكىنى، ھەممىسىنىڭ ئادەم يېگۈچى ئىكەنلىكىنى پەملى-
ۋالدىم. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كوز قاراشلىرىنىڭ ئوخ-
شاش ئەمەسلىكىنى بىلىمەن. بىر تۈرلۈكى، ئەزەلدىن شۇنداق،
ئادەم گوشىنى يېيىش كېرەك دەيدۇ؛ بىر تۈرلۈكى، ئادەم گوشىنى

يېيىشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، يەنە يېگۈسى كېلىدۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، باشقىلارنىڭ ئاشكارە قىلىپ قويۇشىدىن قورقۇدۇ. شۇڭا مېنىڭ سوزۇمنى ئاڭلاپ، بارغانسىرى جەھلى قاتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئاغزىنى كالچايتىپ، سوغۇق كۈلۈپ قويدى.

شۇ چاغدا ئاكاممۇ تېلەتىنى بۇزۇپ ۋاقىرىدى:

— ھەممەڭ چىقىپ كېتىش! ساراڭغا قارىغاندىن نىمە پايدا چىقىدۇ!

ھە، مەن ئەمدى ئۇلارنىڭ يەنە بىر ھىلە-مىكرىنى بىلىۋالدىم. ئۇلار يامان نىيىتىنى ئوزگەرتىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئالللقاچان تەييارلىق كوروۇپ قويغان ئىكەن. ئۇلار ماڭا ساراڭ دېگەن نامنى چاپلىماقچى. شۇنىڭ بىلەن مېنى يەپ بىرەر بالاغا گىرىپتار بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ «ساراڭنى يەپ خويما ياخشى ئىش قىپتۇ» دېگەن ھىسداشلىقىغا ئېگە بولماقچى. ئورتاقچىمىزنىڭ بىر زالىمنى يەۋەتتۇك دېگەن ھىكايىسىمۇ، ئۇلارنىڭ دەل ئەنە شۇ ئۇسۇلدىن پايدىلانغانلىقىنى كورسۇتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ كونا ئۇسۇلى!

چىڭ لاۋئۇمۇ غەزەپ بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەر قانداق قىلغان بىلەنمۇ مېنىڭ ئاغزىمنى توسالمىدى. مەن ئۇلارغا سوزلەۋەدىم:

— نىيىتىڭلارنى ئوزگەرتىڭلەر، چىن دىلىڭلار بىلەن ئوزگەر-

تىگىلەر! شۇنى بىلسەڭلەر بولۇدۇ: كەلگۈسىدە ئادەم يەيدىغانلار دۇنيادا ياشالمايدۇ. بۇ نىيىتىڭلارنى ئوزگەرتمەيدىكەنسىلەر، ئوزەڭلەرمۇ يېيىلىپ تۈگەيسىلەر. سىلەردەك كۆپ تۇغۇلۇپ تۇرسىمۇ، ھەقىقىي ئىنسانلار قولىدا، خۇددى ئوۋچىلار بورىلەرنى ئېتىپ تۈگەتكەنىدەك، تۈگەيسىلەر، قۇرۇتقا ئوخشاش ھالاك بولىسىلەر!

چىڭلاۋئۇ ھېلىقى بىر توپ ئادەمنى قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. ئاكاممۇ نەگىدۇ — يوقالدى. چىڭلاۋئۇ مېنى ئۆيگە قايتۇردى. ئۆينىڭ ئىچى قاپ - قاراڭغۇ، لىم ۋە ۋاسىلار بېشىمدا تىترىگىلى تۇردى، يوغىنىغىلى تۇردى، ئۈستۈمگە چۈشۈپ، مېنى بېسىۋالدى.

ناھايىتى ئېغىر، قىمىرلىيالمىدىم. مۇنداق بېسىشتىن مەخسەت مېنى ئۆلۈۋال دېمەكچى. لېكىن مەن ئۇ ئېغىرلىقنىڭ يالغانلىقىنى بىلىمەن، شۇڭا تىركەشتىم، قارا تەرگە چۈشۈپ كەتتىم. شۇنداق تۇرۇپمۇ سوزلىدىم:

— دەرھال نىيىتىڭلەرنى ئوزگەرتىڭلەر! چىن دىلىڭلاردىن ئوزگەرتىڭلەر! شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، كەلگۈسىدە ئادەم يېگۈچىلەرگە يول قويۇلمايدۇ...

## XI

كۈنمۇ چىقمىدى، ئىشىكمۇ ئېچىلمىدى. ھەر كۈنى ئىككى

ۋاخىت غىزا.

قولۇمغا چوكىنى ئېلىش بىلەن ئاكام يادىمغا چۈشۈدۇ. سىگـ ـلىمنىگمۇ شۇنىڭ كاساپىتى بىلەن ئولگەنلىگىنى بىلدىم. ئۇچاغدا سىگلىم ئاران بەش ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇماق، ئايانچلىق قىياـ پىتى كوزئالدىمـدىن زادى كەتمەيـدۇ. ئانامـنىڭ ژىغـىسى بېسلمىدى. ئاكام ئەكسىنچە ئانامنى ژىغلىـما دەپ بەزلىدى. سىگلىمنى ئاكامنىڭ ئوزى يەۋەتكەشكە، ئانام ژىغلىسا ئۇ بىرئاز ئوگايسىزلانسا كېرەك. ئەگەر ئوگايسىزلىنىدىغان بولسا،...

سىگلىمنى ئاكام يەۋەتتى، بۇنى ئانامنىڭ بىلىدىغان، بىلمەيـ ـدىغانلىغى ماگا نامەلۇم.

ئانامۇ بىلسە كېرەك. بىراق، ژىغلىغان ۋاختىدا زادىلا ئېيتـ ـمىدى. ئېهتىمال، يەۋېتىش پەرز دەپ ئويلىسا كېرەك. ئېسىمـ ـدە قېلىشىـچە، تورت ـ بەش ياش چاغلىرىمـدا بولسا كېرەك، سەينادا سالقىنداپ ئولتۇراتـتىم. ئاكام: ئاتا ـ ئانىسى ئاغـرىپ قالسا، بالىسى ئوزىنىڭ بەدىنىدىن بىرەر توغـرام گوشنى كېـ سىپ ، پـۇشۇرۇپ ئاتا ـ ئانىسىغا يېگۈزۈش كېـرەك، شۇنـداق قىلىغاندا ياخشى ئادەم بولۇپ سانىلىدۇ ، دېگەن ئىدى. ئانامۇ مۇنداق قىلـىش يارىمايدۇ دېـمىگەن ئىدى. بىرەر توغرامنى يېگىلى بولىغان يەردە، پۇتۇنلەي يەۋېتىش تەبىي. لېكىن شۇ چاغـ ـدىكى ژىغى ـ زارىنى هازىر ئويلىسام، ئىچىم ئورتىلىپ كېتىدۇ. بۇ هەقىقەتەن ئاجايىپ بىر ئىش!

## XII

ئويلۇغۇچىلىگىم قالمىدى.

ئەمدى چۈشەندىم، تورت مىڭ ژىلدىن بۇيان ھېمىشە ئادەم يەپ كېلىۋاتقان جايدا، مەنمۇ بىر قانچە ژىللار تۇرۇۋېتىمەن. ئاكام ئوي ئىشىگە خۇجايىنلىق قىلىۋاتقان چاغدا سىڭلىم ئولۇپ كەتتى. ئۇ سىڭلىمنىڭ گوشىنى ئاش تاماققا ئارىلاشتۇرۇۋېپ، تۇيدۇرماستىن بىزگىمۇ يېگۈزۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكۈن.

مەن سىڭلىمنىڭ بىر قانچە توغرام گوشىنى بىلمەستىن يەپ سالغان بولسام كېرەك؛ مانا ئەمدى نوۋەت ئۆزەمگە كەلدى...

تورت مىڭ ژىلدىن بۇيان ئادەم يېگەنلىك سەرگۈزەشتىسىگە ئىگە بولغان مەن، دەسلەپتە بىلمىگەن بولسامىمۇ، مانا ئەمدى بىلدىم، ھەقىقىي ئىنسانلارغا قاراشقا يۈزۈم چىدىمايدۇ!

## XIII

ئادەم گوشىنى يېمىگەن باللارمۇ بارمىدۇ؟

باللارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار...

ژىل ئاپرېل.1918 –

# كۈك يەنجى

لۈجىڭ بازىرىدىكى مەيخانىلار باشقا يەردىكىلەرگە قارىغاندا ئالاھىدە بىر خۇسۇسىيەتكە ئىگە. دۇكان ئالدىدىكى يېرىم دۈگىلەك يوغان پوكەي كوچىغا چىقىپ تۇرۇدۇ، پوكەينىڭ ئىچكى تەرىپىدە دايىم قايناق سۇ تەييار. بۇ يەردىن ھېمىشەم ئىسسىتقان ھاراق ئېلىشقا بولۇدۇ. چۈشلىگى ۋە كەچقۇرۇنلىغى ئىشتىن يانغان كىشىلەر تورت ياماقغا بىرچىنە ھاراق ئالىدۇدە، —بۇ بۇنىڭدىن ژىگىرمە ژىل ئىلگىرىكى ۋەقە، ئەمدى بولسا بىرچىنە ھاراق ئون ياماق تۇرۇدۇ، —پوكەيگە يولۇنۇپ تۇرۇپ، ئىسسىققىنا ئىچىۋالىدۇ. زاكۇسكا ئۈچۈن يەنە بىر ياماقغا تۇزلۇق سۇدا پۇشۇرۇلغان بىر تەخسە بامبۇك ژىلتىزى، يە بولمىسا، ئاپىدىيان بىلەن كوپتۇرۇلگەن پۇرچاق ئېلىپ يېيىشكە، ئون نەچچە ياماق خەشلىگەندە ھەتتا گوشلۇك تاماقلارنى بۇيرۇتۇشقا بولۇدۇ. لېكىن پاختىلىق كالتا چاپان كىيگەن ئاددىي كىشىلەردە ئۇنچىلىك ئاقچا بولمايدۇ. ئۇزۇن چاپان كىيگەن ھاللىغراق خېرىدارلارلا دۇكاننىڭ ئىچىدىكى بولمىگە كىرىپ، شۇيەردە ھاراق ۋە تاماقلارنى بۇيرۇتۇپ، ئالدىرىماي پەيزى

قىلىپ ئولتۇرۇشۇدۇ.

مەن ئون ئىككى ياش ۋاقتىمدىن باشلاپ، بازار بېشىدا «ئۇمۇمىي سائادەت» دېگەن تاختا ئېسىقلىق تۇرغان مەيخانىغا ئىشلەشكە كىردىم. خوجايىنىمنىڭ ماڭا: «سەن ئوزەڭ گالۋاڭـ راق نىمكەنسەن. ئۇزۇن چاپان كېيگەن جېردىلارلارنىڭ كوڭـ لىدىكىدەك ئىشلىيەلمەسسەنمىكى دەپ قورقىمەن، سېنىڭ ئىچـ كىرى بولۇمدە ئىشلىگىنىڭدىن پوكەينىڭ يېنىدا ئىشلىگىنىڭ توغرىراق بولار» دېگىنى تېخى يادىمدا. پاختىلىق كالتا چاـ پان كېيگەنلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئاسان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تولا ۋالاخلاپ ئادەمنى تويغۇزىۋېتىدىغانلارمۇ باز ئىدى. ئۇلار ئالداپ كېتىدۇ دەپ خەۋپلىنىپ، سېرىق هاراقنىڭ تۇڭدىن تۇنكە چەينەككە قانداق قۇيۇلىۋاتقىنىنى كورۇپ تۇرۇشقا ئۇرۇناتتى ۋە ئالدىن ـ ئالا چەينەكنىڭ تېـ گىدە سۇ يوقمىكىن دېگەن گۇمان بىلەن ئۇنىڭ تېگىگە قاراپ قوياتتى؛ ئۇلار تا چەينەكنى قايناق سۇغا سالغىچە قاراپ تۇـ رۇپ، پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا كوڭلى ئارام تاپاتتى. ئەلۋەتتە مۇنداق هوشيار نازارەت ئاستىدا هاراققا سۇ قوشۇش ناهايىتى قىيىن ئىدى. بىر نەچچە كۈن ئوتكەندىن كېيىن خوجايىنىم مېنىڭ بۇ ئىشنى قىلالمايدىغانلىقىمنى بىلدى. لېكىن مېنىڭ بەختىمگە، مېنى تونۇشتۇرغان كىشىنىڭ يۈزى چوڭ كەلدى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى مەيخانىدىن چىقىرىپ ئەتمەيمەي ئىسسىتـ

دىغان ئىشقا قويۇپ قويدى.

شۇندىن تارتىپ مەن ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە دۇكان ئالـ
دىدىكى پوكەي يېنىدا تۇرۇپ، ئادەمنى زېرىكتۈرۈۋېتىدىغان
ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ ژۈردۈم، چوڭ خاتالىقلارنى ئۆتكەزمىگەن
بولساممۇ، لېكىن بىرخىل ئىش ۋە زېرىكىش ناھايىتى قىيناتتى.
خوجايىنىمنىڭ ھېچقاچان قاپىقى ئېچىلمايتتى ۋە خېرىدارلارنىڭمۇ
ئوچۇق چىراي ئاچىدىغان ۋاقتى ئاز ئىدى. شۇڭا ئېچىلىپ ـ
يېيىلىپ ژۈرەلمەيتتىم. لېكىن دۇكانغا كۆك يىجى كىرگەندە ئۇ
يەر بىر ئاز كۆڭۈللۈكرەك بولۇپ قالاتتى، مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ
مەن ئۇنى شۇ كەمگىچە ئۇنۇتمايمەن.

ئۇزۇن چاپان كېيگەنلەرنىڭ ئارىسىدىن پوكەيـگە يولۇنۇپ
ھاراق ئىچىدىغان كىشى يالغۇز كۆك يىجىلا ئىدى. ئۇ ئېگىز
بويـلۇق، تاتارغان يۈزلۈك، قورۇق ماڭلىيىنى تارتۇق بېـسىپ
كەتكەن، تارالمىغان چارساقاللىق كىشى ئىدى، كېيگەن ئۇزۇن
چاپىنىمۇ ئۇزۇن ژىللار داۋامـىدا بىرقېتىممۇ ژۈيۈلمىغاندەك ۋە
يامالمىغاندەك كىر، جول ـ جول ئىدى. ئۇ ئوزىنىڭ گېپىنى كونا
كىتابلاردىكى «ئېيتىدۇرلەركى» دېگەندەك چۈشۈنۈكسىز ئىباـ
رىلاردىن تۈزەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن تىڭشىغۇچىلار ئۇنىڭ پارـ
ڭىنىڭ يېرىمىنىلا چۈشۈنەتتى. ئۇنىڭ فامىلىيىسى كۆك بولغاشقا،
كىمدۇر بىرسى مەكتەپ ھوسنى خەت قەغىزىدىكى «كۆك» دې‌ـ
گەن خەتتىن كېيىنكى مەنىسىز ئىككى خەتنى ئېلىپ، كۆك يىجى

دېگەن لەقەم بېرىپتۇ.

كۆك يىجى بىزنىڭ دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا، ۋاڭ-چۇڭ كۈلكە كوتۇرۇلەتتى، بەزىلەر:

—كۆك يىجى نىمە بۇ، سىنىڭ ئۇزۇڭدە يەنە يېڭى تار-تۇقلار پەيدا بوپتۇغۇ؟—دەيتتى.

ئەمما كۆك يىجى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، دۇكان ئالدىدىكى پوكەيىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

—ماڭا ئىككى چىنە هاراق، بىر تەخسە پۇرچاق بېرىڭ!—دەپ دەررۇ توققۇز ياماقنى تاشلايتتى.

ئۇ يەردە تۇرغانلار ئەتەي ئۇنلىرىنى كوتۇرۇپ، ئۇنى:

—سەن جەزمەن يەنە بىر نەرسىنى ئوغۇرلاپسەن دە؟—دەپ زاڭلىق قىلىشاتتى.

كۆك يىجى كوزلىرىنى پاقىرىتىپ:

—سەن نىمىشكە ، پاك ئادەمگە بىكاردىن-بىكار بوهتان چاپلايسەن؟...—دەيتتى.

—نىمە پاكلىق؟ بۇرنا كۈنى خەننىڭ ئويىدىن بىر كىتاپ ئوغۇرلاپ راسا تاياق يېگىنىڭنى ئوز كوزۇم بىلەن كوردۇمغۇ؟

كۆك يىجى قىزىراتتى، ماڭلىيىدىكى قان تومۇرلىرى كوپۇپ كېتەتتى — دە:

—كىتاپنى ئېلىش ئوغۇرلۇققا ياتمايدۇ!...بۇ ئوقۇغان كىشى-لەرگە مەخسۇس قايىدە...شۇنىڭ ئۇچۇن بۇنى ئوغۇرلۇق دەپ

ھېسابلاشقا بولامدۇ؟ــ دەپ ئىسپاتلايتتى

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، «مەرىپەتلىك ئادەم كەمبەغەل بولسىمۇ بەرداشلىق بولىدۇ» دېگەندەك ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى ھەممىسىمىزنى كۈلدۈرۈپ، دۇكان ئىچىدە ئۇمۇمىي خۇشاللىق پەيدا قىلاتتى.

كۆپ يىجى يوق چاغلاردا كىشىلەر ئۇنىڭ پارىڭىنى قىلىشاتتى. ئۇ بىر ۋاختلاردا ئوقۇغان، لېكىن دايىم بىرىنچى ئىمتىھاندىلا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي كەلگەن ئىكەن، يابىر ئوقەت قىلىشنى بىلمەيدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ھالى بارغانسېرى يامانلىشىپ، ھەتتا تامامەن قەلەندەرلىك ھالىتىگە يېتىپ قالغان، بەختىگە يارىشا ئۇ ھۆسنى خەتكە ئۇستا ئىكەن، قورساق بېقىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ پۈتۈن ـ پۈتۈن كىتابلىرىنى كۆچۈرۈپ بېرىدىكەن.

ئۇنىڭ بىر يامان ئادىتى بولۇپ، ئۇ ھاراقتا ئامراق ۋە ھورۇن ئىكەن. ئۇ بىر نەچچە كۈن ئىش بىلەن ئولتۇرۇپ، بىردىنلا ئۆزىنىڭ كىتاب، پەلكۈچ، قەغەز، دۇۋەتلىرى بىلەن دەرەكسىز غايىپ بولۇپ كەتكەن ۋاقىتلىرى كۆپ بولاتتى. بارا ـ بارا ئۇنىڭغا كۆچۈرۈش ئۈچۈن كىتابلارنىمۇ بەرمەيدىغان بولۇشتى. باشقا ئىلاجىنىڭ يوقلىقىدىن كۆپ يىجىگە ئوغۇرلۇق قىلىشقا توغرى كەلدى. ئەمما ئۇ، بىزنىڭ دۇكانىغا كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىدىن ئەدەپلىك ئىدى ۋە ئاقچىسىنى ئۆز ۋاختىدا تولەيتتى. ئەگەر نەق پۇلى بولمىسا، ئۇنىڭ فامىلىسى قەرزدارلار تاخ

تىسىغا يېزىلاتتى؛ ئادەت بويىچە، ئۇ ئارىدا بىر ئاي ئوتمەيلا
ئوز قەرزىنى ئۇزەتتى ۋە «كۇڭ يىجى» دېگەن خەتمۇ تاختىدىن
ئوچۇرۇلەتتى.

كۇڭ يىجى يېرىم چىنە هاراق ئىچكەندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ
تاتارغان يۇزىگە قان ژۇگۇرەتتى.

— كۇڭ يىجى، سېنى ئوقۇغان كىشى دېيىشىدىغۇ، راسمۇ؟ —
دەپ سورايتتى دۇكاندىكىلەر.

ئۇ، ئۇلارغا تەگستمەسلىك نەزەر بىلەن قاراپ قۇياتتى.

— نىمىشكە سەن بىرىنچى ئىلمىي دەرىجىنىڭ يېرىمىغىمۇ
يېتەلمىدىڭ؟

شۇ ۋاختىتا كۇڭ يىجى دەررۇلا خىجىل بولاتتى؛ چىرايى
تاتىرىپ - كوكۇرۇپ يەنە «ئەيتىپدۇرلەركى» دېگەندەك چۇشۇ-
نۇكسىز ئەدىبىي تىلدا سوزلەشكە باشلايتتى. شۇنىڭ بىلەن يەنە
قاتتىق كۇلكە كوتۇرۇلۇپ، دۇكان ئىچىدە ئۇمۇمىي شادلىق
باشلىناتتى.

بۇ يەردە مېنىڭمۇ باشقىلار بىلەن بىللە كۇلۇشۇمگە بولاتتى،
ئۇنىڭ ئۇچۇن مېنى خوجايىن جىمىلىمەيتتى. تېخى، ئۇ ئوزىمۇ
خېرىدارلارنىڭ كوڭلىنى كوتۇرۇش ئۇچۇن كۇڭ يىجىغا شۇنداق
هەرخىل سوئاللارنى بېرەتتى. بۇلارنىڭ هەممىسى بىلەن تال-
شىپ يېگەلمەسلىكىگە كوزى يەتكەن كۇڭ يىجى كىچىك باللار
بىلەن سوزلۇشۇشكە باشلايتتى. بىر كۇنى ئۇ مېنىڭدىن:

ــــسەن ئوقۇدۇڭمۇ؟ــــدەپ سورىدى.

مەن ئارانلا، ھەئە دېگەندەك قىلىپ، بېشىمنى لىڭشىتتىم.

ــــئوقۇدۇڭمۇ، ھە، بوپتۇ ئانداق بولسا، مەن سېنى ئىمتىھان قىلىپ كورەي: «ئاپىدىنىيان» دېگەن سوز قانداق يېزىلىدۇ؟

«كورە بۇنى، ئوزى گادايچىلىق قىلىپ ژۇرۇدۇ. يەنە تېخى مېنىڭدىن ئىمتىھان ئالماقچى!»دەپ ئويلۇدۇمدە،تەتۇر قارىۋالدىم.

خېلى ۋاخىت داۋام قىلغان جىم ــ جېتلىقتىن كېيىن كۇڭ يىجى سەمىمىي بىر ئاھاڭدا:

ــــبەلكى سەن قانداق يېزىشنى بىلمەيدىغانسەن؟مەن ساڭا ئوگۇتۇپ قوياي، بۇ ھەرىپنى ئېسىڭدە تۇت. ئۇ، سەن دۇكان خۇجايىنى بولغاندا ھېساپ ئىشلىرىنى ماڭغۇزۇش ئۇچۇن كېرەك بولۇدۇ،ــــدېدى.

ئوز ئىچىمدە «ماڭا دۇكان خۇجايىنى بولۇشقا تېخى خېلى بار» دەپ ئويلۇدۇم، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزنىڭ خۇجايىنمۇ ئاپىدىنىيانلىق پۇرچاقنىڭ ھېساۋىنى ھېچقاچان دەپتەرگە چۇشۇرۇپ ژۇرمەيتتى. مەن يە كۇلۇشۇمنى، يە تېرىكىشىمنى بىلمەي، خوشياقمىغان بىر ئاھاڭدا:

ــــسېنىڭ ئوگۇتۇشۇڭنىڭ ماڭا نىمە كېرىكى بار؟«كوكات»، ئاستىغا «قايتماق» دېگەن سوزنى يازسا بولمۇدىمۇ. * ــــدەپ قوپال جاۋاپ بەردىم.

* بۇيەردە خەنسۇچە 茴 ھەرىپى نەزەردە تۇتۇلۇدۇ.

كۆلۈك يىجى ناھايىتى خوشال بولدى. ئۇ قولىنى ژۇقۇرى كوتۇرۇپ، ئۆزۈن تىماقلىرى بىلەن ئۇستەلنى ئۇرۇپ تۇرۇپ، مىننەتدار بولغان بىر قىياپەتتە ماقۇللاپ بېشىنى لىڭشىتىپ:

—توغرى - توغرى!... سەن «قايىتماق» ھەرىپىنىڭ تورت* تۇرلۇك يېزىلىشىنى بىلەمسەن؟ — دېدى.

ئەمدى مېنىڭ ھېچتاقىتىم قالمىدى، چىرايىمنى تۇرۇپ نېرى كەتتىم. كۆلۈك يىجى بىر قولىنى ھاراقتا چىلىۋېلىپ پوكەيگە يازماقچى بولۇۋېدى، لېكىن مېنىڭ ئۇنىڭغا دىققەت قىلماي تۇرغىنىمنى كوروپ رەنجىگەن ھالدا، ئېغىر تىنىدى.

گايىدا خوشنا باللار بىزنىڭ خۇشخۇي كۆلكىمىزنى ئاڭلاپ دۇكان ئالدىغا ژۇگۇرۇشۇپ كېلىپ، دەررۇ كۆلۈك يىجىنىڭ چورىسىگە ژىغىلىشاتتى. ئۇ ئۇلارغا ئاپىدىيانلىق پۇرچاقتىن بىر-بىردىن تارقىتىپ بېرەتتى. لېكىن باللار پۇرچاقنى چاپسانلا ژۇتۇۋېتىپ، ئۇنىڭ يەيدىغان تامىقىغا قاراپ تۇرۇشىنى داۋام قىلاتتى. كۆلۈك يىجى ئەمدى ئاۋارىچىلىققا چۇشۇپ، ئالقىنى بىلەن قاچىسىنى ياپاتتى ۋە ئېگىلىشىۋېلىپ:

— ئوزەمگىمۇ ئاز قالدى... — دەيتتى، كېيىن يەنە بېشىنى كوتۇرۇپ، پۇرچاققا قاراپ بېشىنى چايقاپ، — كوپمىكەن؟... ياق، ياق، ناھايىتى ئاز قالدى.*

* ئاپىدىيانىنىڭ خەنسۇچە بىرىنچى ھەرىپى 茴 بولۇپ، ئۇستىدىكى 艹 پارچىسى كوكات، ئاستىدىكى 回 قىسمى «قايىتماق» مەنىسىنى بىرىدۇ.

باللار قاقاخلىشىپ تارقاپ كېتەتتى.

كۆك يىجى شۇنداق قىلىپ ئادەملەرنى كۈلدۈرەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ يوقلىغىمۇ دۇكاندا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تۇغدۇرمايتتى.

بىر كۈنى تاۋۇز چاغىنىغا ئىككى - ئۈچ كۈن قالغاندا خوجايىن ئالدىرىماستىن ئولتۇرۇپ، قەرزلەرنى ھېسابلاشقا باشلىدى. نېسىچىلەرنىڭ ئىسمى يېزىلغان تاختىنى ئېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇ:

— ئەجەپ، كۆك يىجى دۇكانغا كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىغۇ؟ ئۇنىڭ بويىندا ئون توققۇز تىيىن بار! — دېدى.

مانا شۇ ۋاقىتلا كۆك يىجىنىڭ دۇكانغا كەلمىگىنىگە خېلى بولغىنى ئېسىمگە كەلدى.

مېھمانلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى:

— ئۇ قانداق كېلەلىسۇن، ئۇنىڭ پۇتلىرى سۇنۇپ كەتكەن، — دېدى.

— نىمە؟! — دېدى خوجايىن ئالدىراپ.

— ئۇ دايىم ئوغۇرلۇق قىلاتتى، مانا ئەمدى قولغا چۈشۈپتۇ، ئۇججۇيىرىن* دىنىنىڭ ئۆيىسنى ئوغۇرلىماقچى بوپتۇ؛ ۋاھ، دىنىنىڭ بىر نىمىسىنى ئوغۇرلالىساڭ، خېلى ئىشقۇ!

— شۇنداق قىلىپ، نىمە بوپتۇ؟

— نىمە بولاتتى، ئالدى بىلەن ئۆزگۈنايىغا ئىقرار كەلگىنى

* جۈيرىن — فېئوداللىق دەۋردە پەستىن سانىغاندا ئىككىنچى ئىلمىي ئۇنۋان.

توغرۇلۇق يېزىلغان قەغەزگە قول قويغۇزۇۋېلىپ، ئاندىن كېيىن، دۇمبالاۋېرىپتۇ. ھەتتا پۇتلىرى سۇنۇپ كەتكىچە ئۇرۇپتۇ.

— ئاندىن كېيىن؟

— ئاندىن كېيىن نېمە بولاتتى، پۇتلىرىنى چېقىۋېتىپتۇ...

— ئاندىن كېيىن قانداق بوپتۇ؟

— كىم بىلىدۇ دەيسەن؟ ئەيتەۋىر، سۇندۇرۇۋېتىپتۇ... بەلكى ئۇ ئولۇپمۇ قالغاندۇ.

خوجايىن قايتۇرۇپ سورىمىدى ۋە ئالدىرىماستىن ھېساۋىنى داۋام قىلدى.

تاۋۇز چاغىنى ئوتۇپ كەتتى. كۈز شامىلى كۈندىن-كۈنگە سوغلىشىپ، قىشنىڭ يېقىنلىغى سېزىلمەكتە ئىدى. كۈن بويى ئوتنىڭ قېشىدىن كەتمىسەممۇ پاختىلىق كالتە چاپىنىمنى كېيىۋېلىشقا توغرى كەلدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، دۇكان ئىچىدە بىرمۇ ئادەم قالمىغان چاغدا، كوزۈمنى ژۇمۇپ ئولتۇرۇپ، ئۇگدەپ قاپتىمەن. بىر ۋاقىتتا:

— ھەي ئۇكا، ماڭا بىر چىنە ھاراق ئىسسىتىپ بەرگىنە! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

بۇ ئاۋاز ناھايىتى ئاستاچىقتى، لېكىن تونۇش ئاۋاز ئىدى. مەن ئەتراپىمغا قارىدىم — بىرمۇ جان يوق. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، پوكەينىڭ تۈۋىگە قارىسام، بىزنىڭ كۆك يېجى پوكەينىڭ يېنىدا يەردىلا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يۈزى قارىيىپ، كوز-

لىرى ئىچىگە پېتىپ كەتكەن، رەڭگىدە ئادەم چىرايى قالماپتۇ،
ئۇچۇسىغا جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن كالتا چاپان كىيىۋاپتۇ،
كۆلا بىلەن بوينىغا ئاسقان، پاخالدىن توقۇلغان خۇرجۇن ئۇس-
تىدە پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇراتتى.

— بىرچىنە هاراق ئىسسىتىپ بەرگىنە! — دەپ تەكرارلىدى ئۇ.

— كۆك يىجى؟! — دەپ، خۇجايىنمۇ پوكەي ئارقىسىدىن
بېشىنى چىقاردى؛ — سېنىڭ بوينۇڭدا تېخى ئون توققۇزتىيىن
بار، بىلەمسەن؟

كۆك يىجى بېشىنى كوتۇرۇپ، ئىشەشسىزلىك بىلەن:

— ئۇنى... يەنە بىر قېتىمدا تولىۋېتىمەن، هازىرقىسىنى نەق
تولەيمەن، ياخشى هاراق ئىچكۈم بار ئىدى. — دېدى.

خۇجايىن ئادەتتىكى كۈلكىسى بىلەن:

— كۆك يىجى، سەن يەنە بىر نەرسە ئوغۇرلىدىڭغۇ دەيمەن؟
— دېدى.

لېكىن بۇ قېتىم كۆك يىجى گەپ تالاشماستىن:

— زاڭلىق قىلماڭ! — دېدى.

— زاڭلىق قىلماڭ؟ ئەگەر سەن ئوغۇرلۇق قىلمىغان بولساڭ،
پۇتلىرىڭمۇ چېقىلمىغان بولاتتى.

كۆك يىجى ئاستا:

— پۇتلۇشۇپ كېتىپ، سۇندۇرۇۋالدىم، قارىلىپ كەتتى،
قارىلىپ كەتتى... — دېدى.

ئۇنىڭ كۆزىدە بەجايىكى بۇ توغرۇلۇق پاراڭ قىلماڭلار دەپ، يالۋۇرغانلىق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. بىر نەچچە ئادەم كېلىپ، خوجايىن بىلەن بىللە كۈلۈشكە باشلىدى. مەن ھاراقنى ئىسسىتىپ چىقىپ بوسۇغا تۇۋىگە قويدۇم. كۇڭ يىجى ژىرتىق چاپىنىنىڭ يانچۇغىدىن تۆرت تىيىن چىقىرىپ، مېنىڭ قولۇمغا سالدى. ئۇنىڭ قوللىرى لاي ئىدى. چۈنكى ئۇ قولى بىلەن سۆجىپ ماڭاتتى. ئۇ ھاراقنى چاپسانلا ئىچىۋېتىپ، ئادەملەرنىڭ قاتتىق كۈلكىسى ئاستىدا قولىنى تايىنىپ، ئاستا ئومۇلەپ چىقىپ كەتتى.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئۇنى كۆرەلمىدىم. ژىل ئايىغى كەلگەندە خوجايىننىڭ قەرزلەر يېزىلغان تاختىسىنى ئېلىپ:

—كۇڭ يىجىنىڭ بويىندا تېخى ئون توققۇز تىيىن بار،— دېگىنى يادىمدا.

ياندۇرقى ژىلنىڭ ژۇڭزى چاغىنىدا خوجايىن يەنە:

—كۇڭ يىجىنىڭ بويىندا تېخىچىلا ئون توققۇز تىيىن بار، —دەپ تەكرارلىدى. لېكىن ئاۋۇز چاغىنى كەلگەندە خوجايىن ھېچنىمە دېمىدى.

كۇڭ يىجى ژىلنىڭ ئايىغىدىمۇ كەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنى كۆرمىدۇم—ئۇ ھەقىقەتەنلا ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

1919 - ژىل مارت.

# دورا①

## I

كۆزكۈنلىرىنىڭ بىرى، تۈن يېرىمىدىن ئوتتۈپ، ئاي ئولتۇ-
رۇپ كەتكەن. تۈن قۇشلىرىدىن باشقا، ھەممە جان - جانىۋار
ئۇخلاپ قالغان ئىدى. خۇالاۋشۇەن بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ،
سەرەڭگىنى يېقىپ، ھەممەيىرى ياغلىشىپ كەتكەن جىن
چىراقنى ياندۇردى؛ شۇنىڭ بىلەن چايخانىنىڭ ئىككى ئېغىز
ئۆيى خۇنۇك ئېقىش نۇرغا تولدى.

—دادىسى، ھازىر بارامىلا؟—بىر قېرى خوتۇننىڭ ئاۋازى
چىقتى. ئىچكەركى ئۆيدىن يوتەلنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى.

—ھەئە،—خۇالاۋشۇەن سوزگە جاۋاپ بېرىۋېتىپ، چاپىنىنىڭ
تۈگمىلىرىنى ئەتتى ۋە،—ماڭا بېرىڭ.—دەپ قولىنى ئۇزاتتى.

خۇادالما ياستۇغىنىڭ تېگىنى كوچىلاپ، بىر ھازادىن كېيىن
بىر ياغلىق يارچەننى ئېلىپ خۇالاۋشۇەنگە بەردى. خۇالاۋ-
شۇەن ئۇنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، تىترىگەن ھالدا يانچۇغىغا
سېلىپ، يانچۇغىنىڭ تېشىدىن سىلاپ قويدى. ئاندىن كېيىن
پانۇسنى يورۇتۇپ، جىن چىراقنى ئۆچۈرۈپ، ئىچكەركى ئۆيگە



دورا — گۈبىجىن ئىشلىگەن

كىردى. ئىچكەركى ئۆيدىن غىژ ـ غىژ ئاۋازدىن كېيىن، بىردەم يوتەل ئاۋازى چىقتى.

ـــ شاۋشۇەن، ـــ دېدى خۇالاۋشۇەن يوتەل بېسىقىقاندىن كېيىن پەس ئاۋاز بىلەن، ـــ ئورنۇڭدىن قوزغالما... چايخانا؟... ئۇنىڭغا ئاناڭ قارايدۇ.

ئوغلىدىن باشقا گەپ ـ سوز چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ خۇالاۋشۇەن ئۆيدىن كوچىغا چىقتى. كوچا قاپ ـ قاراڭغۇ بولۇپ، پەقەت يوللا ئېنىقىش بولۇپ كورۇـ نۇپ تۇراتتى. خۇالاۋشۇەن كوتەرگەن پانۇسنىڭ يورۇغى بىر دەم بىر پۇتىغا، بىردەم يەنە بىر پۇتىغا چۇشۇپ تۇراتتى، بەزىدە بىر نەچچە ئىت ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىتلارنىڭ بىرسىمۇ قاۋۇـ مايتتى. هاۋا ئويدىكىدىن سوغۇق ئىدى، لېكىن خۇالاۋشۇەن ئوزىنى تېتىك هىس قىلدى، ئۇ خۇددى ياشىرىپ قالغاندەك ۋە بىردىنلا خىزىرغا يولۇقۇپ باشقىلارغا هايات بەخىش قىلالايدىـ غان كۇچكە ئېرىشكەن ئادەمدەك چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ماڭغانسىرى يول يورۇپ، تاڭمۇ ئېتىـ ۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

يولدا خاتىرجەم كېتىۋاتقان خۇالاۋشۇەن بىردىنلا چۇچۇپ كەتتى: ئۇنىڭ كوزىگە ژىراقتا ئۇچ ئاچا رەستە كورۇندى. شۇڭا ئۇ بىر نەچچە قەدەم ئارقىسىغا يېنىپ، تاقاقلىق بىر دۇكانـ نىڭ لەمپىسى ئاستىغا كىرىپ، دۇكان ئىشىگىدە تۇردى. بىرئاز

ۋاختتىن كېيىن دولىسى سوغۇقتىن بىر ئاز قورۇلغاندەك بولدى.

—ھە، قېرى!

—ئوزىچە تېخى خوشال......

خۇالاۋشۇەن يەنە چوچۇدى. ئۇ كوزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، بىر نەچچە ئادەم ئالدىدىن ئوتۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىرسى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ ئالدى. ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىگىنى پايقاش قىيىن، لېكىن ئۇنىڭ كوزىدىن، خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەمنىڭ كوزى تائامغا چۈشكەندەك، بىر خىل ئاچكوزلۇك بىلىنىپ تۇراتتى. خۇالاۋشۇەن پانۇسىغا كوز سالدى. پانۇس ئالللىقاچان ئوچۈپ قالغان ئىدى. ئۇ يانچۇغىنى سىلاپ باقتى، يانچۇغىدىكى يارچەنلەر قولغا ئۇرۇنۇپ تۇراتتى. خۇالاۋشۇەن بېشىنى كوتۇرۇپ قارىدى: بىر مۇنچە ئاجايىپ كىشىلەر ئىككى - ئۇچتىن بولۇپ، خۇددى ئەرۋاھتەك، ئۇ ياقتىن بۇ ياققا قايمۇقۇپ ژۇرەتتى. كېيىن ئۇلار يەنە كوزدىن غايىپ بولدى.

كوپ ۋاخىت ئوتمەستىن يەنە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ ژۇرگەن بىر نەچچە ئەسكەر كورۇندى. ئۇلارنىڭ مەيدىسى ۋە دۇمبىسىدىكى يوغان ئاق ژۇمۇلاق بەلگىلەر ژىراقتىنمۇ ئېنىق كورۇنۇپ تۇراتتى. يېقىن كەلگەندە كىيىملىرىنىڭ قارامتۇل قىزىل زەرلىرىمۇ كورۇندى. ئۇلار بىر دەمدىلا كوپىيىپ كەتتى. ھېلىقى ئىككى-ئۇچتىن بىر بولۇپ ئايلىنىپ ژۇرگەنلەرمۇ بىردىنلا

توپلۇشۇپ، خۇددى كەلكۈندەك ئالغا ژۇگۇرۇشتى. ئۈچ ئاچا كوچىنىڭ ئاغزىغا يەتكەندە، بىردىنلا توختاپ، ئوغاق شەكلىدە قاتارلاشتى.

خۇالاۋشۇەنمۇ شۇ تەرەپكە قارىدى. لېكىن ھېلىقى بىر توپ كىشىلەرنىڭ دۇمبىسىنىلا كوردى. ئۇلار، خۇددى غايىپ قول‑لار بويۇنلىرىدىن سىقىپ ژۇقۇرى كوتۇرۇۋالغان غازلاردەك، بو‑يۇنلىرىنى ئۇزارتىشىپ تۇراتتى. بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن يەنە بىر ئاۋاز چىققاندەك بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە مىدىرلىشىپ، گۇررىدە ئارقىسىغا — توپ‑توغرى خۇالاۋشۇەن تۇرغان جايغا ياندى ۋە خۇالاۋشۇەننى قىستاپ ژىقىتىۋەتكىلى تاس قالدى.

— ھەي! پۇلۇڭ قېنى، پۇلۇڭنى چىقار، نەرسە تەييار! — پۇتۇن ئۇستى‑بېشى قاپ‑قارا بىر ئادەم خۇالاۋشۇەننىڭ ئال‑دىدا تۇرۇپ، ئىككى كوزىنى ئۇنىڭغا خۇددى خەنجەردەك تىكىپ تۇردى. خۇالاۋشۇەن ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن قورقۇپ، تۇگۇلۇپ كەتتى. ھېلىقى ئادەم يوغان ئالقىنىنى ئېچىپ، خۇا‑لاۋشۇەنگە تەڭلىدى؛ يەنە بىر قولىدا قىپ‑قىزىل جىڭموما تۇراتتى، ئۇنىڭدىن قىزىل بىرنەرسە تامچىلاپ تۇراتتى.

خۇالاۋشۇەن ئالدىراپ، ئۇشقۇراپ يانچۇغىدىن پۇلنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇزاتماقچى بولدى، لېكىن تىترەپ كەتكەنلىكىدىن، يەنە ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسىنى ئېلىشقا جۇرئەت قىلالمىدى.

—نىمىدىن قورقسەن؟ نىمشكە ئالمايسەن!—ھېلىقى ئادەم ئالدىرىغىنىدىن ۋاقىرىدى.

خۇالاۋشۇەن تەرەددۇتلىنىپ تۇرۇپ قالىدى. ھېلىقى قارا ئادەم پانۇسنى شارتتىدا تارتىپ ئېلىپ، قەغىزىنى ژىرتىپ، جىڭ‑مومىنى② ئوراپ، خۇالاۋشۇەنگە تۇتقۇزدى. كېيىن پۇلنى قو‑لىغا ئېلىپ، تۇتۇپ كورۇپ، ئارقىسىغا بۇرۇلغىنىچە، «ئەخمەق چال...» دەپ كوتۇلداپ ژۇرۇپ كەتتى.

—بۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ كېسىلىنى داۋالىماقچىسەن؟—خۇا‑لاۋشۇەنمۇ بىراۋنىڭ سوراۋاتقانلىغىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. لېكىن جاۋاپ قايتۇرمىدى؛ ئۇنىڭ پىكرى‑خىيالى، خۇددى جەد‑دى‑جەمەتىدىن يەككە‑يىگانە قالغان بىر بۇۋاقنى قۇچاغ‑لاپ تۇرغاندەك، پەقەت قولىدىكى بىرلا بولاق قەغەزدىلا ئى‑دى؛ ئۇنىڭ مىڭىسىدە باشقا ھېچقانداق نەرسە قالمىغان ئىدى. ئۇ ھازىر بۇ بولاقتىكى يېڭى جاننى ئوز ئويىگە ئېلىپ بېرىپ كوچۇرۇپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن دولەت‑بەخت ھاسىل قىلماقچى.

كۇنمۇ چىقتى؛ ئۇنىڭ كوز ئالدىدا تا ئويىگە بارغىچە بىر چوڭ يول كورۇندى، ئارقىسىدىكى گۇزەرنىڭ بېشىدىكى سۇ‑نۇق تاختىغا ھەل بىلەن يېزىلغان «گۇشۇەنتىڭكۇ»③ دېگەن سوزمۇ گۇگگا كورۇنۇشكە باشلىدى.

# II

خۇالاۋشۇەن ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، چايخانىنىڭ ئالدى پاك ــ پاكىزە سۈپۈرۈلگەن ئىدى، سۈرتۈلگەن قاتار جوزىلار يالتىراپ تۇراتتى، لېكىن تېخى خېرىدارلار كەلمىگەن ئىدى. پەقەت شياۋشۇەن چايخانىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى جوزىدا پىشانىسىدىن پۇرچاقتەك ــ پۇرچاقتەك تەرلەر ئاققان، پەشمىتى دۈمبىسىگە چاپلاشقان، ئىككى يەلكىسىنىڭ سوڭگىكى خۇددى «^» ھەرپىدەك چىقىپ كەتكەن ھالدا ئولتۇرۇپ غىزا يەۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن خۇالاۋشۇەنىنىڭ ئېچىلغان قوشۇمىسى بىر ئاز تۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى ئوچاق ئالدىدىن ئالدىراپ چىقىپ، تېڭىرقىغان ھالدا:

ــ ئالالمىدىلامۇ؟ ــ دەپ سورىدى تىترىگەن ئاۋاز بىلەن.

ــ ئالدىم.

ئىككىيلەن ئوچاق ئالدىغا بېرىپ، بىر ئاز سۆزلۈشۈپ ئالدى. كېيىن خۇادام تاشقىرىغا چىقىپ كېتىپ، ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەستىن بىرلەڭخا گۈلىنىڭ يوپۇرمىقىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، جوزا ئۈستىگە يايدى، خۇالاۋشۇەنمۇ پانۇسنىڭ قەغىزىنى ئېچىپ، ھېلىقى قىزىل جىڭمومىنى لەڭخا يوپۇرمىقىغا يېڭىۋاشتىن ئورىدى. شياۋشۇەنمۇ غىزاسىنى يەپ بولدى.

ــ شياۋشۇەن، ــ دېدى ئۇنىڭ ئاپىسى خۇادام ئالدىراپ، ــ

ئورنۇكدا ئولتۇرۇپ تۇر، بۇياقا كەلمە. — ئۇ ئۇچاقتىكى ئوتنى ئوكلىدى. خۇالاۋشۇەن يېشىل بولاقنى ھېلىقى بەزى يېرى قىزىل، بەزى يېرى ئاق پانۇس بىلەن بىللە ئۇچاققا سالدى. ئۇ ئۇچاقتا ۋالىلداپ كويۇپ بولغاندىن كېيىن، چايخانە ئاجايىپ بىرخىل خۇش پۇراق بىلەن تولدى.

— ئەجەپ خۇش پۇرايدۇ! مەزىلىك بىر نەرسە يەۋاتامسىلەر نىمە؟ — دۇمچەك بايۇەچچە ئۇشۇيى كىرىپ كەلدى. بۇ كىشىنىڭ كۇنى ھەر كۇنى دېگىدەك چايخانىدا ئوتەتتى، ئۇچايخانىغا ھەممىدىن سەھەر كېلىپ، ھەممىدىن كەچ قايتىپ كېتەتتى. ھازىر ئۇ چايخانىنىڭ كوچا تەرەپتىكى تېمىنىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان جوزا يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، سوز باشلىدى. لېكىن بۇنىڭ سوزىگە جاۋاپ بېرىدىغان ئادەم چىقمىدى. — شوۋاگورۇچ قاينىتىۋاتامسىلە؟ — يەنە جاۋاپ چىقمىدى. خۇالاۋشۇەن دەرھال ئىچكىرىدىن چىقىپ، ئۇنىڭغا چاي دەملەپ بەردى.

— شياۋشۇەن، ئىچكىرى كىر! — خۇادااما شياۋشۇەننى ئىچكىركى ئويگەچاقىرىۋالدى ۋە ئوينىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر بەلدىگنى قويۇپ بېرىپ، ئولتۇرغۇزدى. خۇادااما بىر تەخسىدە قاپ - قارا ژۇمۇلاق بىر نەرسىنى كوتۇرۇپ كېلىپ، تووەن ئاۋاز بىلەن:

— يە. كېسىلىڭگە داۋا بولۇدۇ. — دېدى.

شياۋشۇەن بۇ قارا نەرسىنى قولىغا ئېلىپ، خۇددى ئوزىنىڭ جېنى قولىدا تۇرغاندەك، ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.

كېيىن ناھايىتى ئاۋايلاپ ئۇنى ياردى، قارا قوماش بولۇپ كەتكەن پوستى ئىچىدىن ئاپپاق ھور چىقتى. ھور تارقاپ كەتكەندىن كېيىن، ئىككىگە پارچىلانغان ئاق جىگموما روشەن كۆرۈندى؛.....بىر ئاز ۋاخىت ئۆتمەي، شياۋشۇەن ھەممىسىنى يەپ بولدى، ئۇ بۇ نەرسىنىڭ تەمىنىمۇ ئۇنۇتتى، ئالدىدا پەقەت بىر قۇرۇق تەخسىلا قالدى. ئۇنىڭ بىر يېنىدا دادىسى، بىر يېنىدا ئانىسى تۇراتتى. ئىككىيلەن، خۇددى ئۇنىڭ ئىچىگە قاندىقتۇر بىر نەرسىنى كىرگۈزۈپ، قاندىقتۇر بىر نەرسىنى چىقىرىپ ئالىدىغاندەك، دىققەت بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ژۇرىگى سېلىشقا باشلىدى، ئۇلار كۆكسىنى قولى بىلەن تۇتۇپ ئالدى، كېيىن شياۋشۇەن يەنە يوتۇلۇپ كەتتى.

— بىردەم ئۇخلىۋال، ئۆگلۈنۈپ كېتىسەن.

شياۋشۇەن ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ ياتتى ۋە يوتۇلۇپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇنىڭ ھەمدىشى بىر ئاز بېسىققاندىن كېيىن، خۇاداما سەكسەن ياماق چۈشكەن يوتقاننى ئاستا يېپىپ قويدى.

## III

چايخانىدا ئادەم كۆپ ئىدى. خۇالاۋشۇەنمۇ ئالدىرىغىلى تۇردى: ئۇ يوغان مىس چەينەكنى كوتۇرۇپ، خېرىدارلارغا

چاي قۇيۇپ ژۇرەتتى. ئۇنىڭ ئىنكىكى كوزى بىر ئاز خۇنۇك ئىدى.

— لاۋشۇەن، تاۋىڭ يوقمۇ، نىمە؟ ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ — بىر چار ساقاللىق كىشى سورىدى.

— ياق.

— ياق؟ مەنمۇ سىنىڭ كۇلۇپ ژۇرگىنىڭنى كورۇپ، ئۇنداق بولمىسا كىبرەك دەپ ئويلۇدۇم...... — ھىلىقى چارساقال ئوز سوزىنى ئوزى رەت قىلدى.

— لاۋشۇەن ئالدىراشچىلىقتىن باش كوتۇرەلمەي قالدى. ئەگەر ئوغلى...... — دۇمچەك بايۇەچچىنىڭ سوزى تۇگىمەي تۇراتتى، بىردىنلا ئەپتى - بەشرىسى سەت، داپ يۇز بىراۋ قارا سەگەز كوينەكنى يىپىنچاقىلغان، تۇگمىلىرى ئوچۇق، بىلىدىكى قارا بەلۋىغىمۇ بولار - بولماس چىگىلگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ چايخانىغا كىرىپلا خۇالاۋشۇەنگە قاراپ:

— يىدىمۇ؟ ياخشى بوپ قالغاندۇ؟ لاۋشۇەن، تەلىيىڭ بار ئىكەن . بەختىڭ ئوڭ كەلدى. ئەگەر ۋاختىدا خەۋەرتاپمىغان بولسام.... — دىدى ئۇ.

خۇالاۋشۇەن بىر قولىدا چەينەك تۇتقان، بىر قولىنى ئەدەپلىك ھالدا تۆۋەن سالغان ھالدا كۇلۇمسىرەپ ئاڭلىدى. چايخاندىكىلەرمۇ ھۇرمەت بىلدۇرگەن ھالدا سوزگە قۇلاق سالدى. كوزى خۇنۇكلىشىپ كەتكەن خۇادامامۇ كۇلۇمسىرىگەن

هالدا پىيالە، چاي ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ قولىدا يەنە بىرزەيـ تۇن مىۋىسىمۇ بار ئىدى. خۇالاۋشۇەن دەرھال پىيالىغا قايناق سۇ قۇيدى.

— شەكسىز ئوكلۇنۇدۇ. بۇ، باشقىلارنىڭكىگە ئوخشمايدۇ. ئويلۇمامسەن، ئىسسىقىدا ئېلىندى، ئىسسىقىدا يېدۇرۇلدى. — داپ يۇز كىشى سوزلەۋددى.

— راست. ئەگەر تاغىمىز كاگىداشۇنىڭ ئىلتىپاتى بولمىـ غان بولسا، ئىش بۇنداق ئاسان بولمىغان بولاتتى.... — خۇادا- مامۇ مىننەتدارلىق بىلدۇردى.

— چوقۇم ساقىيدۇ، چوقۇم. ئىسسىقىدا يېگەن بۇنداق ئادەم قېنىغا چىلانغان جىڭموما ھەر قانداق ئوپكە كېسىلىنى گەپ - سوزسىز ساقايتىدۇ!

خۇاداما «ئوپكە كېسىلى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، بىر ئاز ناخۇش بولغاندەك، رەڭگى تاتىرىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنە كۇلكىگە زورلاپ، خوش - خوش ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. خۇادامانىڭ تاتىرىپ كېتىشىنى سەزمىگەن كاگىداشۇ يەنە ئاۋا- زىنى قويۇۋېتىپ ۋالاقلاۋددى، بۇنىڭ تەسىرىدىن، ئىچكىرىكى ئويدە ياتقان شياۋشۇەنمۇ يوتۇلۇشكە باشلىدى.

— ھە، سىلەرنىڭ شياۋشۇەنگە ئامەت كەپتىكەندە. بۇچوقۇم شىپا بولۇدۇ. لاۋشۇەن شۇڭا كوڭلى خوش ژۇرۇپتىكەندە. — چار ساقال سوزلەۋېتىپ، كاگىداشۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە تووەن

ئاۋاز بىلەن سورىدى، — كاگىداشۇ تاغا، ئاڭلىسام، بۇگۈن ئەـ جىلى توشقان گۇناكارنى شا فامىلىيەلىكلەرنىڭ بالىسى دەيدۇ، زادى قايسىنىڭ بالىسى؟ نىمە بوپتىكەن؟

— كىمنىڭ؟ شاسى موماينىڭ بالىسى بولماي كىم بولاتتى؟ — ھەممەيلەننىڭ قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كورگەن كاگىداشۇ باشقىچە ھوزۇرلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى سالپاڭ گوشلىرى تىخىمۇ كوپتى. ئۇ ئاۋازىنى يەنىمۇ ئورلۇتۇپ سوزىنى داۋام قىلدى، — ئۇ بەد بەخت جىنىدىن تويغان ئىكەن. شۇڭا جاجىسىنى تاپتى. بىراق بۇ نوۋەت ماڭا پايدىسى تەگمىدى. ھەتتا سالدۇرۇۋالغان كىيىملەرنىمۇ گۇندىپاي قىزىل كوز ئايى ئېلىپ كەتتى. تەككەن پايدىسى: بىرىنچىدىن، ئامەت خۇالاۋشۇەن ئاكىغا بولدى، ئىككىنچىدىن، شاسەنيە جاناپلىرى 25 سەر يارچەن ئىنئام ئېلىپ، ئۇنى ھېچكىمگە تۇتقۇزماستىن ئوز يانچۇغىغا سالدى.

شياۋشۇەن ئىچكىركى ئويدىن ئاستا مېڭىپ چىقىپ، ئىككى قولىنى بىلەن كوكسىنى تۇتۇپ، تىنماي يوتەلگىنىچە، ئۇچاق ئالدىغا كەلدى؛ بىر چىنە سوغۇق ئاشنى ئۇسۇپ، ئۇستىگە بىر ئاز قايناق سۇقۇيدى — دە، ئولتۇرۇپ يېگىلى باشلىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن چىققان خۇاداما ئاستا سورىدى:

— شياۋشۇەن، بىر ئاز ياخشى بولغاندەك تۇرامسەن؟ يەنە قورسىقىڭ ئېچىپ تۇرامدۇ؟....

— چوقۇم ئۆگلۈنۈدۇ، چوقۇم.— كاگداشۇ شياۋشۇەنگە بىر قاراپ قويۇپ، يەنە بېشىنى بۇراپ، باشقىلارغا سوزلەشنى داۋام قىلدى،— شاسەنيە جاناپلىرى دانا بىر ئادەم ئىكەن. ئەگەر يامۇلغا ئۆزى مەلۇم قىلمىغان بولسا، مال-مۇلكى بىلەن كوككە سورۇلۇپ كەتكەن بولاتتى، هازىر قانداق بولدى؟ يارچەن تاپتى! هېلىقى شۇمەمۇ ئادەم ئەمەس نەرسىكەن! قاماقخانىدا يېتىپ، گۆندىپايىنىمۇ قوزغۇلاڭ كوتۇرۇشكە دالالەت قىپتۇ.

— پاھ، قاراڭلار يامانلىغىنى.— ئارقىدا ئولتۇرغان 20 ياشلاردىكى بىر كىشى غەزەپلەنگەندەك بولدى.

— قارىمامسىلەر، گۆندىپاي قىزىل كوز ئايى ئۇنىڭدىن گەپ ئالغىلى كىرگەن ئىكەن، ئۇ بولسا گۆندىپايغا گەپ ئوگەتكىلى كىرىشىپتۇ. ئۇ: بۇ دۇنيا مانجۇ خاندانلىقىغا باقىۋەندە ئەمەس، دەپتۇ. قاراڭلار، مۇشۇمۇ ئىنسانىنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان گەپمۇ؟ قىزىل كوز ئايى ئەسلىدە ئۇنىڭ بىرلا قېرى ئانىسى بارلىغىنى بىلەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئۇ قەدەر كەمبىغەل ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغان ئىكەن، ئۇنىڭدىن ئازغىنە بولسىمۇ پايدا تەگمەي، قورسىغى تازا كوپۇپ تۇرغاندا، هېلىقى بەد بەخت يولۋاسنىڭ بېشىنى قاشلىغاندەك، ئۇنىڭ زىتىغا تېگىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئايى ئۇنىڭغا ئىككى كاچات ئۇرۇپتۇ!

— ئايى ئاكا ئۇستا چامباش. ئىككى كاچات ئۇنى خېلى بىر يەرگە ئاپارغاندۇر.— تامنىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرغان دۇمچەك

بىردىنلا خوشال بولۇپ كەتتى.

— ئۇ تېگى پەس نەرسە ئۇرۇپ تۇرسا قورقماي يەنە «ئىسست، سېنىڭ ھالىڭغا ئىسست!» دەپتۇ.

چارساقال كىشى سوز قاتتى:

— ئۇنداق ئەبلەخنىڭ ئەدىۋىنى يېگىنىگە ئېچىنىشنىڭ نىمە كېرىگى بار؟

كاگداشۇ مەنىستىمىگەندەك قىلىپ، ھىجايدى.

— سوزۇمگە چۈشەنمەپسىزلەر. ئۇ «گۇنىدىپايىنىڭ ھالىغا ئېچىنىمەن» دەپتۇ!

سوزگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان كىشىلەر بىردىنلا ھاڭۋېقىپ قالدى، سوزمۇ توختىدى. شياۋشۇەن غىزاسىنى يەپ بولغان ئىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تەرلەپ، بېشىدىن ھور چىقىپ تۇراتتى.

— ئايىنىڭ ھالىغا ئېچىنىمەن دەپتۇما؟ ئۇنداق بولسا ئۇ جويلۇپ قاپتۇ. — چارساقال كىشى بىردىنلا ئەقلىگە كەلگەندەك قىلىپ سوز قاتتى.

— ساراڭ بولۇپ قاپتۇ. — 20 نەچچە ياشلىق كىشىمۇ بىر-دىنلا چۈشەنگەندەك سوزگە قوشۇلدى.

چايخانىدىكىلەر يەنە پاراڭ باشلىدى. شياۋشۇەنمۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭ پاراڭغا قوشۇلۇپ، ھەدەپ يوتۇلۇشكە باشلىدى. كاگداشۇ يېقىن كېلىپ:

— تۇزۇلۇپ كېتسەن، شىياۋشۇەن. يوتۇلۇەرمە، چوقۇم ساقىيىپ كېتسەن! — دېدى ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ.

— ئېلىشىپ قاپتۇ — دۇمچەك بايۋەچچە ئۇشويى بېشىنى لىڭشىتتى.

## IV

غەربىي دەرۋازا تېشىدا سېپىلگە يېقىن جاي ئەسلىدە پادىشالىق يەر ئىدى. ئۇ يەردە ئەگرى - بۈگرى بىر يول بار بولۇپ، بۇ يولنى قىسقا يولنا ئامىراق كىشىلەر مېڭىپ ئاچقان ئىدى. لېكىن بۇ يول تەبىي پاسىلە بولۇپ قالدى. يولنىڭ سول تەرىپىگە ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالانغان ۋە تۈرمىدا ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ جەسىدى كۆمۈلەتتى، ئوڭ تەرەپ بولسا، كەمبىغەللەرنىڭ زەرەتكالىغى ئىدى. ھەر ئىككى تەرەپتىكى قەۋرىلەر بايلار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى ئوتكۈزۈلگەندە قاتمۇ - قات تىزىپ قويۇلىدىغان جىڭمومىلاردەك تىزىلىپ ياتاتتى.

بۇ ژىل چىڭمىڭ بايرىمى كۈنى (تۇپراق بېشىغا چىقىدىغان كۈن) ھاۋا ناھايىتى سوغۇق بولدى. تېرەكلەر ئەمدىلا پوتلا چىقارغان ئىدى. تاڭ ئېتىپ ئاز ۋاختتىن كېيىن، تۇپراق بېشىغا كەلگەن خۇادااما ئوڭ تەرەپتىكى يېڭى قەبىر ئالدىغا 4 تەخسە سەي، بىرچىنە گاڭپەن قويۇپ بىردەم ژىغلىدى. ئۇ قەغەزنى كويدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، خۇددى نىمىنىدۇر بىر نەرسىنى

كۆتكەندەك، يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. لېكىن نىمىنى كۈتىدى-غانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بوش چىققان شامال ئۇنىڭ بولتۇر-قىدىن خېلىلا ئاقىرىپ كەتكەن كالتا چاچلىرىنى يەلپۈتەتتى.

يالغۇز ئاياق يولدىن يەنە بىر چاچلىرىغا ئاق كىرگەن، جۇل-جۇل كىيىم كېيىۋالغان بىر ئايال كورۇندى. ئۇ بىر باغلام قەغەز داچەن سېلىنغان ئەسكى بىر قىزىل سىرلىق ژۇمۇلاق سوۋەتنى كوتەرگەن هالدا، ئۈچ قەدەم مېڭىپ، بىر توختاپ، كېلەتتى. ئۇ بىردىنلا يەردە قاراپ ئولتۇرغان خۇادامانى كورۇپ، بىر ئاز هاڭۋېقىپ قالدى، ئۇنىڭ تاتارغان يۈزىدە بىر ئاز خىجالەت تۇسى پەيدا بولدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ لېۋىنى چىشلەپ، سول تەرەپتىكى بىر قەبر ئالدىغا كېلىپ، قولىدىكى سوۋەتنى قويدى.

ئۇ قەبر شياۋشۇەنىڭ قەبرىسى بىلەن بىر قاتاردا بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا هېلىقى يالغۇز ئاياق يوللا بار ئىدى. هېلىقى ئايال 4 تەخسە سەي بىلەن بىر چىنە گاڭپەننى قويۇپ بولۇپ، ئورە تۇرۇپ بىردەم ژىغلىدى، ئاندىن كېيىن قەغەز داچەنلەرنى كويدۇردى، بۇنى كورگەن خۇاداما كوڭلىدە: «بۇ قەبردىكى ئۇنىڭ بالىسى بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى. هېلىقى ئايال قەبرىنى ئۇ ياق-بۇ ياقتىن بىر ئايلىنىپ چىقتى، كېيىن بىر-دىنلا ئۇنىڭ ئاياقلىرى تىترەپ، دەلدەڭلىگىنىچە ئارقىسىغا بىر نەچچە قەدەم يېنىپ، قەبرىگە قارىغان پېتى قېتىپ قالدى.

خۇاداما بۇ هالنى كورۇپ، بۇ ئايالنىڭ كوڭلى بىئارام

بولۇپ ئەسر-ھوشنى يوقۇتۇپ، ئالجىپ قالمىغىدى دېگەن ئويغا كەلدىدە، چىداپ تۇرالماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ، يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئوتۇپ بېرىپ، ئۇ ئايالغا تونۇش ئاۋاز بىلەن سوزلىدى:

—چوڭ ئانا، كوڭۇللىرىنى بۇزمىسىلا. ژۇرسىلە، قايتايلى.

ھېلىقى ئايال بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، لېكىن كوزى ژۇۋۇرىغا قاراپ قېتىپ قالغان ئىدى. ئۇمۇ تونۇش ئاۋاز بىلەن دۇدۇقلاپ سوزلىدى:

—قارىسىلا،.... كوزۇمگە نىمە كورۇنۇۋاتىدۇ؟

خۇادامامۇ ئۇ بىگىز قولى بىلەن كورسەتكەن تەرەپكە قارىدى، كوزىگە ئالدى تەرەپتىكى قەبىر كورۇندى. بۇ قەبىردىكى ئوت-چوپلەرنىڭ ژىلدىزلىرى تېخى تامام ژۇتمىگەن، سېرىق توپىلار ئەۋەلقىدەكلا تۇراتتى، بۇلار كوزگە ناھايىتى غەلىتى كورۇنەتتى. خۇاداما يەنە دىققەت بىلەن قارىدى، ئۇ ئىختىيارسىز ھەيران بولۇپ قالدى: ئۇنىڭ كوزىگە قەبىر ئۇستىگە كەيدۇرۇلگەن ئالا-يېشىل گۇلچەمبىرەك كورۇندى.

بۇلارنىڭ كوزلىرىنىڭ نۇرى كېتىپ قالغىنىغا بىرنەچچە ژىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئالا-يېشىل گۇلنى روشەن كوردى. بۇگۇل ئانچە كوپ بولمىسىمۇ، چەمبىرەك تازا ئوبدان ئورالمىغان بولسىمۇ، لېكىن رەتلىك ئىدى. خۇاداما دەرھال ئوز ئوغلىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ قەبرىسىگە قارىدى، ئۇ قەبرىلەردە سو-

غۇقتىن قورقمايدىغان بەزى ئۇششاق گۈللەر ئاندا ـ ساندا ئېچىـ
لىپ تۇراتتى. بۇنى كورگەن خۇادامانىڭ بىردىنلا كوڭلى يېرىم
بولدى ۋە گۈل چەمبىرىگىنى سۇرۇشتۇرگىسىمۇ كەلمىدى.
هېلىقى مۇماي يەنە بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ، قەبرىگە يېقىن
كېلىپ، دىققەت بىلەن بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن ئوز ـ ئو-
زىچە سوزلىدى:
ـــ بۇگۈلنىڭ ژىلدىزى يوق تۇرۇدۇ، ئوزى ئېچىلغاندەك
ئەمەس... بۇ يەرگە كىم كەلگەندۇ؟ ئۇششاق باللارغۇ كەلـ
مەيدۇ. ئۇرۇق ـ تۇققانلارنىڭ كەلمىگىنىگە خېلى بولدى....
بۇ قانداق گەپتۇ؟....
ئۇ خىيال سۇرۇپ تۇرۇپ، بىردىنلا ژىغلىۋەتتى ۋە ئاۋازىنى
قويۇپ بەردى:
ـــئوغلۇم يۈي ئەر، ساڭا ۋابال قىلدى. بۇ ناھەقچىلىق
سېنىڭ ئېسىڭدىن ھەرگىز كوتۇرۇلمەيدۇ، كوكۈل ئاغرىنغىنى
ئىچىڭگە سىغدۇرالىماي بۇگۈن مۇشۇ گۈللەر ئارقىلىق ئەتەيلەپما
كورسەتمەكچى بولۇۋاتامسەن؟ ... ئۇ ئەتراپقا قارىدى. كوزىگە
يۇپيۇماقلىرى چىقمىغان بىر تۇپ دەرەخ شېخىدا ئولتۇرغان بىر
قاغا كورۇندى. ئۇ يەنە سوزىنى داۋام قىلدى: ـــ ئۇختۇم. ئوغـ
لۇم يۈي ئەر، ئۇلار ساڭا قەست قىلدى، ئۇلارنىڭ ھالىغا
ئېچىنىش كېرەك. ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتماي
قالمايدۇ. خۇدا ئوزى ھەممىنى بىلگۈچى. سەن پەقەت كو-

زۇگنى ژۇمدۇك... ئەگە، مەشەدە بولساڭ، سوزلىرىمنى ئاڭلى-
غان بولساڭ،.... ئاۋۇ قاغىنى قەۋرىڭگە قوندۇر، كوزۇم بىلەن
كورۇپ كېتەي.

بوش چىقىۋاتقان شامال ئاللىقاچان توختىغان ئىدى. قۇرۇپ قالغان ئوت ـ چوپلەر خۇددى قېرىغان تىكەندەك تىك ـ تىك تۇراتتى. ئۇلارنىڭ شامالدا چىقارغان ئاۋازلىرى بارغانسىرى يوقۇلۇپ بېرىپ، ئاخىرى ئەتراپ خۇددى ئۇيقۇغا چومغاندەك جىمجىت بولۇپ كەتتى. ئىككۇيلەن قۇرۇق ئوت ـ چوپلەر ئىچىدە قارغىغا قاراپ تۇردى. قارغىمۇ تىك تۇرغان شاختا بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، تۇگۇلۇپ ئولتۇراتتى.

خېلى ۋاخت ئوتتى. تۇپراق بېشىغا چىققانلار بارغانسىرى كوپۇيۇشكە باشلىدى. بىر نەچچە قېرى ـ ياش كىشىلەر قەبرىلەرنى ئارىلاپ ژۇرمەكتە.

نىمە ئۇچۇندۇر، خۇادىما خۇددى يەلكىسىدىكى ئېغىر بىر ژۇك چۇشۇپ كەتكەندەك بولۇپ، قايتقۇسى كەلدى ۋە ھەمراسىغا:

— قايتىپ كېتەيلى. — دېدى.

ھېلىقى مۇماي بىر ئۇلۇق كىچىك تىنىپ ئالغاندىن كېيىن، مەيۇس ھالدا تاش ـ سەيلەرنى ژىغىشتۇردى. ئۇ يەنە بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇۋېلىپ، ئاخىرى ئاستا يولغا چۇشتى ۋە ئوز ـ ئوزىگە:

ـــ بۇ قانداق ۋەقە؟.....ـــ دېدى.

بۇلار 20 ـ 30 قەدەم ماڭماستىن، بىردىنـلا ئارقا تەرىپىدىن چىققان «قا ـ قاق» دېگەن بىر ئاۋازنى ئاڭـلىدى ۋە ئەندىكـكەن هالدا ئارقىسىغا قارىدى. هېلىقى قارغا ئىككى قانىتىـنى كېرىپ، بىر تۇگۈلۈپ ئېلىپ، خۇددى يانىڭ ئوقىدەك، ژىـراققا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

1919 - ژىلى ئاپرېل

# ئەرتە ①

— ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايدۇ، نىمە بولدىكىنە بۇ باي-
قۇشقا؟ — «قىزىل بۇرۇن» لەقەملىك لاۋگۇڭ سىرىق ھاراق قۇيغان
چىنىسىنى قولغا ئېلىۋېتىپ، ئۆي تەرەپتىكى تامنى ئىشارەت
قىلىپ غۇڭشىدى.

«كوك تىرە» لەقەملىك ئائۇ ئوزىنىڭ قاچىسىنى يەرگە قويۇپ،
بار كۈچى بىلەن لاۋگۇڭنىڭ دۈمبىسىگە بىرنى سېلىپ:

— سەن ... سەن ... يەنە نىيىتىڭنى بۇزۇشقا باشلىدىڭغۇ دەي-
مەن! ... — دەپ مەس ئاۋاز بىلەن ۋاقىردى.

لوجىڭ يېزىسى چەت بىر جاي ئىدى. بۇ يېزىدا بەزى
كونا ئورپ - ئادەتلەرمۇ ساقلىنىپ قالغان: كەچ كىرىشى بىلەنلا
بۇ يېزىنىڭ ئادەملىرى ئىشىكلىرىنى مەككەم بېكىتىپ، ئۇخلى-
فىلى ياتىدۇ، پەقەت ئىككى ئويدىلا يېرىم كېچىگىچە ئۇخلاش-
مايتتى: ئۇنىڭ بىرى، ھاراق خۇمار لۇكچەكلەر پوكەي ئەتراپىغا
ۋىغىلىشىپ، ھاراق ئىچىپ، تاماق يەپ پەيزە قىلىشىدىغان
«شەنخىن» مەيخانىسى: يەنە بىرى، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئىككى
ۋالدىن بىرى تۇل ئولتۇرغان، ئوزىنى ۋە ئۈچ ياشتىكى بالىسىنى

بىقىش ئۇچۇن، ژىپ ئىگىرىشكە مەجبۇر بولۇپ، كەچ ياتىدىغان، شەنسى دېگەن ئايالنىڭ ئويى ئىدى.

مانا بىر نەچچە كۈن بولدى، شەن سىننىڭ ئويىدە چاق ئاۋازى ئاڭلانماس بولۇپ قالدى. يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىمايدىغان پەقەت شۇ ئىككىلا ئوي بولغانلىقتىن، تامنىڭ ئۇ يېقىدىكى چاقنىڭ ناۋۇشىنى ئەلۋەتتە لاۋگۇڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاغىنىسىلا ئاڭلايتتى ۋە شەن سىننىڭ ئويىدىكى چاق ناۋۇشىنىڭ توختاپ قالغىنىنىمۇ پەقەت ئۇ ئىككىسىلا بىلەتتى.

لاۋگۇڭ ئوبدان بىر مۇش يېگەندىن كېيىن ھېچنەرسە بولمىغاندەك، لىق بىرچىنە ھاراقنى كوتۇرىۋېتىپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

شۇ ۋاختتا شەنسى كارۋاتنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇرۇپ بالىسىنى تەۋرىتىۋاتاتتى. ژىپ ئىگىرىدىغان چاق ژىتىمسىرىگەن ھالدا يەردە ياتاتتى. چىراقنىڭ گىرىمسەن يورۇغى بالىنىڭ كوكۇرۇپ – تاتىرىپ كەتكەن يۈزىگە چۈشۈپ تۇراتتى. شەنسى: «داخانىغىمۇ ئوقۇتتۇم، نەزىر – چىراقمۇ بەردىم، ئوزەم بىلگەن دورىلارنىمۇ ئىچكۈزدۇم، ھېچقانداق پايدا قىلمىدى. يەنە نىمە قىلىش كېرەك؟ ئەمدى بالىنى خەشياۋشەنىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ كورسۇتۇش قالدى. لېكىن باۋئەر كېچىسىلا قىزىپ، كۇندۇزى ياخشى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكۇن، كۇننىڭ چىقىشى بىلەن بىللە بويى سوۋۇپ، نەپەس قىسىلىشى توختاپ قالىسىمۇ

نىمە دېگىلى بولۇدۇ؟ ئاغرىق دايىم شۇنداق بولۇدىغۇ...» دەپ ئويلىدى.

شەنسى ئوقۇمىغان نادان ئايال ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «لېكىن» دېگەن سوزنىڭ ئوزىدە قانداق خەۋپ-خەتەر بار ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى. راس، بەزى بىر ۋاختلاردا بۇ خەتەرلىك سوز ئارقىلىق يامان ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولۇدىغان چاغلارمۇ بولۇدۇ. لېكىن تالاي-تالاي ياخشى ئىشلارنىڭ قايغۇلۇق ئاياقلىششىمۇ كوپ ئۇچرايدۇ.

ياز كېچىلىرى قىسقا بولۇدۇ. لاۋگوگىنىڭ غىڭشىپ ئېيتقان ناخشىسى توختىغىلى كوپ ۋاخت ئوتمىدى، شەرق تەرەپتىن ئاسمان يورۇشقا، دېرىزىنىڭ يۇچىغىدىن تاڭ سەھەرنىڭ كومۇشتەك نۇرلىرى چۈشۈشكە باشلىدى.

باشقىلارغا چاپسان تۇيۇلىسىمۇ، شەنسى ئۈچۈن تاڭنىڭ ئاتمىقى ئاسان بولمىدى. ئۇنىڭغا تاڭ ناھايىتى ئاستا ئېتىۋاتقاندەك سېزىلەتتى. باۋئەرنىڭ ھەر بىر دەم ئېلىشى چەكسىز ئۇزاققا سوزۇلغاندەك تۇيۇلاتتى. ئاخىرى، تاڭ ئېتىپ، دېرىزىدىن چۈشكەن يورۇقلۇق چىراقنىڭ گىرىمسەن يورۇغىنى باستى. مانا ئەمدى شەنسى بالىسى باۋئەرنىڭ بۇرۇن تۇشۇكلىرى خۇددى يەلپۈگۈشتەك بىر كېڭىيىپ، بىر تارىيىپ، دەم ئېلىشى قىيىنلىشىۋاتقانلىقىنى كوردى.

ئۇ، بالىنىڭ ھالى ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىگىنى سېزىپ:
—ۋايىيەي! ئەمدى قانداق قىلارمەن، ئەمدى خەشياۋ شەننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىش كېرەك، باشقا ئىلاجى يوق. —دەپ ۋاقىرىۋەتتى.
شەن سى ئوقۇمىغان نادان ئايال بولسىمۇ، غەيرەتلىك ئىدى. بويىغاچ ساندۇقتىكى ئۆزىنىڭ بىر تىيىنلاپ ژىققان 13 يارچەن 180 ياماق ئاقچىسىنى ئېلىپ يانچۇغىغا سالدى، ئاندىن ئىشىگىنى ئېتىپ، بالىسىنى كوتۇرۇپ ئالدىراشلىق بىلەن خەشياۋشەننىڭ ئويىگە قاراپ كەتتى.
تېخى ناھايىتى ئەتتىگەن ئىدى. لېكىن خەشياۋشەننىڭ ئويىدە تورت ئاغرىق كىشى ئولتۇرۇپتۇ، شەن سى يانچۇغىدىن تورت يارچەن چىقىرىپ، نومېر ئالدى. باۋئەرگە بەشىنچى نومېر تەگدى، ئاخىرى شۇنداق قىلىپ، ئۇ خەشياۋشەننىڭ ئالدىغا كىردى. خەشياۋشەن قولىنى سوزۇپ بالىنىڭ تومۇرىنى تۇتقىلى باشلىدى. خەشياۋشەننىڭ تىمائىرى شۇنچە ئۇزۇن ئىدىكى، شەن سى ناھايىتى ئەجەپلىنىپ، ھۆرمەت تۇيغۇسىغا تولغان ھالدا: «باۋئەرنىڭ ساقىيىشى چوقۇم» دەپ—ئويلىدى. ئەمما ئۆزىنىڭ ئەنسىرىشىنى يوشۇرالماستىن، تەشۋىشلەنگەن ھالدا:
—موللام، ئېيتسىلىچۇ، بالام نىمە بولغاندۇ؟—دېدى.
—قەۋزىيەت بولۇپ قاپتۇ.
— خەتەرلىك ئەمەسمۇ؟ بۇ...

— ئاۋال مەن بۇيرۇغان دورىنى ئىچىۋەتسۇن.

— بالىنىڭ دەم ئېلىشى ناھايىتى ئېغىر، بۇرۇنلىرى كېرد-لىپ تۇرۇدۇ. بۇ، ئوتىنىڭ مەدەندىن ئۇستۇن كەلگىنى②...

سوزىنى تۇگەتمەيلا، خەشياۋشەن كوزىنى ژۇمدى؛ شەنسى يەنە سۇئال بېرىشكە پېتىنالمىدى. ئاگىنچە خەشياۋشەنىنىڭ ئۇدۇلدا ئولتۇرغان ئوتتۇزياشلاردىكى كىشى دورىغا رېتسىپ يېزىپ بەردى ۋە قەغەزنىڭ بۇرجىگىدىكى بىر نەچچە خەتنى كورسۇتۇپ:

— بۇ باللار ئۇچۇن ئەڭ ياخشى دورا. بۇ دورىنى پەقەت جياۋئائىلىسىگە قاراشلىق ئاتاقلىق «جىشى» دېگەن دورا پۇرۇش-لۇق دۇكىنىدىن تېپىش مۇمكۇن! —دېدى.

شەنسى رېتسىپنى ئېلىپ، خىيال سۇرگەن ھالدا تالاغا چىقتى؛ ئۇ نادان ئايال بولسىمۇ «جىشى» دۇكىنى ئوزىنىڭ ئويىدىن كورە، خەشياۋشەنىنىڭ ئويىگە يېقىنراق ئىكەنلىگىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئەلۋەتتە، ئاۋال دورىنى سېتىۋېلىپ، ئاندىن ئويگە قايتىش توغرىراق ئىدى. شەنسى ئالدىراشلىق بىلەن «جىشى» دۇكىنىغا قاراپ ماگدى. دورا پۇرۇش ئوزىنىڭ ئۇ-زۇن تىماقلىرىغا زوخلۇنۇپ تۇرۇپ، رېتسىپكە ئۇزۇندىن — ئۇزۇن قاراپ، ئاندىن كېيىن ئاستا ئالدىرىماستىن دورىلارنى ئوراپ بەردى، شەنسى بالىسىنى كوتەرگەن ھالدا، ئورە قاراپ تۇردى.

باۋئەر بىردىنلا كىچىككىنە قوللىرىنى چىقىرىۋېلىپ، چىگىشلىنىپ كەتكەن يىپەكتەك چېچىنى ژۇلۇشقا باشلىدى. ئۇھېچقاچان مۇنداق قىلىق قىلمايدىغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن شەنسى قورققىنىدىن قېتىپ قالدى.

شەنسى ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا كۆپ خىيلى ژۇقۇرى كوتۇرۇلگەن ئىدى: ئۇنىڭ بىر قولىدا دورا، يەنە بىر قولىدا بالا بولۇپ، ئۇنىڭ ژۇكى بارغانسىرى ئېغىرلاشماقتا ئىدى. باۋئەر پۈتۈن يول داۋامى ئەنسىزلەندى، بۇنىڭدىن يول تېخىمۇ ژىراقلاشقاندەك سېزىلەتتى. ھالسىزلانغان شەنسى، يولنىڭ چېتىگە چىقىپ، چوڭ بىر باينىڭ ئىشىگى يېنىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ بارلىق بەدىنى تەرلەپ، كىيىملىرى تېنىگە يېپىشىپ كەتكەن ئىدى: باۋئەر جىم-جىت ئۇخلاۋاتقاندەك كورۇنەتتى. شەنسى تەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ پۇتلىرىنى ئاران يوتكەپ ئىلگىرى قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىمدۇربىرىنىڭ:

— شەنسى، ئەكە بالىنى، مەن كوتۇرۇۋالاي! — دېگىنى ئاڭلاندى.

بۇ، ئائۇ «كوك تېرە»نىڭ ئاۋازى ئىدى. شەنسى بېشىنى كوتۇرۇپ ئائۇ نىڭ كېلىۋاتقىنىنى كوردى. ئۇنىڭ كوزلىرى تۇتۇق ۋە ئۇيقۇلۇق ئىدى.

شۇ پەيىتتە شەنسى قانداقتۇر بىرەر خىزىرنىڭ غايىپتىن كېلىپ، ياردەم قىلىشىنى كۈتكەن ئىدى، لېكىن ئۇ بۇ ياردەمنىڭ

ئائۇ تەرىپىدىن بولۇشىنى پەقەتلا خالىمايتتى. ئەمما ئائۇ مەرتلىك قىلىپ، شەنسىنىڭ ئۇنۇمسىنىشىغا قويماي ياردەم قىلاي دەپ تۇرۇۋالدى. ئاخىرى شەنسى ئۇنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلدى. ئائۇ قولىنى سۇنۇپ، شەنسىنىڭ ئىككى كوكسى ئوتتۇرىسىدىن ئوتكۇزۇپ، شەنسىنىڭ قۇچىقىدىكى بالىنى ئالدى. ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ تېگىشى بىلەن، شەنسىنىڭ كوكسىدىن باشلانغان بىرخىل ئىسسىق قان قۇلاقلىرىغىچە بېرىپ ئەزايىنى شىرقىرىتىۋەتتى.

ئۇلار ئارىلىرىدا بەلگۇلۇك ژىراقلىق قالدۇرۇپ بىللە ماڭدى. ئائۇ ئۇنىڭغا بىر نىمىلەرنى دەيتتى، ئەمما شەنسى ھېچبىر جاۋاپ قايتۇرماي كېلىۋاتاتتى. ئۇ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن توختاپ، ئۇنى چۇشلۇك غىزانى بىللە يېيىشكە تۇنۇگۇن ۋەدە قىلىپ قويغان ئاغىنىسىنىڭ كۇتۇپ قالغىنىنى ئېيتىپ، شەنسىگە بالىنى ياندۇرۇپ بەردى. شەنسى بالىنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ بەختىگە ئويىمۇ يېقىن قالغان ئىدى. شەنسى ژىراقتىن داۋزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ۋاڭ جيۇ مۇمايىنى كوردى.

— بالا قانداق شەنسى؟ تېۋىپكە كورسەتتىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— كورسۇتۇشنى كورسەتتىم... ۋاڭجيۇ مۇما، سەن ئوز ئومرۇڭدە كوپنى كورگەنغۇ، ئوزەڭنىڭ تەجرىبىلىك كوزۇڭ بىلەن بىر قاراپ باقسىنا، بالام نىمە بولدىكىن؟...

— ھىم...

— قانداق؟.

ــــهىم...ــــدەپ ۋاڭجيۇ مۇماي بالىغا بىر قاراپ چىقىپ،
چوڭقۇرتىنىدىدە، بېشىنى چايقىدى.

باۋئەر دورىسىنى ئىچكەندە چوش مەزگىلى ئىدى. شەنسى دىققەت بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، بالىنىڭ دەم ئېلىشى يېنىكلەنگەندەك بولدى. كەچقۇرۇنلۇقى باۋئەر تۇيۇقسىز كوزىنى ئېچىپ، «ئاپا» دەپ بىرلا قىچقاردى ــ دە يەنە ئۇخلىغاندەك كوزىنى ژۇمۇۋالدى. باۋئەرنىڭ ئۇخلىغىنىغا چارەك سائەت ئوتمەستىن پېشانىسىدىن، بۇرۇنلىرىنىڭ ئۇستىدىن مونچاق ــ مونچاق تەرلەر چىقىشقا باشلىدى، شەنسى ئاستا ئۇ تەرلەرنى ئەرتىپ ئولتۇرۇپ، تەرنىڭ قولىغا يېلىمدەك چاپلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى. شەنسى نېمە قىلارىنى بىلمەي، بالىسىنىڭ مەيدىسىنى تۇتتى، ئەمما، بۇقېتىم ئوزىنى توختۇتۇۋالالماي ژىغلاۋەتتى.

بالىنىڭ ئاگلانماس دەرىجىدە سوقۇۋاتقان ژۇرىكى بارغانسېرى ئاستىلىماقتا ئىدى. ئاۋال ئىچىدە ئوكسۇپ ژىغلاۋاتقان شەنسى هوڭ تارتىپ ژىغلاشقا باشلىدى. هويلىغا ئادەملەر ژىغىلدى، ۋاڭ جيۇ مۇماي بىلەن ئائۇ ئويىگەكىردى، قالغانلىرى تالادا قالدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەيخانىنىڭ ئىگىسى ۋە لاۋگوگلارمۇ بار ئىدى. ۋاڭ جيۇ مۇماي ئۇنىڭغا ــ بۇنىڭغا بۇيرۇق بېرىشكە باشلىدى. ئەرۋاغا ئاتالغان بىر بولاق قەغەز ئاقچىنى كويدۇردى ۋە ياردەملەشكەن ئادەملەرگە زىياپەت بېرىش ئۇچۇن، شەنسىنىڭ ئىككى بەندىگى ۋە 4 ــ 5 قۇر

كىيىمىنى گورۇگە قويۇپ ئىككى دوللار پۇل جايلىدى.

ئەڭ ئالىدى بىلەن مۇردىنى سالىدىغان ساندۇق تېپىش كېرەك ئىدى. شەنسىنىڭ يەنە بىر جۈپ كۈمۈش ھالقىسى ۋە ئالتۇن يالاتقان چازىسى قالغان ئىدى. ئۇلارنى كېپىل بولۇپ مۇردىنى سالىدىغان ساندۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بېرىم نەق، بېرىم نېسىگە مەيخانىنىڭ ئىگىسىگە بەردى. ئائۇ قولىنى ژۇقۇرى كوتۇرۇپ، ئوزىنىڭ ياردەملەشمەكچى ئىكەنلىگىنى ئىپادىلاپ، بىز ھارقىلغان ئىدى؛ ۋاڭ جيۇ مۇماي ئۇنى سىلكىۋېتىپ، ئۇنىڭغا ئەتىلىككە مۇردا سېلىنىدىغان ساندۇقنى تۇپراق بېشىغا ئاپىرىشقا رۇخسەت قىلدى.

—ھەي، ئالجىغان قاخۋاش! دەپ تىللىۋاتتى ئائۇ ۋە تېرىكىپ قوشۇمىسىنى تۇردى.

كەچقۇرۇن مەيخانىنىڭ ئىگىسى كېلىپ ساندۇقنىڭ سەھەرلىكتە تەييار بولۇشىنى ئېيتتى. ئۇ كەلگەچە شەنسىگە بولاشقانلارنىڭ ھەممىسى كەچقۇرۇنلۇق تاماقنى ئىچىپ بولۇپ، لۇجىگلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە، كەچكىرىشى بىلەنلا، ئويلىرىگە تارقىشىپ كەتتى. پەقەت ئائۇ «شەنەخىن» مەيخانىسىنىڭ ئالدىدىكى پوكەيگە يولۇنۇپ تۇرۇپ، مەي ئىچىۋاتاتتى، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان لاۋگوڭ ئوزىنىڭ ناخشىسىنى غىڭشىپ ئېيتىۋاتاتتى.

شەنسى يالغۇز قالدى ۋە كارۋاتنىڭ چېتىدە ئولتۇرۇۋېلىپ ھېچ توختىماستىن ژىغلىماقتا ئىدى، باۋئەرمۇ شۇيەردە ياتاتتى،

چاقمۇ ھېچ ئۇن چىقارماي يەردە ياتاتتى، خېلى ۋاخىت ئۆتتى؛ ئاخىرى شەنسى بار ژىغىسىنى ژىغلاپ بولغاندەك بولدى، ئۇنىڭ كوزلىرى ئېشىشىپ كەتتى، ئۇ قانداقتۇر بىر ئەجەپ تۇيغۇ بىلەن ئەتراپىغا قارىدى: ئۇنىڭ بولغان ۋەقەگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

—— ياق - ياق. —— دېدى ئۇ ئوزىگە، —— مەن ھازىر ئۇخلاۋاتىمەن، ئەتىگەنلىككە ئوخىنىغاندا باۋئەرنىڭ يېنىمدا ئۇخلاۋاتقىنىنى كورۇمەن، ئۇمۇ ئوخۇنۇدۇ ۋەمېنى «ئاپا» دەپ چاقىرىدۇ، ئاندىن سەكرەپ تۇرۇپ ئويناشقا باشلايدۇ...

لاۋگۇگىنىڭ ناخشىسى توختىغىنىغا خېلى ۋاخىت بولدى، «شەنخىن» مەيخانىسىدىمۇ چىراق ئوچتى.

شەنسى كوزلىرىنى ئاچتى. بولغان ئىشلارغا زادى ئىشەنمەيتتى، توخۇلار قىچقىرىپ، شەرق تەرەپ يورۇغىلى باشلىدى، تاڭ سەھەرنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرى دېرىزىنىڭ يوچۇقلىرىدىن چۇشۇپ تۇراتتى.

كۇمۇشتەك ئاق تاڭ نۇرى ئاستا - ئاستا قىزىرىشقا باشلىدى، نۇرى گېزىتكە چۇشتى. شەنسى كوزلىرىنى يوغان ئاچقان ھالدا ھەركەتسىز ئولتۇراتتى. كىمدۇر بىرى ئىشىكنى ئۇردى. ئىشىك ئالدىدا بىر نەرسە كوتەرگەن يۇچۇن بىركىشى، ئۇنىڭ كەينىدە ۋاڭ جيۇ مۇماي تۇراتتى.

—— ۋاي - يەي! بۇلار ساندۇقنى ئېلىپ كېلىپتۇ.

چۈشتىن كېيىنلا ساندۇقنىڭ ئۈستىگە قاپقىقىنى قويۇشتى: شەنسى باۋئەردىن كوز ئالماي ژىغلاۋەدى. ھېچقايسىسى ساندۇقنى ھەم يېپىۋېتىشكە پېتىنالمىدى. كۆتۈپ زېرىككەن ۋاڭ جيۇ مۇماي ئاخىرى شەنسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاچچىقى بىلەن ئۇنى نېرى ئىتىپ كەتتى. شۇزامان ساندۇقنىڭ قاپقىقى قولمۇ-قول مىخلاندى.

شەنسى ئوز ئوغلى باۋئەرنى ناھايىتى ياخشى ئۇزۇتۇشقا كىرىشتى. كام-كۇسسىنى قالدۇرمىدى، خۇداغا ئاتالغان بىر بولاق قەغەز ئاقچا تېخى تۈنۈگۈن كويدۇرۇلگەن ئىدى. ئەتەگەنلىكتە دەپىن قىلىشتا ئوقۇلۇدىغان ئايەتلەر يېزىلغان قىرىق توققۇز قەغەزمۇ كويدۇرۇلدى. باۋئەرگە باشتىن-ئاياق يېڭى كىيىم كېيگۈزۈلدى. ئۇ ياخشى كورۇدىغان ئويۇنچۇقلارنىڭ ھەممىسى-لايدىن ياسالغان كىچىككىنە ئادەم، ئىككى چوچەك ۋە ئىككى ئەيتەك قۇتا ساندۇقنىڭ باش تەرىپىگە تىزىلدى. ۋاڭ جيۇ مۇماي دىققەت بىلەن سەپ سېلىپ قاراپ ھېچقانداق كامچىلىق تاپالمىدى.

بۈگۈن «كوك تېرە» ئائۇ زادىلا كەلمىدى. شەنخىن مەيخانىسىنىڭ خوجايىنى شەنسى ھەدىگە ئىككى خىزمەتكار تېپىپ بېرىپ، ئۇلارغا 210 داچەندىن پۇل بېرىپ، مېيىتنى پاشالىق گورۇستانغا ئاپىرىپ يەرلەتتۇردى. ۋاڭجيۇ مۇماي يەنە بىرقېتىم يادەملەشكۈچىلەرگە غىزاقىلىشقا بولۇشتى. غىزادىن كېيىن،

كۆن تاغنىڭ كەينىگە ئوتكەندە ، ھەممىسى كېتىشنىڭ تەرەد-
دۇتىنى قىلىپ، ئاستا تارقىشىپ ئويلىرىگە كەتتى.

شەنسى بېشىنىڭ قېيىپ كەتكەنلىگىنى سەزدى. بىر ئازدەم
ئالغاندىن كېيىن كوڭلى ئازراق ئارام تاپتى، لېكىن ئۇنىڭ كوڭ-
لىدە بىر قالايمىقان ئويلار ھوكۇم سۇرمەكتە ئىدى. ئومىرىدە
ھېچقاچان ئۇچراتمىغان، مۇنداق بولار دەپ ئويلاپمۇ باقمىغان
ۋەقە يۈز بەردى. ئۇ ئويلىغانسىرى ئەجەپلەندى، ئۇ يەنە
بىر ئاجايىپ «يېڭىلىقنى» سەزدى: شۇنچە ژىل ياشىغان ئويى
بىردەمدىلا چەكسىز جىم - جىتلىققا چوكتى.

شەنسى ئورنىدىن تۇرۇپ چىراق يېقىۋىدى، ئوي تېخىمۇ جىم-
جىت بولۇپ سېزىلدى. شەنسى ئىختىيارسىز ئىشكنى بېكىت-
تىدە، يېنىپ كېلىپ كارۋاتنىڭ بىر چېتىگە ئولتۇردى، ئوينىڭ
ئوتتۇرىسىدا ئىگىسىز قالغان چاق ژىتىمسىرەپ ياتاتتى، شەنسى
دىققەت بىلەن ئويگە قاراپ چىقتى ۋە مۇنداق ئولتۇرۇشنى
داۋام قىلدۇرۇشقا تاقىتىنىڭ يەتمەسلىگىنى سەزدى، بۇئوي
ناھايىتى يوغان ۋە بوش، ئىچىدىكى جابدۇقلارمۇ ئوزلىرىنىڭ
ئېتىۋارىنى يوقاتقان ئىدى، ئەتراپتىكى بوشلۇق شەنسىنى قاپ-
سىماقتا ۋە ئوي ئىچىدىكى ھاجەتسىز جابدۇقلار ئۇنىڭ ژۇرى-
گىنى قىسماقتا ئىدى، ئۇدەم ئالالماي قالدى.

شەنسى باۋئەرنىڭ ئولگىنىگە ئەمدى ئىشەندى، ئۇئوينى
كورۇشكە خالىماي، چىراقنى ئوچۇرىۋېتىپ ياتتى، ئۇزاق ژىغ-

لاپ يېتىپ: «مەن ژىپ ئىگىرىپ ئولتۇرغان ۋاختىلاردا باۋئەر يېنىمدا ئاپىدىيان سۈيىگە سالغان پۇرچاق يەپ ئولتۇرۇپ، ئوزى-نىڭ قاراكوزلىرى بىلەن ماڭا قارايدىغان ۋە بىرقېتىم قانداقتۇر ئۇ ئويلۇنۇپ تۇرۇپ:

—ئاپا! دادام چۇچ-ۇرە ساتاتتى، مەنمۇ چوڭ بول-غاندا چۇچۇرە ساتىمەن. ئاقچىنى تازاجىق تېپىپ، ھەممىسىنى ساڭا بېرىۋېتىمەن،—دېگەن ئىدى، دېدى.

شۇۋاختىدا شەنسىنىڭ قولىدىكى ئىگىرىۋاتقان ژىپ تېخىمۇ مەنىلىك، تېخىمۇ جانلىق تۇيۇلغان ئىدى. ئەمدىچۇ؟

بۇ سۇئالغا شەنسى جاۋاپ تاپالمىدى.

مەن ئېيتتىمغۇ: ئۇنادان ئايال ئىدى دەپ؛ شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇقانداقمۇ جاۋاپ تاپ-الىسۇن؟ ئۇپەقەت ئوينىڭ ھېچنەرسىسىز بوش، يوغان ۋە جىم-جىت قالغانلىغىنىلا سېزەتتى، خالاس. لېكىن ئۇ، چىققان جاننىڭ يېنىپ كىرمەسلىگىنى ۋە باۋئەرنى يېنىپ كورمەسلىگىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ چۇڭقۇرتىندى-دە، ئۇنلۇك رەۋىشتە:

—باۋئەر، سەن ئاۋالقىدەكلا مېنىڭ يېنىمدا بولۇشۇڭ كېرەك. ئېيتقىنا، چۇشۇمگە بولسىمۇكىرىپ تۇرۇسەن-ھە؟راستىمۇ؟—دېدى.

ئۇ باۋئەرنى چاپسانىراق كورۇش ئۇچۇن كوزلىرىنى ژۇمۇپ ئۇخلىماقچى بولدى، بۇھوكۇم سۇرگەن جىم-جىتلىقتا ۋە ھېچ-قاچان بولمى-غان بۇ جانسىز-بوش ئويدە ئۇ ئوزىنىڭ ھەس-

رەتلىك دەم ئېلىشىنى ئاشكارە ئاڭلاپ ياتتى.

ئۇ يقائاستا ـ ئاستا ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالـدى، ئوينى جىم ـ جىتلىق قاپلاپ ئالدى، ئاڭلىنىپ تۇرغان لاۋگـۇڭنىڭ ناخشىسىمۇ پەسلىدى، ئۇ مەيـخانىدىن چىقىپ:

ـــبىچارەم، قانداق ئايايمەن مەن سىنى، يالغۇز ژىتىم...ــــ دەپ كۇلكۇلۇك ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

ئائۇ ـ كوك تېرە ئۇنىڭ مۇرىسىگە مەككەم ئېسىلىۋالدى ۋە ئىككىسى كۇلۇشۇپ، پۇتلۇشۇپ، ھەر بىر قەدەمدە بىر ـ بىرىنى ئىشتىرىشىپ كېتىپ باراتتى.

شەنسى ئۇخلاپ قالدى، لاۋگۇڭ بىلەن ئائۇكەتتى، «شەنـ خىن» مەيخانىسىمۇ يېپىلدى، لۇجىڭ يېزىسى تولۇق جىم ـ جىتـ لىققا چوكتى، پەقەت قاراڭغۇ كېچىلا ئەتە كۇندۇزگە ئايلىنىش ئۇچۇن ئالدىراپ بۇ جىم ـ جىتلىق ئارقىلىق ئوتمەكتە ئىدى ۋە قەيەردىدۇر قاراڭغۇلۇقتا يالغۇز ئىتلارنىڭ ھۇلىشى ئاڭلىناتتى.

1920 ـ ژىل ئىيۇن.

# كىچىككىنە بىر ئىش ①

مىنىڭ سەھرادىن پايىتەختكە كەلگەنلىگىمگە، كوزنى ژۇ-
مۇپ ئاچقىچە 6 ژىل بولۇپ قالدى. بۇ ئارىدا قۇلۇغۇم ئاڭلى-
غان ۋە كوزۇم كورگەن «دولەتنىڭ ئۇلۇق ئىشلىرى»مۇ ئاز
ئەمەس. ئەمما بۇ ئىشلار كوڭلۇمدە ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىدى.
ئەگەر شۇ ئىشلار توغرىسىدىكى تەسىراتلىرىمنى ئەسلەيدىغان بول-
سام، مىنىڭ ئۇنىڭسىزمۇ ئەسكى بولغان مۇجەزىم قوزغۇلۇپ
قالدۇ — راستىنى ئېيتسام، ئۇ ئىشلار مىنى كۈندىن-كۈنگە
ئادەمنى كوزگە ئىلمايدىغان قىلىپ قويۇدۇ.

ئەمما كىچىككىنە بىر ئىش بار، ئۇ ئىش مەن ئۇچۇن ناھا-
يىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئىش مىنى ئەسكى مۇجەزىدىن
قۇتۇلدۇردى، مەن بۇ ئىشنى ھازىرغىچە ئۇنۇتالمايمەن.

مىنگونىڭ 5-ژىلى قىش كۈنلىرى، شىۋىرغانلىق بوران
قاتتىق سوقۇۋاتاتتى. مەن تۇرمۇش غېمى بىلەن سەھەردىلا كوچىغا
چىقىپ يول ژۇرۇشكە مەجبۇر بولدۇم، يولدا پۇتۈنلەي دېگۇ-
دەك ئادەم ئۇچرىمىدى، ئاران بالالىقتا بىررىكشىنى سوزلەشتىم-
دە، ئۇنىڭغا «S» دەرۋازىسىغا ئېلىپ بارغىن دېدىم. بىر ئاز

ۋاختتىن كېيىن بوران پەسەيدى. يوللاردىكى چاڭ ـ توزانلار ئاللىقاچان تۈگەپ، يوللار پاك ـ پاكىزە بولۇپ قالغان ئىدى. رىكشىچىمۇ ئىلدام چاپتى، «S»دەرۋازىسىغا يېقىن يېتىپ بارغاندا ئۇشتۇمتۇت رىكشىنىڭ تۇتقۇسى بىر ئادەمنى ئىلىۋالدىدە، ئۇ ئادەم ئاستا ژىقىلىپ چۈشتى.

ژىقىلىپ چۈشكۈچى بىر ئايال ئىكەن، ئۇنىڭ چاچلىرى ئاقارغان، كىيىملىرى ئەبجەق، ئۇ، چوڭ يولنىڭ بىر چېتىدە ئۇشتۇمتۇت رىكشىغا توغرى كېلىپ قالغان ئىدى. رىكشىچى يول بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پاختىلىق كەمزۇلىنىڭ تۈگمىلىرى ئېتىلمەي شامالدا ئىككى ياققا يەلپۈنۈپ تۇرغانلىقتىن، رىكشىنىڭ تۇتقۇسىغا ئىلىشىپ قالدى، بەختىكە يارىشا رىكشىچى توختاپ قالغان ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇخوتۇن موللاقلاپ چوشۇپ باش ـــ كوزى يېرىلار ئىدى.

خوتۇن ژىقىلار ـ ژىقىلماستىن رىكشىمۇ دەرھال توختىدى. مەن، بۇ مۇماي قاتتىق ژىقىلمىدى، ئۇنىڭ ژىقىلغانلىغىنى باشقا ئادەممۇ كورمىدى، رىكشىچىنىڭ نىمە كارى بار، بۇ مېنىڭ يولۇمغا بىكاردىن ـ بىكار كاشىلا قىلىۋاتىدۇ دېگەن خىيالىغا كەلدىم.

ـــ ھېچگەپ يوق، ـــ دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ، ـــ سەن ئوز يولۇڭغا مېڭىۋەر! ـــ رىكشىچى مېنىڭ سوزۇمنى پىسەن قىلمىدى ياكى ئاڭلىماي قالدى، ئۇ رىكشىسىنى تاشلاپ قويۇپ ھېلىقى مۇماينى بېلىگىدىن يولەپ تۇرغۇزۇپ سورىدى:

ـــ نىمە بولدىلا؟

ـــ قاتتىق ژىقىلىپ كەتتىم.

مەن: «ئاستا ژىقىلغانلىقىڭنى كوزۇم بىلەن كورۇپ تۇرسام، قانداقسىگە قاتــتىق دەيسەن؟ ئوكتەملىك قىلىسەن. بۇ تازىمۇ مۇتەھەملىك بولدىدە، رىكشىچىمۇ ئوزىگە ـ ئوزى كاشىلا تاپتى، ئەمدى ئوزەڭ تاپقان بالاغا بىر ئامال قىل» دەپ ئويلۇدۇم.

رىكشىچى مۇماينىڭ سوزىنى ئاڭلاپ قىلچە تېڭىرقىماستىن، ئۇنى قولتۇغىدىن يولەپ ئاستا ئالــدىغا ماڭــدى، مەن بىر ئاز ھەيران بولۇپ ئالدى تەرەپكە قارىدىم، بىر ساقچى ئىدارىسى كورۇندى. شىۋىرغاندىن كېيىن ئىدارىنىڭ ئالدىدا بىرمۇ ئادەم كورۇنمەيتتى، رىكشىچى ھېلىقى مۇماينى يولەپ، ساقچى ئىدارــ سىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى.

مەندەشۇئاندا ئۇشتۇمتۇتلا باشقىچە بىر ھىسيات پەيدا بولدى. رىكشىچىنىڭ توپىغا مىلانگەن قىياپىتى بىردەمدىلا مېنىڭ نەزــ رىمدە زورىيىپ كەتتى. ئۇ ژىراقلاشقانسىرى ماڭا ئۇلۇق كورۇنــ گىلى تۇردى. بوينۇمنى سوزۇپ ژۇقۇرى قارىغاندىلا ئانــدىن ئۇنىڭغا كوزۇم يېتىدىغاندەك تۇيۇلدى.

ھەتتا ئۇ، مەن ئۇچۇن ئاستا ـ ئاستا بىر تۇرلۇك تەھدىتكە ئايلانغىلى، مېنىڭ تېرە تونىغا ئورالغان «كىچىك» بەدىنىمنى سىقىپ تاشلىغىلى تۇرغاندەك تۇيۇلدى.

مەن شۇچاغدا ھۇشۇمدىن كېتىپ قالغان بولسام كېرەك. ھەرىكەتــ

سىز، پىكىرسىز ئولتۇرۇپ قالدىم ـ دە، ساقچى ئىدارىسىدىن بىر ساقچى چىققاندا رىكشىدىن چۈشتۈم، ساقچى ماڭا يېقىن كېلىپ:

ـــ باشقا رىكشا تېپىپ كىرا قىلىڭلار، ئۇ سىزنى ئاپىرالمايدىغان بولدى. ـــ دېدى.

مەن ھېچبىر ئويلىنىپ تۇرماستىن، پەلتەمنىڭ يانچۇقىدىن بىر سىقىم تومپۇرنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا بېرىپ قويۇڭ، دەپ ساقچىغا بەردىم.

بوران تامام توختىدى. يول تېخىچە جىمجىت، مەن يولدا كېتىۋېتىپ، ئويغا چومدۇم. ئۆزەمنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالماي قالدىم، ئىلگىركى ئىشلار ۋاقىتنىڭچە تۇرۇپ تۇرسۇن، بىر سىقىم تومپۇردىن نىمە مەنا چىقىدۇ؟ ئۇنى تەقدىرلىدىمۇ؟ مەن رىكشىچىگە ھوكۇم قىلالا يەمەنمۇ؟ مەن ئۆزەمنىڭ سۇئاللىرىمغا ئۆزەم جاۋاپ بېرەلمەيتتىم.

بۇ ئىش ھازىرغىچە ئېسىمدىن كەتمەيدۇ. مەن مۇشۇ سەۋەپتىن ھېمىشە ئازاپلىنىمەن، ئۆزەمنى ئويلاپ كورۇشكە تىرىشىمەن. نەچچە ژىلدىن بۇيانقى سىياسەت ۋە ھەربىي ئىشلار خۇددى بالا ۋاقتىمدا ئوقۇغان «كۇڭزى نەقىل قىلىدۇ»، «رىۋايەتلەردە ئېيتىدۇ» دېگەن سوزلەرگە ئوخشاش، ئېسىمدىن كوتۇرۇلۇپ كەتتى. پەقەت مۇشۇ كىچىككىنە بىر ئىش ھېمىشە كوز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. بەزىدە ناھايىتى روشەنلىشىپ مېنى خىجىل قىلىدۇ. مېنى يېڭى ئادەم بولۇشقا ھايدايدۇ. مېنىڭ غەيرىتىم ۋە ئۈمىتىمنى ئوستۇرۇدۇ.

1920 ـ ژىل، ئىيۇل.

# چاچ ھەققىدە ھېكايە ①

— بەللى ، بۈگۈن ئۆكتەبىرگە ئون بولۇپ قاپتۇ. — دېدىم يەكشەنبە كۈنى سەھەردە كالىندارنىڭ بىر ۋارىقىنى ژىرتىۋېتىپ، يېڭى ۋاراقىغا قاراپ. — بۈگۈن 10 – ئۆكتەبىر بايرىمى. بۈنىڭغا بايرام توغرىسىدا گەپ – سۆزمۇ يېزىلماپتۇ!

پىشقەدەم بۇرادىرىم N مۇڭداشقىلى ئۆيۈمگە كەلگەن ئىدى. ئۇ بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، كوڭلى غەش بولغان ھالدا دېدى:

— شۇلار توغرى قىلغان! ئۇلار ئۇنتۇپ قالسا، نىمە بوپتۇ. سىز ئۇنۇتمىغان بولسىڭىز نىمە بوپتۇ!

بۇ N ئەپەندى مۇجەزى باشقىچىرەك بىر ئادەم ئىدى. پات – پات ئورۇنسىز خاپا بولۇپ، زامانغا توغرى كەلمەيدىغان سۆزلەرنى قىلىپ قوياتتى. ئۇنداق چاغلاردا مەنمۇ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتىم، سۆزىگە ئانچە ئارىلاشمايتتىم. شۇڭا ئۆز – ئۆزىچە سۆزلەپ، بېسىقىپ قالاتتى.

— مەن بېيجىڭنىڭ 10 – ئۆكتەبىر بايرىمىنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈمەن. — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ، — سەھەردىلا ساقچىلار ئىشىك ئالدىغا كېلىپ «بايراق ئېسىڭلار!»، دەپ بۇيرۇيدۇ،

شۇنىڭ بىلەن «خوش، ھازىر ئاسمىز» دەپ، ھەر قايسى ئىشىك ياكى دەرۋازىدىن بىردىن گىراژدان خوشياقمىغانلىقىنى چىقىپ، ئوكۇپ ئالا ـ بۇلا بولۇپ كەتكەن بىر پارچە كوناچىتنى ئېسىپ قويۇدۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە بايراقلارنى چۈشۈرۈۋېلىپ، ئىشىك- لىرىنى تاقايدۇ، بەزىلىرى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، بايراق ئەرتى- سى چۈشكىچە ئېسىغلىق تۇرۇدۇ.

ئۇلار بايرامنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، بايراممۇ ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

مەنمۇ بايرامنى ئۇنتۇپ قالغانلارنىڭ بىرسى. مۇبادا باي- رامنى ئۇنتۇتماي خاتىرلىسەم، ئۇچاغدا 10 ـ ئوكتەبىرنىڭ تۈنجى بايرىمى ئالدىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار كوز ئالدىمغا كېلىپ، كەيپىم بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

مەرھۇم بولغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قىياپىسى كوز ئال- دىمغا كېلىدۇ. بىر نەچچە ياش بالا ئون نەچچە ژىل جاپاچې- كىپ، تىنماي ئىشلىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى يۇشۇرۇن ئوق ئېلىپ كەتتى. بىر ئوقتا ئولمىگەنلىرى بولسا تۇرمىدە بىر ئايدىن ئوشۇق ۋاقىت ئازاپ چەكتى. يۇكسەك مەخسەتتە ئىش- لەۋاتقان بىر نەچچە ياش بىردىنلا غايىپ بولدى، ھەتتا ئۇلار- نىڭ جەسەتلىرىنىڭ قەيەردە قالغانلىقىمۇ مەلۇم ئەمەس.

ئۇلار ئوز ئومرىنى جەمئىيەتنىڭ ھاقارەت، مەسخىرە ئىچىدە ئوتكەزدى. ھازىر ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىمۇ خاتىرىدىن كوتۇرۇلۇپ،

ئاستا ـ ئاستا تۈزلۈنوپ كەتتى.

ئۇنداق ئىشلارنى خاتىرلەشكە كوڭلۇم ئۇنۇمايدۇ.

ئەھمىيىتى بار ئىشلار توغرىسىدا پاراڭ قىلايلى...

N بىردىنلا كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى بىرسىلاپ ئېلىپ، سوزىنى داۋام قىلدى:

ــ ھەممىدىن بەكىرەك شۇنىڭغا خوشالمەن: تۇنجى 10ـ ئوكتەبىر بايرىمىدىن كېيىن، يولدا ماڭسام كىشىلەرنىڭ تىلىغا، مەسخىرىسىگە ئۇچرىمايدىغان بولدۇم.

ئۇكام، شۇنى بىلىپ قويۇڭ. چاچ بىز جۇڭگو كىشىلىرى ئۈچۈن گەۋھەر، شۇنىڭدەك ئۇ جۇڭگو كىشىلىرى ئۈچۈن بىر رەقىپ. قەدىمدىن تارتىپ ييقىنقى چاغلارغىچە چاچ سەۋەبى بىلەن ئورۇنسىز ئازاپ چەككەن كىشىلەرنى ئازدەممسىز!

قەدىمقى بوۋىلىرىمىزنىڭ بوۋىلىرى چاچنى ئانچە نەزەردە تۇتمىغان بولسا كېرەك. جازا قانۇنى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھەممىدىن مۇھىم نەرسە كاللا. شۇنىڭ ئۈچۈن كاللا كېسىش ئەڭ ئېغىر جازالاردىن قىلىپ بەلگىلەنگەن. ئۇندىن قالسا ئادەمنىڭ ئالىتى؛ شۇڭا ئەركەكلەرنىڭ ئالىتىنى كېسىپ تاشلاش ۋە ئاياللارنىڭ ئالدىنى تىكىپ تاشلاشمۇ دەھشەتلىك جازا ھېساپلىنىدۇ. چاچنى قىرقىپ تاشلاش ئېغىزغا ئېلىپ ئولتۇرغىچىلىغى يوق جازا ② بولسىمۇ، لېكىن ئويلاپ كەلگەندە، چېچى چۇشۇرۈلگەنلىگى ئۈچۈن جەمئىيەتتە ئاياغ ـ ئاستى بولۇپ كەتكەن

كىشىلەر ئاز ئەمەس.

ئىنقىلاپ توغرىسىدا گەپ ئېچىلغاندا، «ياڭجۇدا 10 كۈن»، «جادىڭ شەھىرىدىكى قىرغىن»[3] لارنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيمىز. ھەقىقەتتە ئۇلارمۇ بىرتۇرلۇك ئۇسۇل. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇچاغدا جۇڭگو خەلقى ۋەتەندىن ئايرىلىش خەۋپىگە ئەمەس، چاچنى ئۇزۇن قويۇپ ئۆرۈپ ژۇرۇشكە قارشى تۇرغان ئىدى.

قارشى چىققانلار قىرىلىپ تۈگىدى، ھايات قالغانلار قېرىپ تۈگىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆرۈمە چاچ قويۇش رەسىم بولۇپ كەتتى. نېتىجىدە خۇڭ شيۇچۇەن بىلەن ياڭ شيۇچىڭلار قوزغىلاڭ كۆتەردى[4]. چوڭ ئانامنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇ چاغلاردا پۇخرادارچىلىق قىلىش ناھايىتى تەس ئىكەن، چېچىنى تولۇق قويغانلار ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى قولىدا قىرىلىدىكەن، چېچىنى ئۆرۈپ ئالغانلار بولسا، ئۇزۇن چاچلار قولىدا قىرىلىدىكەن!

مۇشۇنداق ئەرزىمەس چاچ سەۋەبى بىلەن ئازاپ چەككەن دەرت تارتقان، ھالاك بولغان جۇڭگو كىشىلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ...

N خۇددى بىر نەرسىنى ئويلىغاندەك، ئىككى كۆزىنى تورۇسقا تىكىپ، سۆزىنى داۋام قىلدۇردى:

— نەدىن بىلەي، چاچ دەردى مېنىڭ بېشىمغىمۇ كېلىپ چۈشتى.

مەن چەت مەملىكەتكە ئوقۇشقا چىققاندا، ئۆرۈمە چېچىمنى

چۈشۈرىۋەتتىم. بۇنىڭ چاچ ئاۋارىگەرچىلىكىدىن قۇتۇلۇشتىن باشقا سەۋەبى يوق ئىدى، ئەپسۇسكى، ئورۇمە چاچلىرىنى چوققىسىغا تۈگۈۋالغان بىر نەچچە ساۋاقدىشىم مېنى ناھايىتى يامان كۆرىدىغان بولدى. مۇپەتتىشمۇ خاپا بولۇپ، ئوقۇش جەريانىدا ھوكۈمەتتىن بېرىلىدىغان تەمىناتنى توختۇتىۋېتىمەن، جۇڭگوغا قايتۇرىۋېتىمەن دەپ كايىدى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، كىمدۇر بىراۋ ھېلىقى مۇپەتتىشنىڭمۇ ئورۇمە چېچىنى قىرقىپ تاشلىدى، مۇپەتتىشمىز ئۇيالغىنىدىن نەگىدۇر غايىپ بولدى. ئۇنىڭ چېچىنى قىرقىۋەتكەنلەرنىڭ بىرسى «ئىنقىلاۋىي ئارمىيە» دېگەن كىتاپ يازغان زۇرۇڭ[5] ئىكەن. زۇرۇڭ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوقۇشىنى داۋام قىلدۇرالماي شاڭخەيگە قايتتى. كېيىن غەربىي تۈرمىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنى سىزمۇ ئاللىقاچان ئۇنتۇپ قالغاندۇرسىز.

بىر نەچچە يىل ئۆتتى. ئائىلە تۇرمۇشىمىز ئىلگىركىدىنمۇ ئېغىرلىشىپ، بىرەر ئىش-پىش تېپىپ ئوقەت قىلمىساق، ئاچ قالىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ جۇڭگوغا قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم. شاڭخەيگە كېلىپلا، بازار باھاسى بويىچە ئىككى سەرگە بىر يالغان چاچ سېتىۋېلىپ، ئۆيگە شۇ چاچنى تاقاپ قايتتىم. ئانام باشقا گەپ-سۆز قىلمىدى. لېكىن باشقىلار كۆرۈشۈش بىلەنلا، ئورۇمە چېچىمنىڭ كويىغا چۈشتى. كېيىن ئۇ چاچنىڭ يالغان چاچ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، مەسخىرە قىلىپ

كۆلۈشتى ۋە ماڭا كاللا كېسىش جازاسى كېلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشتى. ھەقەمسا يىللىرىمىزدىن بىرسى ھوكۇمەتكە مەلۇم قىلىش-قىمۇ تەييارلاندى، لېكىن كېيىن ئىنقىلاپچىلارنىڭ قوزغۇلۇشى ياكى غالىپ كېلىشىدىن ھۇركۇپ، توختاپ قالدى.

مەن يالغان چاچ بەرىبىر راست چاچتەك بولمايدىكەن دەپ، نىمە بولسا بولمامدۇ دېگەن ئوي بىلەن، يالغان چاچنى تاشلىۋې-تىپ، كوچىغا كاستيۇم كېيىپ چىقتىم.

يولدا كېتىۋاتسام، مېنى تىل ۋە مەسخىرىلەر ئوراپ ئالدى. ھەتتا بەزىلەر ئارقامغا كىرىشىۋېلىپ، «ھەي ئەخمەق!»، «ساختا ئەجنەبىي مەلئۇن!» دەپمۇ تىللىدى.

شۇنىڭ بىلەن كاستيۇم ئورنىغا ئۆزىمىزچە ئۇزۇن چاپان كې-يىۋالدىم. ئۇلار تېخىمۇ قاتتىق تىللايدىغان بولدى.

شۇنداق يەر قاتتىق، ئاسمان ژىــراق بولۇپ ژۇرگەن چاغ-لاردا، قولۇمغا بىر ھاسا تاياق كىرىپ قالدى، شۇ تاياق بىلەن تىللىغۇچىلارنى راسا ئۇرۇۋىدىم، ئۇلار كېيىنچە تىلـلىمايدىغان بولدى. لېكىن مېنىڭ تايىقىمنى تېتىپ كورمىگەن جايلاردىكى كىشىلەر تىللاشنى يەنە داۋام قىلدۇردى.

بۇ ۋەقە مېنى ناھايىتى ھەسرەتــكە قالدۇردى، شۇڭا ئۇ خاتىرەمدىن زادى كەتــمەيدۇ. چەتئەلــدە ئوقۇۋاتــقان ۋاخـ-تىمدا، گېزىتتە ئوكيانىيە ۋە جۇڭگولارنى ساياھەت قىلغان دوك-تۇر بىندۇ⑥ توغرىسىدا بىر خەۋەرنى ئوقۇغان ئىدىم، ئۇدوكتۇر

جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋە مالايالىقلارنىڭ تىلىنى بىلمەيدىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭدىن، تىل بىلمىسىڭىز، قانداق ساياھەت قىلدىڭىز دەپ سورىسا، ئۇھاسا تايىغىنى كۆرسۈتۈپ، ئۇلارنىڭ تىلى مانا مۇشۇ، ئۇلار بۇنىڭ تىلىنى بىلىدۇ! دەپتۇ. مەن شۇ خەۋەرنى كۆرۈپ، بىر نەچچە كۈنگىچە غەزەپلىنىپ يۈردۈم. ئۆزەمنىڭمۇ بىلەر — بىلمەستىن شۇنى دورىغىنىمنى نەدىن بىلەي. ئۇلارنىڭ چۈشەنگىنىنى دېمەمسىز...

شۇەنتۇڭ* خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى مەن ئۆز يۇرتۇمدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇپەتتىشى بولۇپ ئىشلىدىم. ئۇ چاغدا خىزمەتداشلىرىم مەندىن يىراقلىشالمىدۇق دەپ قورقسا، مەنسەپدارلار قاتتىق نەزەر ئاستىغا ئالالمىدۇق دەپ قورقاتتى.

ئەتىدىن — كەچكىچە خۇددى مۇز ئوزىسىدا ئولتۇرغاندەك، ياكى جازا مەيدانى يېنىدا تۇرغاندەك خۇدۇك ئاستىدا ياشاتتىم، بۇنىڭ سەۋىۋى بىر ئوروم چاچنىڭ يوقلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى!

كۇنلەرنىڭ بىرىدە بىر نەچچە ئوقۇغۇچى بىردىنلا ھوجرامغا كىرىپ كېلىپ: «ئەپەندىم، چاچلىرىمىزنى قىرقىتتۇرۇۋېتىدىغان بولدۇق» دېدى، مەن «ئۇنداق قىلماڭلار!» دېسەم، ئۇلار «چاچ بولسا ياخشىمۇ، بولمىسىمۇ؟»، دەپ سورىدى. مەن: «چاچ بولمىسا ياخشى...» دېدىم. ئۇلار: «ئەمىسە نېمىشكە ئونداق قىلماڭ—

* چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خانى.

لاردەيسىز؟» دېدى. مەن: «قىرقىتىپ قويۇپ بالاغا قالغاننىڭ پايدىسى يوق. قىرقىتماڭلار، بىر ئازسەۋرى قىلىپ تۇرۇڭلار» دېدىم، ئۇلار باشقا گەپ ـ سوز قىلماستىن، دومسۇيۇشۇپ ھوجـ رىدىن چىقىپ كەتتى، كېيىن چاچلىرىنى قىرقىتتۇرۇۋېتىپتۇ.

ئاپلا! ئىش چاتاق بولدى. كىشلەر مېنىڭ ئارقامدىن گەپـ چوچەك كوتەردى. مەن كورمىگەن كىشى بولۇۋالدىم. ئۇلار چېچى بار ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە چاچسىز ھالدا دەرسكە كىرىۋەدى.

لېكىن شۇنىڭ بىلەن چاچ قىرقىتىش كېسىلى تار قىلىپ كەتتى.

3 ـ كۇنى دارىلمۇئەللىمىننىڭ 6 ئوقۇغۇچىسىمۇ چاچلىرىنى قىرقىتـ تۇرغان ئىكەن، كەچقۇرۇنلۇغى ئۇلارنى مەكتەپتىن قوغـلاپ چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 6 ئوقۇغـۇچى ياكى مەكتەپتە تۇـ رالماي، ياكى ئويلىرىگە قايتشالماي، قايمۇقۇپ قاپتۇ. پەقەت تۇنجى 10 ـ ئوكتەبىر بايرىمىدىن كېيىن، يەنە بىر ئايدىن كوپـ رەك ۋاقىت ئوتكەندە، ئاندىن جازالىنىش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

ئوزەمچۇ؟ ئوزەممۇ ئوخشاش. مەن جۇمھۇرىيەتنىڭ بىرىنچى ۋەلى قىشتا بېيجىڭگە كەلدىم. شۇ چاغدىمۇ بەزىلەر بىر نەچچە قېتىم ھاقارەت قىلدى. كېيىن مېنى ھاقارەتلىگەنلەرنىڭ چاچـ لىرىنى ساقچىلار قىرقىپ تاشلىـدى. شۇنىڭ بىلەن مەن باشقـ لارنىڭ ھاقارىـتىدىن قۇتۇلۇپ كەتـتىم، لېكىن سەراغا بېرىپ باقمىدىم...

N ناھايىتى خوشال بولغاندەك قىلدى. لېكىن چىرايى يەنە بىردىنلا غەمكىنلىككە چوكتى:

— ھازىر سىلەر — فانتازىيىچىلەر ئەمدى ئاياللار چاچلىرىنى كەستۇرسۇن دەپ غوغا كوتۇرۇپ، بىر مۇنچە كىشلەرنى بىھۇدە ئازاپ ئاستىدا قالدۇرماقچى بولىۋاتىسىلەر!

ھازىر چاچلىرىنى كەستۇرىۋەتكەن قىزلار چاچ كەستۇرگەنـ لىك سەۋىۋى بىلەن مەكتەپكە كىرەلمەي، مەكتەپلەردىكىلەر بولسا روپى خەتتىن ئوچۇرىلىپ ژۇرۇۋاتىدۇ!

رىفورما قىلايلى دېسە، قۇرال قېنى؟ بىر ياقتىن ئىشلەپ ئوقۇيمەن دېسە، زاۋود — فابرىكا قېنى؟

قىزلار چاچـلىرىنى يەنە ئوستۇرىۋېلىپ، ئەرگە تېگىۋاسۇن. ھەممىنى ئۇنتۇغاندىن راھەت ئىش يوق. ئەگەر ئۇلار باراۋەرـ لىك، ئەركىنلىك دېگەن گەپـلەرگە بېرىـلىدىكەن، ھاياتنى ئازاپ — ئوقۇبەتكە دۇچار قىلىدۇ!

ئارتسىباشىپـۋنىڭ[7] سوزى بىلەن سـوراپ باقاي: بۇلارنىڭ ئەۋلادىغا ئالتۇن دەۋرنىڭ پەيدا بولۇشىنى ۋەدە قىلىۋاتىسىلەر، لېكىن، بۇلارنىڭ ئوزىگە بېرىدىغان نىمەڭلەر بار؟

ئىھ. خۇدانىڭ قامچىسى جۇڭگونىڭ دۇمبىسىگە تەگمىگىچە، جۇڭـگو يەنە شۇ جۇڭـگولىغىـدا تۇرۇۋېرىدۇ، ئوزىنىڭ بىر تال موينىمۇ ئوزگەرتىشكە ئۇنىمايدۇ!

ئاغزىڭلاردا زەھەرلىك چىشىڭلار بولمىسا، نىمىشكە پېشانەڭـ

لەرگە«زەھەرلىك ئىلان» دېگەن قاشقا چاپلىۋېلىپ، قەلەندەر-لەرنىڭ «تۇر، تۇت!» لىرىگە قالىسىلەر؟...

N بارغانسىرى قىزىپ كەتتى، لېكىن، مېنىڭ سوزگە ئانچە قۇلاق سالمىغىنىمنى كورۇپ، دەرھال سوزدىن توختاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ شلەپىسنى قولىغا ئالدى.

— قايتامسىز؟ — دېدىم.

— ھەئە، يامغۇر ياغىدىغاندەك تۇرۇدۇ.

ئۇنى دەرۋازىغىچە ئۇزۇتۇپ چىقتىم.

— خەير! — دېدى ئۇ شلەپىسنى كېيىۋېتىپ، — مالال قىلدىم، ئەپۇ قىلىڭ. بەختىمىزگە، ئەتە 10 - ئوكتەبر بايرىمى ئەمەس. ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن.

1920 - ژىل، ئوكتەبر.

# بىسىرەمجانلىق [1]

كۈن ئوزىنىڭ ساغۇش نۇرلىرىنى دەريا بويىدىكى دوڭدىن ئاستىلاپ ژىغىۋالدى. دوڭنىڭ دەريا قىرغىقى تەرەپتە ياغاچ دەرەختىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن يوپۇرماقلىرى شىلدىرلىماقتا. دەرەخ تۈۋىدە بىر نەچچە ئالا پاچاق پاشاغىنىلداپ ئۇچماقتا. دىخانلارنىڭ دەريا تەرەپكە قارىتىپ سالغان ئويلىرىدىنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن چىقىۋاتقان تۈتۈنلەرمۇ ئازايدى. ئايالـلار، باللار ئوز ئىشىك ئالدىلىرىدىكى سۇپىلارغا سۇسىپىپ، پاكا جوزا ۋە بەلدۇگلەرنى قويۇشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن كەچكى غىزا ۋاختى بولغانلىغى بىلىنىپ تۇراتتى.

قىرىلار — ئەركىشلەر پاكار بەلدۇگدە يوغان بانان يوپۇرمىغى يەلپۈگۈچلىرىنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشماقتا. باللار ئۇچقاندەك چېپىشىپ ئويناشماقتا، گايىلىرى ياغ دەرىخى تۈۋىدە تاش تەمەك ئويناشماقتا. ئايالار قورۇلۇپ قارىداپ كەتكەن سەي ۋە ساغىرىپ كەتكەن، هورچىقىپ تۇرغان گاڭپەننى پاكار جوزىلارغا توشماقتا. دەريادا قېيىق بىلەن كېتىۋاتقان ئەدىپ بۇلارنى كورۇپ ئىلهاملاندى ۋە «يوقتۇر غەم ۋە ئەندىشىسى، ئاھ،

مانا ھەقىقىي سەھرا ھاياتى!» دېدى.

لېكىن ئەدىپنىڭ سوزى ئەمەلىيەتكە ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى ئۇ جيۇجىڭ مومايىنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلىمىغان ئىدى.

دەل شۇ چاغدا موماي جيۇجىڭ غەزەپلىنىپ ئولتۇراتتى.

— يېشىم 79غا كىردى، ياشايدىغان يېشىمنى ياشاپ بولدۇم. ئەمدى بۇ غۇربەتچىلىكلەرنى كوزۇم كورمىسۇن. ئولگۇنۇم ياخشى... غىزا ۋاختى بولسىمۇ لېكىن يەنە قورۇلغان ماشنى يەپ ژۇرۇدۇ! بار — يوقنى يەپلا تۇگۇتىدىغان بولدى! — دەپ سوزلىدى موماي جيۇجىڭ بانان يەلپۇگۇچى بىلەن بەلدۇگىنىڭ پۇتىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ چەۋرىسى ليۇجىڭ بىر ئوچۇم ماشىنى كوتۇرۇپ، ئۇدۇلدىن ژۇگۇرۇپ كەلدى. لېكىن بۇ ئەھۋالنى كورۇپ، دەرھال دەريا بويىغا قاراپ ژۇگۇرۇپ كەتتى ۋە ياغلىق دەرەختىنىڭ كەينىگە موكۇپ تۇرۇپ، قوش سىكىلەك ئورۇلگەن كىچىككىنە بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ ۋاقىرىدى:

— ئولمەيدىغان قېرى!

موماي جيۇجىڭ قېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، قۇلىغى ئانچە گاس ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ھېلىقى بالىنىڭ سوزىنى ئاڭلىمىدى ۋە ئوز — ئوزىچە سوزلىدى:

— زامان ژىلدىن — ژىلغا بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ!

بۇكەنتنىڭ باشقىچە بىر ئادىتى بار ئىدى. ئاياللار بالا تۇغ-

سا، كوپۇنچە ئۇ بالىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىنى جىڭلاپ كورۇپ، جىڭدا قانچە چىقسا شۇنچە جىڭ دەپ ئات قويياتتى.

جۇجىڭ* موماي ئوزىنىڭ 50 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلىگەندىن كېيىن، بارا - بارا ۋايسايدىغان بولۇپ قالدى: ياش ۋاختىمدا ھاۋامۇ ھازىرقىدەك ئىسسىمايتتى، ماش - پۇرچاقلارمۇ ھازىرقىدەك قاتمال ئەمەس ئىدى؛ قىسقىسى ھازىر پەلەك باشقىچە بولۇپ قالدى، ليۇجىڭنىڭ** چوڭ دادىسىدىن ئۈچ جىڭ كىچىك تۇغۇلۇشى، دادىسى چىجىڭدىن*** بىر جىڭ كىچىك تۇغۇلۇشى ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان ھەقىقەت.

شۇڭا ئۇ يەنە:

— زامان ۋىلدىن - ۋىلغا بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ! — دېدى.

— سىز يەنە شۇ گەپتىمۇ؟ — دېدى ئۇنىڭ كېلىنى چىجىڭنىڭ خوتۇنى قولىدا خونچىلاپ كوتۇرۇپ كەلگەن غىزانى جوزىغا دوقىدا قويۇپ، ئاچچىقى بىلەن، — ليۇجىڭ تۇغۇلغاندا ئالتە جىڭ بەش سەر كەلدىغۇ؟ سىزنىڭ جىڭىڭىزنىڭ تېشى ئېغىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە 18 سەرلىك. ئەگەر 16 سەرلىك جىڭ بىلەن جىڭلىساق 7 جىڭدىن كوپ چىقىشى تۇرغان گەپ. مەن تېخى سىزنىڭ 9 جىڭ، دادامنىڭ 8 جىڭ چىققىنىغا ئىشەنمەيمەن،

* جۇجىڭ — 9 جىڭ.

** ليۇجىڭ — 6 جىڭ

*** چىجىڭ — 7 جىڭ

ياكى بولمىسا ئۇز ۋاختىدا 14سەرلىك جىك بىلەن جىگىلىغان بولۇشى مۇمكۈن...

—زامان ۋىلدىن ـ ۋىلغا بەتتەرلىشىپ كەتتى!

كېلىنىدىن جاۋاپ چىقمىدى. ئۇبىردىنلا تاركوچىنىڭ دوخىمۇشىدىن بۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئېرى چىجىگنى كورگەن ئىدى. شۇڭا سوزنى ئېرىگە بۇرىدى:

—ھەي تىرىك تاپ! ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ نەگەباردىڭ! ساڭا قاراپ غىزا يېمەي ئولتۇرغىنىمىزنى كورمىدىڭمۇ؟

چىجىك يېزىدا ئوسكەن بولسىمۇ، ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى خېلى ئۇستۇن ئىدى. ئۇ تا بوۋىسىدىن تارتىپ كەتمەن ساپىغى تۇتۇپ باقمىغان كىشلەردىن ئىدى. ئۇمۇ ئادەتتىكىچە كىشلەرنىڭ كېمىلىرىنى ھايدىشىپ، سەھەردە لۇجىڭ يېزىسىدىن كېمە بىلەن شەھەرگە كىرىپ، كەچقۇرۇنلىرى يەنە لۇجىڭ يېزىسىغا قايتىپ كېلەتتى، شۇڭائۇ ئوتە ـ كېتە ئىشلارنى خېلى جىق بىلەتتى. مەسىلەن: پالانى يەرگە چاقماق چۈشۈپ يالماۋۇزنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاپتۇ، پالانى يەردە تېخى ياتلىق بولمىغان بىر قىز ئاجايىپ مەخلۇق تۇغۇپتۇ، دېگەنگە ئوخشاش پاراڭلارنى كوپ بىلەتتى. ئۇ، كەنتتىكى خەلق ئالدىدا خېلى ئاتاقلىق كىشلەردىن بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن دىخانلارنىڭ ئادىتىنى ساقلاپ، كەچكى غىزانى چىراق يېقىلغۇچە يەۋالاتتى. بۇگۇن ئويگە كەچ قايتقاشقا، خوتۇنىنىڭ تىلىغا قالدى.

چىچەك مۇشتىگى پىل چىشلىدىن، سەيخانىسى مىستىن ياسالـ
غان، 6 چىي ئۇزۇنلۇقتىكى غاڭزىسىنى تۇتقان هالدا، بېشىنى تووۋەن سېلىپ، ئاستا ماڭغىنىچە پاكا جوزا ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. لىۇجىڭمۇ شۇپەيتتە دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالدى ۋە «دادا» دەپ قىچقىردى. لېكىن چىچەك جاۋاپ قايتۇرمىدى.

— پەلەك ۋىلدىن-ۋىلغا بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ! — دەپ سوزلىدى جۇجىڭ موماي.

چىچەك ئاستا بېشىنى كوتۇرۇپ، بىر ئۇلۇق كىچىك تىنىدى ۋە:

— خان سەلتەنەت تەختىگە چىقىپتۇ. — دېدى.

— ئەمدى ياخشى بوپتۇ. خان ئەمدى ئىلتىپات ۋە ئەپۇ ئۇمۇمىي قىلىدۇ. — دېدى چىچەكنىڭ خوتۇنى بىر ئاز هاڭتاڭ بولۇپ، كېيىن بىردىنلا چوشەنگەندەك قىلىپ.

چىچەك يەنە بىر ئۇلۇق كىچىك تىنىپ ئالغاندىن كېيىن:

— مېنىڭ چېچىم* يوق. — دېدى.

— خانغا چاچنىڭ نېمە كېرىگى بار؟

— خانغا كېرىگى بار.

— سەن نەدىن بىلىسەن؟ — دەرهال سورىدى، چىچەكنىڭ خوتۇنى بىر ئاز خاۋاتىرلىنىپ.

* بۇيەردىكى چاچ ئورۇلگەن ئۇزۇن چاچقا قارىتىلغان. — ت.

—— شەنشىن مەيخانىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق دەيدۇ.
چىچىگىنىڭ خوتۇنى ئىشىنىڭ بىر ئاز چاتاغراق بولۇدىغانلى-
قىنى پايقىدى. چۇنكى شەنشىن مەيخانىسى يېڭى گەپ - سوز
چاپسان ئاڭلىنىدىغان بىر جاي ئىدى. شۇڭا ئۇكوزى چىچىگ-
نىڭ چاچلىرى چۇشۇرۇلگەن بېشىغا چۇشۇش بىلەن، ئوزىنى
باسالماستىن ئېرىگە كايىدى، ھەسرەت قىلدى، تاپا قىلدى.
كېيىن بىردىنلا ئۇمىتسىزلىنىپ، بىر قاچىغا ئاشىنى ئۇسۇپ،
ئۇنى چىچىگىنىڭ ئالدىغا دوقىدا قويۇپ:
—— غىزا يىگىنى يە! گوشۇيۇپ ئولتۇرغان بىلەن، ئوز - ئوزىدىن
چاچ چىقىپ قالمايدۇ. —— دېدى.

كۇن ئوزىنىڭ ئاخىرقى نۇرىنى ژىغىپ كەتتى. سۇيۇزىدە
سالقىن پەيدا بولۇشقا باشلىدى. دوڭدە قاچا - قومۇش ئاۋازى.
ھەممە ئادەمنىڭ يەلكىسىدە تەر.
چىچىگىنىڭ خوتۇنى ئۇچ چىنە غىزانى يەپ بولغاندىن كې-
يىن، بىردىنلا بېشىنى كوتەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ژۇرىگى
دۇپۇلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. چۇنكى ئۇيالغۇز ياغاچلىق كوۋ-
رۇكتىن ئوتۇپ كېلىۋاتقان پاكىنەك، دوغىلاق، ئۇستىگە ھاۋا-
رەڭ ئۇزۇن چاپان كېيىگەن جاۋچىيە باينى يۇپۇرماق ئارىسىدىن
كورۇپ قالغان ئىدى.
جاۋچىيە خوشنا كەنتىكى ماۋيۇەن ناملىق مەيخانىنىڭ خو-

جايىنى ئىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ 30 چاقىرىم كېلىدىغان جايىدا داڭقى بار ئىدى، شۇنىڭدەك ئۇ موللا ئىدى. ئىلمى بولغاچقا، ئۇنىڭدا بىر ئاز پىشقەدەملەرچە دىماقمۇ بار ئىدى. ئۇ ئۆز قولىدا ساقلاپ كەلگەن، جىلىڭ شىكەستەن② شەرھلىگەن ئون نەچچە جىلىت «ئۈچ خانلىق قىسسىسى»نى ھېمىشە قولىدىن چۈشۈرمەي ھىجىلەپ ئوقۇيتتى. ئۇ «بەش يولۋاس پالۋان» نىڭ ئىسىم-فامىلىلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ لەقەملىرىنىمۇ، مەسىلەن، خۇاڭجۇڭنىڭ لەقىمى خەنشىن، ماچاۋنىڭ لەقىمى مۇڭچى ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلەيتتى. ئىنقىلاپتىن كېيىن، ئۇ ئورۇمە چېچىنى خۇددى داۋ دىنىدىكى سوپىلاردەك، چوققىسىغا تۈگۈپ ئالغان ئىدى. ئۇ پات-پات: ئەگەر جاۋزىلۇڭ ھايات بولغان بولسا، جاھان بۇنداق پاراكەندىلىشىپ كەتمەيتتى، دەپ ھەسرەت قىلىپ قوياتتى.

چىجىگىنىڭ خوتۇنىنىڭ كوزى ئوتكۇر ئىدى. ئۇ بىر قاراشتىلا بۇگۇن جاۋچىيەنىڭ داۋ سوپىلىرىدەك ئەمەس، چاچلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئالغانلىغىنى كوردى. شۇڭا، مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، خان سەلتەنەت تەختىگە چىققان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا چاچ كېرەك، ئەمدى چىجىگىغا خەۋپ كېلىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدى. چۈنكى جاۋچىيە بۇ ھاۋارەڭ ئۈزۈن چاپىنىنى ئاسانلىقچە كېيمەيتتى. 3 ژىلدىن بۇيان ئاران ئىككى قېتىم كېيگەن ئىدى: بىرقېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئاسى چوقۇر

كېسەل بولۇپ قالغاندا، يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ مەيخانىسىنى بۇزۇپ تاشلىغان لۇدايە ئۆلگەن چاغدا. مانا ئەمدى ئۈچىنچى قېتىم كېيىشى. بۇنىڭغا قارىغاندا ئۇنىڭغا بىر خوشاللىق كەلگەن، رەقىبلىرىگە بولسا بالا ـ قازا كەلگەن بولسا كېرەك.

چىجىگىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ. بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن چىجىك مەي ئىچىپ مەس بولۇپ قېلىپ، جاۋچىيەنى «ئىپلاس» دەپ تىللاپ قويغان ئىدى. شۇڭا ھازىر چىجىگىغا بىرەر خەۋپ كېلىشىنى ئويلاپ ئەندىشىگە چۈشتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ژۇرىگى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى.

جاۋچىيە كېلىۋاتقاندا، غىزايەپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، چوكىلىرى بىلەن تائاملىرىنى كورسۇتۇپ:

ــ جاۋچىيە، غىزاغا كېلىڭ. ــ دەپ تەكلىپ قىلىشتى.

جاۋچىيە بېشىنى لىڭشىتىپ: «رەخمەت، رەخمەت» دېگىنىچە، بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ، چىجىگلارنىڭ جوزىسى يېنىغا يېتىپ كەلدى. چىجىگلار دەرھال ئۇنى غىزاغا تەكلىپ قىلدى. جاۋچىيە ئاغزىدا «رەخمەت» دېسىمۇ، لېكىن كوزىنىڭ قۇيرۇغى بىلەن جوزىدىكى تائاملارغا بىر قۇركوز سېلىپ چىقتى.

ــ غىزايىگلار مەزىغۇ... يېگى گەپ ـ سوزنى ئاڭلىدىڭلىمۇ؟ ــ جاۋچىيە چىجىگىنىڭ كەينىدە، چىجىگىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ سورىدى.

ــ خان سەلتەنەت تەختىگە چىقىپتۇ. ــ دېدى چىجىك.

چىجىگىنىڭ خوتۇنى جاۋچىيەنىڭ چىرايىغا قاراپ، خوشامەت‑كويلۇق بىلەن كۈلدى ۋە:

—خان سەلتەنەت تەختىگە چىقىپتۇ. ئىلتىپاتىنى ۋە ئەپۇ ئۇمۇمنى قاچان قىلار؟—دېدى.

—ئەپۇ ئۇمۇمى؟ ئەپۇ ئۇمۇمنى قاچانلا بولمىسۇن قىلدۇ.—جاۋچىيە تەرىنى بىردىنلا تۇردى،—ئەمما، چىجىگىنىڭ چىچى قېنى؟چاچ؟ گەپ ئەنە شۇنىڭدا. ئۇزۇن چاچلىقلار *ۋاختىدا ئورۇمە چاچ قويغانلارنىڭ كاللىسى كېتەتتى، كاللىنى ساقلاپ قالغۇچىلار ئورۇمە چاچ قويمايتتى.

چىجىك ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئوقۇمىغان كىشىلەر ئىدى. بۇ كونا ـ تارىختىي گەپلەرنىڭ تېگىگە چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن ئوقۇغان جاۋچىيەنىڭ بۇ سۆزىدىن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىدى ۋە خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمگە ھوكۇم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان كىشىدەك، قۇلىقى ۋىڭىلداپ كەتتى ـ دە، لام ـ جىم دەپ ئېغىز ئاچالماي تۇرۇپ قالدى.

—زامان ژىلدىن ـ ژىلغا بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.—ۋاي‑ساپ ئولتۇرغان جيۇجىڭ موماي پەيتنى قولدىن بەرمەي، جاۋ‑چىيەگە سۆزلىدى،—ھازىرقى ئۇزۇن چاچلىقلار كىشىلەرنىڭ ئورۇمە چاچلىرىنى قىرقىپلا ژۈرىدىكەن. ئادەملەر ياكى داۋسو‑پىلىرىغا ياكى بۇددا شەيىخلىرىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى.

* تەيپىن قوزغىلىڭىنىڭ قاتناشچىلىرى. ـ ت.

بۇرۇنقى ئۇزۇن چاچلىقلار، شۇنداق قىلغانمىدى؟ 79 ياشقا كىردىم.
كورۇدىغان ئۆمرۈمنى كورۈپ بولدۇم. بۇرۇنقى ئۇزۇن چاچلىق-
لار باشلىرىنى تاپىنىغىچە توپ-توپ قىزىل تاۋار بىلەن ئوراپ
ئالاتتى. بەگلەر بولسا دۇردۇن بىلەن ئوراپ ئالاتتى. تاۋار،
دۇردۇن... ئۆمرۈمنى سۈرۈپ بولدۇم، 79 غا كىردىم.

—قانداقمۇ قىلارمەن؟ بۇ ئۆيدىكى چوڭ-كىچىك ھەممى-
نى چىچىڭ باقاتتى......—چىچىگىنىڭ خوتۇنى ئورنىدىن تۇ-
رۇپ سوزلىدى.

—ئۇنىڭغا نېمە ئامال بولسۇن!—دېدى جاۋچىيە بېشىنى
چايقاپ،—چاچ قويمىغانلارغا قانداق جازا كېلىدىغانلىقى كىتاپتا
ماددىسمۇ-ماددا قىلىپ ئوچۇق يېزىلغان. مەيلى ئۇنىڭ ئويىدە
قانداق ئادەم بولسا بولسۇن، ئۇنىڭغا قارىمايدۇ.

چىچىگىنىڭ خوتۇنى «كىتاپتا يېزىلغان» دېگەن سوزنى ئاڭ-
لاپ، تامام ئۈمىتسىزلەندى، تېرىكتى ۋە بىردىنلا چىچىگىغا تاپا-
تەنە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ چوكىنى چىچىگىنىڭ بۇرنىغا تەڭلەپ:

—ھەي ئوزىگە-ئوزى بالا تاپىدىغان تىرىك تاپ! ئىسيان
ۋاختىدا «كېمە ھايدىما، شەھەرگە بارما» دېسەم، جاھىللىق
قىلىپ شەھەرگە كىردىڭ. خەخ چاچلىرىڭنى قىرقىپ تاش-
لىدى. مانا ئەمدى ياكى داۋ سوپىسى ياكى بۇددا شەيخىگە
ئوخشىماي، ئوزەڭگە — ئوزەڭ بالا تاپتىڭ. سېنىڭ كاساپىتىڭگە
بىزمۇ كەتسەك قانداق قىلىسەن؟ ھەي تىرىك تاپ!...—دېدى.

كەنتكىلەر جاۋچىيەنىڭ كەلگەنلىكىنى كورۇپ، كەچكى غىزالىرىنى دەرھال يەپ بولۇپ، چىجىڭلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى جوزا ئەتراپىغا توپلاشقان ئىدى. ئوزىنىڭ كەنتتە نامى بار تۇرۇپ، خەلق ئالدىدا خوتۇنىدىن تىل ئىشىتكەن چىجىڭ خىجىل بولۇپ، بېشىنى ئاستا كوتەردى:

— ھازىرقى گەپنى قىل. ئۇ چاغدا سەن...

— ھۇ تىرىك تاپ!...

ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار ئىچىدە، دادىسىدىن قۇرساقتا قالغان ئىككى ياشلىق بالىسىنى قۇچاغلاپ، چىجىڭنىڭ خوتۇنىنىڭ يېنىدا تۇرغان بايى ئاچا ئاق كوڭۇل بىر ئايال ئىدى، ئۇ بۇ ئەھۋاللارغا چىداپ تۇرالماي نەسىھەت قىلىپ، ئاجرىتىشقا كىرىشتى:

— سىڭلىم، بولدى ئەمدى. ئادەم ئەۋلىيا ئەمەس، تېخى بولمىغان ھادىسىنى كىم ئالدىدىن بىلىپتۇ؟ شۇ چاغدا سىزمۇ چاچ قويمىغان كىشىگە ھېچقانداق چاتاق يەتمەس دەپ ژۇرەتتىڭىزغۇ؟ ھازىر تېخى يامۇلدىكى ئامبالدىن يارلىق چىققىنى يوق......

بۇ سوزنى ئاڭلاپ بولغىچە، چىجىڭنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىككى قۇلۇغى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ چوكىسىنى ئېرى تەرەپتىن ئېلىپ، بايى ئاچىغا تەڭلىدى ۋە:

— يائاللا، بايى ئاچا، بۇ قانداق گەپ؟ مەن ئوزەمنى ئا-

دەم دەپ ژۈرۈيمەن، مەندىنمۇ شۇنداق ئەپسانە گەپلەر چىقار-مۇ؟ ئۇچاغدا مەن 3 كۈن ژىغلىدىم. بۇنى ھەممە ئادەم كورگەن. ھەتتا شۇچاغدا مانا بۇ ليۇجىڭمۇ ژىغلىغان...— دېدى.

ليۇجىڭ بىرچىنە غىزانى يەپ بولۇپ، يەنە يەيمەن دەپ قۇرۇق چىنىنى ئۇزۇتۇپ تۇراتتى.

— پۇتلاشما. ياش تۇل قالغۇر! — دېدى ۋە چوكا بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىگە بىرنى نوقۇدى كەيپى بۇزۇلۇپ تۇرغان ئانىسى.

ليۇجىڭنىڭ قولىدىكى قۇرۇق چىنە «پاق» قىلىپ يەرگە چۈشۈپ، بىرخىشقا تېگىپ چېقىلدى. چىنجىڭ ئورنىدىن «تاق-قىدا» سەكرەپ قوپۇپ، سۇنۇق چىنىنى قولىغا ئېلىپ، سۇنۇ-غىنى كىرىشتۈرۈپ كوردى ۋە «ئاناڭنى!» دەپ، ليۇجىڭنى بىركاچات ئۇردى. ليۇجىڭ يەرگە يېتىۋېلىپ ژىغلىدى. جۇ-جىڭ موماي ئۇنى يېتىلىگىنىچە «زامان ژىلىدىن- ژىلىغا بەتتەر-لىشىپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ، ئېلىپ كەتتى.

بايى ئاچىمۇ ئاچچىغلىنىپ:

— چىنجىڭنىڭ خوتۇنى، پېتىنىڭ ئاچچىغىدا چاپانىنى ئوتقا سالغىلى بولمايدۇ!...— دەپ ۋاقىرىدى.

جاۋچىيە ئەسلىدە چەتتە كۈلۈپ قاراپ تۇرغان ئىدى. ئەمما بايى ئاچىنىڭ «ھازىر تېخى يامۇلىدىكى ئامبالدىن يارلىق چىققىنى يوق» دېگەن سوزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ئاز تېرىكتى.

— بىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالغاندىن نىمە پايدا
چىقىدۇ. — دېدى ئۇ جوزا يېنىدىن نېرىراق يوتكۇلۇپ، — خانـ
نىڭ ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلىدىغان ۋاقىت ئاز قالدى. بىلىپ
قوي، بۇنۇۋەت تەختكە قوماندان جاڭ[3] چىقىدۇ. قوماندان
جاڭ بولسا خېيىلىك جاڭ يىدىنىڭ ئەۋلادى. ئۇ ئون مىڭلىـ
غان ئادەمگە تېتىيدىغان باتۇر. ئۇنىڭغا كىم تەڭ كېلەلىسۇن! — ئۇ
ئىككى قولىدا نەيزە تۇتقان كىشىدەك، بايى ئاچىغا ئاۋۇردى،
— سەن تەڭ كېلەلەمسەن!

بالىسىنى قۇچاغلاپ، ئاچچىقى كەلگەنلىكىدىن تىترەپ تۇر-
غان بايى ئاچا بىردىنلا جاۋچىيەنىڭ تەرگە چومۇلغان، كوز-
لىرى ئالايغان هالدا ئاۋۇرۇپ كېلىۋاتقىنىنى كورۇپ، ناهايىتى
قورقتى. گەپ-سوز قىلىشقىمۇ جۇرئەت قىلالماي، ئارقىسىغا
بۇرۇلۇپلا ماڭدى. جاۋچىيەمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. قاراپ
تۇرغان كىشىلەر، بايى ئاچا ئارىلاشمىسىمۇ بوپتىكەن، دەپ ئۇـ
نىڭغا تاپا قىلدى ۋە بايى ئاچا بىلەن جاۋچىيەگە يول بوشۇتۇپ
بەردى. شۇچاغدا چاچلىرىنى قىرقتۇرۇۋېتىپ، كېيىن يەنە يېڭىـ
دىن قويۇۋالغان بىر نەچچە كىشى جاۋچىيەنىڭ كوزى چۈشۈشـ
تىن قورقۇپ، كىشىلەرنىڭ ئارقىسىغا ئوتىۋالدى. جاۋچىيەمۇ
خەيىر-پەتەسىنى تاشلاپ، كىشىلەرنى ئارىلاپ ئوتۇپ، ياغلىق
دەرەخنىڭ ئارقىسىغا ئوتكەندە: «سەن تەڭ كېلەلەمسەن!»
دېدى-دە، يالغۇز ئاياق كوۋرۇكتىن ئوتۇپ، ئۇزاپ كەتتى.

كەنتكىلەر بىسەرەمجان بولۇپ، ئويلاپ قېلىشتى. ئۆزلىرىنىڭ جاڭيىدىگە تەڭ كېلەلمەسلىكىنى پەملىشىپ، چېچەكنىڭمۇ جې- نىدىن ئايرىلىشىغا جەزىم قىلىشتى. ئۇلار، چېچەك خانىنىڭ قانۇنىغا خىلاپ كەلدى، دېيىشىپ، ئۇ ئادەتتە كىشىلەرگە شە- ھەردىكى يېڭى گەپلەرنى پاراڭ قىلىپ بەرگەن چاغلىرىدا ئۇ- زۇن غاگزىسىنى چىشلىۋېلىپ، تولىمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ كەتمەس- لىكى كېرەك ئىدى، دېگەن پىكىرلەرگە كېلىپ، ئۇنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىغا بىر ئاز خوشال بولغاندەك بولۇشتى ۋە بۇ ھەقتە بىر ئاز گەپ-سۆز قىلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىشتى. لېكىن قىلغۇدەك گەپ-سۆز يوقلىغىنى پايقاپ قېلىشتى. پاشىلار ۋىڭىلدىشىپ، يالاڭ بىلەك ۋە يەلكىلەرگە ئۇسۇپ، ياغلىق دەرەخ ئاستىدا بازار پەيدا قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرمۇ ئۆيلىرىگە قايتىشىپ، ئىشىكلىرىنى تاقاپ يېتىشتى. چېچەكنىڭ خوتۇنىمۇ بىر ئاز چالۋاقاپ، چىنە-قاچا، جوزا-بەلدۈگىلەرنى ژىغىشتۇرۇپ بولۇپ، ئىشىكنى يېپىپ ياتتى.

چېچەك سۇنۇق چىنىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، بوسۇ- غىدا ئولتۇرۇپ تاماكۇ تۇتاشتۇردى. ئەمما غەم-ئەندىشە بېسىپ ئالغاچقا، تاماكۇنى شوراشنى ئۇنۇتتى. پىل چىشى مۇشتىكى بار ئۇزۇن غاگزىسىنىڭ مىس سەيخانىسىدىكى ئوت ئاستىلاپ قاراي- دى. ئۇ ئىشىنىڭ خىلىلا چاتاق-خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بىرەر چارە، ئامال ئويلاپ باقتى. لېكىن پىكرى ھېچ-

نەرسىگە ژۇرمىدى. ئۇنى «چاچ قېنى، چاچ؟...باتۇر... زامان
ژىلدىن-ژىلغا بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ... خان سەلتەنەت تەختىگە
چىقىپتۇ... سۇنغان چىنىنى شەھەرگە ئاپىرىپ قادىتىش كېرەك...
ئۇنىڭغا كىم تەڭ كېلەلىسۇن؟... كىتاپتا بىر-بىرلەپ يېزىغلىق...
ئاناڭنى......» دېگەن چىگىش پىكىرلەر ئورۇۋالدى.

ئەتىسى سەھەردە چىجىڭ يەنە ئادەتتىكىدەك لۇجىڭ يېزى-
سىدىن كېمە بىلەن شەھەرگە كىرىپ، كەچقۇرۇندا لۇجىڭ
يېزىسىغا قايتىپ كەلدى ۋە ئۇزۇن غاڭزىسى بىلەن بىر چىنىنى
كوتەرگەن ھالدا كەنتكە قايتىپ كەلدى.

—مانا بۇ چىنىنى شەھەردە قادىتىم.—دېدى ئۇ كەچكى غىزا
ۋاختىدا جيۇجىڭ مومايغا،—سۇنۇق ۋە دەزلىرى چوڭ بولغاچقا
16 قاداق كەتتى. بىر قاداققا 3 داچەندىن، جەمئى 48 دا-
چەن كەتتى.

—زامان ژىلدىن-ژىلغا بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.—دېدى
جيۇجىڭ موماي خاپا ھالدا،—كورۇدىغان ئۆمرۈمنى كورۈپ بول-
دۇم. بىر قاداق 3 داچەن. ئىلگىركى قاداق مۇشۇنداقمىدى؟
ئىلگىركى قاداق... 79 ياشقا كىرىپتىمەن...

كېيىنكى چاغلاردا چىجىڭ ئادەتتىكىدەك ھەر كۈنى شە-
ھەرگە كىرىپ-چىقىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئائىلىسى بىر ئاز
غېرىپلىشىپ قالدى، كەنتلىكلەرنىڭ تولىسى ئۇزىنى قاچۇرى-
دىغان، ئۇنىڭ شەھەردىن ئاڭلاپ كەلگەن يېڭى پاراڭلىرىنى

ئاڭلاشقا كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. چىچىڭنىڭ خوتۇنىنىڭ پەيلىمۇ بۇزۇق. ئۇنىڭ ئاغزىدىن «تىرىك تاپ» دېگەن سۆز چۈشمەيدۇ.

ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى چىچىڭ شەھەردىن قايتىپ كەلگەندە، خوتۇنى ناھايىتى خوشال بولۇپ سورىدى:

—شەھەردە يېڭى گەپ-سۆز ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

—ياق، ئاڭلىمىدىم.

—خان تەختكە چىقىپتۇمۇ؟

—ئۇنداق گەپ-سۆز يوق.

—شەنخىن مەيخانىسىدىمۇ ئۇنداق گەپ يوقمۇ؟

—يوق.

—خان تەختكە چىقالمايدىغان بولسا كېرەك. بۇگۈن جاۋچىيەنىڭ دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قارىسام، ئۇ مۈكچۈيۈپ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ. چېچىنى يەنە چوققىسىغا تۈگۈۋېتىپتۇ. ئۇزۇن چاپىنىنىمۇ كىيىمەپتۇ...

—......

—قانداق، ئەمدى تەختكە چىقالمىسا كېرەك؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن.

ھازىر كەنتتىكىلەرمۇ، خوتۇنىمۇ چىچىڭنى خېلىلا ھۆرمەت

قلدىغان ، ئۇنڭغا خيالى ئاتىپات قلدىغان بولۇپ قالدى. يازكۈنلرى ئۇلار يەنە ئەۋەلقدەكلا ئشىك ئالدىدكى دوڭدە غزا يەيدىغان بولدى. چىچەكنى كورسە خوشاللق بلەن غزاغا تەكلىپ قلدىغان بولدى. جيۇجىنىڭ موماي 80 ياشقا كرگەنلگىنىمۇ خاترلىۋالدى. ئۇيەنە ئەۋەلقدەكلا ھەسرەت چېكدۇ، لېكىن تېنى ساغلام. ليۇجىنىڭ سىڭىلىسىگى ئۇزۇن ئورۇمە بولۇپ قالدى. ئۇ پۇتنى يېقىندا بوغۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئانىسىغا ياردەملىشىپ، 18[4] يېردىن قادالغان چىننى كوتۈرۈپ، دوڭدە ئىغاڭلاپ ماڭالايدۇ.

1920ـ ژىل، ئوكتەبر.

# ژۈرتۈم ①

قاتتىق سوغۇق كۆنلەرنىڭ بىرىدە، مەن ئايرىلغىلى 20 ژىلـ
دىن ئارتۇق بولـغان ژۈرتۈمغا قايتىپ كېلىۋاتىمەن. ماڭا يەنە
2000 لى* دىن ئوشۇغراق يول مېڭىشقا توغرى كېلەتـتى. قاتـ
تىق قىش ۋاختى، يېزىغا يېقىنلاشقانسىرى هاۋا تېخىمۇ تۇمانـ
لاشماقتا، كېمە بولـمىسىگە كىرىۋاتقان سوغۇق شامال مۇڭلۇق
گۇكۇرىمەكتە. بامبۇكتىن** ياسالـغان لەمپىـنىڭ يۇچۇقلىرىدىن
ساغۇش سۇرئاسـمان ۋە قىرغاق بويلاپ ئۇ يەر ـ بۇيەرگە جايـ
لاشقان، لېكىن هېچقانداق هايات بەلگىسى يوق چول يېزىلار
كورۇنۇپ تۇراتـتى. ئويلەرگە قاراپ مېنىـڭ كوڭلۇم تەشۋىشـ
لىنىشكە باشلىدى.

هەي! بۇ مېنىڭ 20 ژىلدىن بېرى ئېسىمدە ساقلاپ كەلگەن
يېزام ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ ئېسىمدە ساقلاپ كەلگەن يېزام بۇنىڭغا
تامام ئوخشمايتتى. ئۇ ماڭا خېلى ياخشىراق كورۇنەتتى. لېكىن
مەن ژىراق يەرلەردە ژۈرۈپ، ئۇنىـڭ گۈزەللىگىنى ئەسلىگىـ

* لى ـ يېرىم كىلومېترگە يېقىن

** بامبۇك ـ خىتاي قومۇشى



رۇڭتۇ    سى تۇچياۋ سىزغان

نىمدە ياكى ئۇنىڭ چىرايلىق جايلىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە ئۇرۇن-غىنىمدا خاتىرەمدە ھېچنەرسە قالمىغانلەك بولاتتى. ئۇ توغرۇ-لۇق ئېيتىشقا ھېچقانداق سوزمۇ تاپالمايتتىم.

ئېنىغىنى ئېيتسام، مېنىڭ يېزام ئاۋالقىدەكلا بولۇپ، گەرچە ھېچقانداق ئوزگەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەن ئويلىغاندەك كوڭۇلسىزمۇ ئەمەس ئىدى. بۇ پەقەت مېنىڭ ئوز كەيپىمىنىڭلا ئوزگورۇشى ئىدى. چۇنكى، مېنىڭ ئۇچۇن بۇ قېتىمقى يېزىغا قايتىش ھېچقانداق كوڭۇللۇك سەپەر ئەمەس ئىدى.

مەن بۇ قېتىم يېزامغا پەقەت مەڭگۇ خوشلاشقىلىلا كېلى-ۋاتاتتىم. بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىلەن ئۇزاق ژىللاردىن بېرى بىرلىكتە ياشاپ كەلگەن كونا ئوي جايلىرىمىزنى يات ئادەم-لەرگە سېتىۋەتكەن ئىدۇق. ئويىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ۋاختى مۇشۇ ژىل بولىغانلىغى ئۇچۇن، ئەمدى بىزگە يانۋار ئېيىغىچە توغۇلۇپ ئوسكەن كونا ئوي-جايلىرىمىز ۋە توغۇلۇپ ئوسكەن ژۇرتىمىز بىلەن مەڭگۇ خوشلىشىشقا ۋە ئائىلەممۇ مەن خىزمەت قىلىۋاتقان ژىراق يات يەرلەرگە كوچۇپ كېتىشكە توغرى كېلەتتى.

ئىككىنچى كۇنى سەھەردە مەن توغۇلغان ئويۇمنىڭ ئالدىغا كەلدىم. چېدىرلەرنىڭ ئۇستىدە كېسىلگەن كوك تالنىڭ قۇرۇق شاخلىرى شامالدا سىلكىنمەكتە، ئوي ئوزىنىڭ بارلىق بىسە-رەمجانلىغى بىلەن گوياكى خوجايىنلارنى ئالماشتۇرۇش مەزگىلى

يەتتى دېگەندەك قىلىپ تۇراتتى. بىز بىللە تۇرۇدىغان بىر نەچچە ئۆيلۈك تۇققانلار ئاللىقاچان كوچۈپ كەتكەن. شۇڭلاشقىمۇ بۇ يەردە ئاجايىپ جىمجىتلىق ھوكۈم سۈرەتتى.

ئانام بىلەن سەككىز ياشلىق ئۇكام خۇڭئەر مېنىڭ كېلىشىمنى بالدۇرلا كۈتۈپ تۇرۇشقان ئىكەن. خۇڭئەر مېنى كورۇپ ئۇچقاندەك ئالدىمغا چىقتى. ئانام مېنىڭ كەلگىنىمگە ناھايىتى خوشال بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈزىدىن يەنە چوڭقۇر قايغۇ-ھەسرەت بەلگىلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ مېنى ئولتۇرغۇزدى ۋە ھاردۇق چېپىنىمۇ قويۇپ بەردى. لېكىن كوچۇش توغرۇلۇق ھېچقانداق سوز ئېچىشقا پېتىنالمىدىم. خۇڭئەرنىڭ مېنى بىرىنچى قېتىم كورۇشى ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇ، ئۇدۇلۇمدا مەندىن ژىراق تۇرۇپ دىققەت بىلەن تىكىلىپ قاراپ قوياتتى.

بىز ئاخىرى كوچۇش ھەققىدە سوزلىشىشكە باشلىدۇق. مەن سىرتتىن بىر ئوي ئىجارىگە ئالغانلىغىمنى ۋە يەنە بىر قانچە جابدۇقلارنى ئېلىپ قويغانلىغىمنى سوزلەپ بەردىم-دە، بۇ يەردىكى ئېغىر جابدۇقلارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېتىپ ئۇ يەردىن يېڭى جابدۇقلارنى ئېلىشقا توغرى كېلىدىغانلىغىنى ئېيتىۋىدىم، ئاناممۇ ماقۇللىدى ۋە ئوزىنىڭ بەزى بىر ئېلىپ ژۇرۇشكە ئەپسىز بولغان ئېغىر جابدۇقلىرىنى ساتقانلىغىنى، لېكىن ئاقچىسىنى شۇ كەمگىچە ژىغىۋالالمىغانلىغىنى ئېيتتى.

— سەن بىر ئىككى كۈن دەم ئال.— دېدى ئانام،— ئۇرۇق-

تۇقۇقا نلارنى يوقلا، ئاندىن يولغا چىقارمىز.

—خوپ. —دەپ جاۋاپ بەردىم.

—راستلا تېخى رۇلاتۇ بار، ئۇ ھەر كەلگىنىدە سېنى سورايدۇ. سېنىڭ بىلەن كورۇشۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا سېنىڭ يات يېقىندا كېلىدىغانلىغىڭنى ئېيتىپ خەۋەر قىلغان ئىدىم. بەلكى يېقىن ئارىدا كېلىپمۇ قالار. —دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان زامانلا مېنىڭ كوز ئالدىمدا «ۋال» قىلىپ ئاجايىپ بىر كورۇنۇش پەيدا بولدى: كوپ - كوك ئاسماندا ئالتۇن تاۋاقتەك تولۇن ئاي، قۇملۇق دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ مەرۋايىت تاشلاردەك ژىراقلارغا سوزۇلغان تاۋۇزلۇقلارنىڭ مەنزىرىسى كورىنەتتى. ئوتتۇرىسىدا بويىنىغا كۇمۇچ مۇنچاق ئاسقان 11 - 12 ياشلاردىكى بىر بالا قولىدا پولاتتىن ياسالغان ئارا تۇتقان. ئۇ بار كۇچى بىلەن سېسىق كوزەننى سانجىماقتا. سېسىق كوزەن شۇڭغۇپ بېرىپ بالىنىڭ چاتىرىقىدىن ئوتۇپ قاچماقتا.

بۇ بالا، ئەنە شۇ رۇلاتۇ ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان چاغدا ئۇ، تېخى 11 ياشلاردا بولۇدىغان، بىزنىڭ ئايرىلىپ كەتكىنىمىزگە ھازىر 30 ژىل بولدى. ئۇ ۋاختىلاردا مېنىڭ داداممۇ ھايات، ئوي ئەھۋالىمىزمۇ ئوبدان بولۇپ، مېنىڭ تازا بايۋەچچىلەردەك ئوسۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. شۇ ژىلى بىزنىڭ ئائىلىمىز ئاتا - بوۋىلىرىمىز روھىغا ئاتاپ چوڭ نەزىر - چىراق

بىردىكە تېگىشلىك ئىدى. مۇنداق ۋەقەلەر ھەر بىر ئائىلىدە 30 ژىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ مۇراسىم ناھايىتى تەنتەنىلىك بىلەن ئوتكۈزۈلەتتى. يانۋار ئېيىدا ھەرخىل ئەڭ ياخشى تاماقلارنى ئەڭ ياخشى قاچىلارغا سېلىپ، ئاتا- بوۋىلارنىڭ سورىتى ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ نەزىر قىلىشاتتى. ئىبادەت قىلغۇچىلار شۇنچە كوپ ژىغىلاتتىكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ قاچا- قۇچىلارنى ئوغۇرلاپ كېتىشىدىن ساقلىنىشقا توغرى كېلەتتى. بىزدە پەقەت بىرلا مەزگىللىك مەدىكار * بار ئىدى. ئۇ، ھەممە ئىشقا يېتىشەلمەيدىغان بولغانلىقتىن، دادام نەزىردە قاچىلارنى ساقلاش ئۇچۇن ئوغلى رۇڭتۇنى ئېلىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلدى. مەن ناھايىتى خوشال بولدۇم، چۇنكى، رۇڭتۇنى مەن خېلىدىن بېرى ئاڭلاپ ژۇرەتتىم ۋە ئىككىمىزنىڭ بىر دىمەتلىك ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتىم. ئۇ، كەبىسە ژىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ تەقدىرىنى كوزلەپ كىتاپ ئاچقاندا ئۇنىڭ ژۇلتۇزىدا بەش تەبىي ھادىسىدىن پەقەت تۇپراقلا يېتىشمەيتتى ②. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا رۇڭتۇ دەپ ئات قويۇ-

* بىزدە مەدىكار ئۇچ تۇرلۇك بولىدۇ: پۇتۇن ژىل بويى باشقىلارغا ئىشلەپ بېرىدىغانلار، بۇلار تۇراقلىق مەدىكار دېيىلىدۇ، ئايلىق ئىشلەپ بېرىدىغانلار ئايلىقچى مەدىكار دېيىلىدۇ، ئوزىمۇ يەر تېرىيدۇ، پەقەت ھېيت- ئايەم كۇنلىرى ياكى ئوما ۋاختىلىرىدىلا كېلىپ ياردەم قىلىدىغانلار مەزگىللىك مەدىكار دېيىلىدۇ.

غان ئىدى. رۇڭتۇ قىلتاق قويۇپ قۇش تۇتۇشنى بىلەتتى.

مەن يېڭى ژىلنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتىم. چۈنكى، شۇ كۈن رۇڭتۇنىڭ كېلىدىغان كۈنى ئىدى. مانا ژىلنىڭ ئاخىرىمۇ يېتىپ كەلدى. بىر كۈنى ئانام ماڭا رۇڭتۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئۇچقاندەك ئاشخانىغا ژۈگەردىم، رۇڭتۇ ئاشخانىدا ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ، بۇغداي ئۆڭلۈك، يۈزى دۈپ-دۈگۈلەك بالا بولۇپ، بېشىغا كىگىز مالىخاي، بوينىدا پاقىراق كۈمۈچ مۇنچاق ئېسىلغان ئىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا ئاتىسى ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن خۇداغا نەزىر قىلىپ مۇشۇ چەمبەرگە ئوخشاش مۇنچاقنى ئاسقان بولسا كېرەك. رۇڭتۇ مەندىن باشقا ھەممىسىدىن تارتىناتتى، بىز ئىككىمىز يالغۇز قالغاندىن كېيىن سۆھبەتلىشىپ كەتتۇق ۋە يېرىم كۈن ئۆتمەيلا دوستلىشىۋېلىمۇ قالدۇق.

ئۇ چاغدا بىزنىڭ نېمە توغرۇلۇق پاراڭلاشقانلىقىمىز، مېنىڭ ئېسىمدە يوق. پەقەت رۇڭتۇنىڭ ئۆزىنىڭ شەھەرگە بارغانلىقىنى ۋە ئۇ يەردە ئىلگىرى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى كۆرگەنلىكىنى خوش-خوشيالىق بىلەن ھېكايە قىلىپ بەرگىنى يادىمدا.

ئەرتىسى مەن ئۇنى قۇش تۇتۇش ئۈچۈن بىرسىگە تەكلىپ قىلدىم.

— ھازىر مۇمكىن ئەمەس. — دەپ ئېيتتى ئۇ، — ئۇنى پەقەت

قىلىن قار چۈشكەندىلا تۈتـقىلى بولۇدۇ. بىزنىڭ قۇملۇق يەر-لەرگە قۇمۇش سىۋەت قويىمەن، ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۇزۇن ژىپ باغلاپ، تىرەك قويۇپ، ئاستىغا سامان چېچىپ قويۇمەن. ئۆزۈم بولسام ژىراقتىن پايلاپ تۇرۇمەن. قۇشلار كېلىپ دانـ-لاشقا باشلىغاندا تىرەكـكە باغلانغان ژىپنى سىلكىپ تارتىمەن، سىۋەت دۈم بولۇپ ئۇلارنى بېسىۋالىدۇ. ئۇنىڭغا ھەرخىل قۇشـ-لار: بۇدۇنە، تورغاي ۋە پاختەكلەر چۈشۈپ قالىدۇ...

مەن شۇ چاغدىلا قىلىن قارنىڭ چۈشۈشىنى تىلىدىم. رۇلڭتو سوزىنى داۋام قىلىپ:

— ھازىر ناھايىتى سوغۇق. سەن يازدا بىزنىڭكىگە كەلگىن، بىز كۈندۈزى بېرىپ دېڭىز ياقىسىدىن دېڭىز قۇلۇلـرىنىڭ قىزىل، يېشىل ۋە ھەر خىل رەڭدىكى قاپلىرىنى ژىغىمىز. ئۇ-لارنىڭ ئىچىدە شۇنداقلىرى باركى، ھەتتا ئۇنىڭدىن شەيتانمۇ قورقۇدۇ. بەزىدە ئايال خۇدانىـڭ قولىدا ياسالغان گۈەن يىڭ ناملىق قۇلۇلىلارمۇ ئۇچرايدۇ، كېچىلىرى دادام بىـلەن تاۋۇز گۈزەتكىلى بارىمىز، شۇ چاغدا سەنمۇ بارىسەن.

— ئوغرىلاردىن گۈزۈتۈش ئۈچۈنمۇ؟

— ياق. بىـرەر ئۈسساپ كەتـكەن يولۇچى كېلىپ بىـرەر تاۋۇزنى ئۈزۈپ يېسە ئۇنى بىز ئوغرى ھېساپلىمايمىز. تاۋۇزلارنى پەقەت ھايۋانـلاردىن: بورسۇق ۋە كىرپـە، سېسىق كوزەنـ-لەردىن ساقلاش كېرەك. ئايدىڭدا — چا — چا — دېگەن ئۈنلەر

ئاڭلىنىدۇ، مانا مۇشۇ سېپسىق كوزەن؛ ئۇ تاۋۇزلارنى يەيدۇ. دەل شۇ چاغدا پولات ئارىنى ئالىسەندە، ئاستا ماراپ تۇرىسەن...

ئۇ چاغدا مەن سېپسىق كوزەن دېگەن قانداق جانىۋار ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم، ئۇنى دېسە هازىرمۇ بىلمەيمەن — پەقەت ئۇ چاغدا مەن نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ قىياپىتىنى كۇچۇككە ئوخشاتتىم ۋە ناهايىتى ۋەھشى قىياپەتتە كوز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم.

— ئۇ چىشلىمەمدۇ؟

— ماراپ تۇرىسەندە، پولات ئارا بىلەن راسا كەلتۈرۈپ سانجىيسەن! لېكىن ئۇ، ناهايىتى قوۋۋ، ئېھتىيات قىلمىساڭ توپ-توغرى ئوزەڭگە ئېتىلىدۇ-دە، ئىككى پۇتۇڭنىڭ ئارىسىدىن ئوتۇپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ژۇگى خۇددى ياغلاپ قويغاندەك سىلىق بولۇدۇ.

مەن يەر يۈزىدە مۇنداق قىزىق نەرسىلەرنىڭ، دېڭىز بويىلىرىدا ھەر خىل قۇلۇلە قاپلىرىنىڭ بولۇشى ۋە تاۋۇزلىقلاردا بۇنداق خەتەرلىك ۋەقەلەرنىڭ بولۇپ تۇرۇدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق ئويلىمىغان ئىدىم. تاۋۇزلارنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى پەقەت باققال دۇكانلىرىدىنلا بىلەتتىم.

— بىز تەرەپتە، كەلگۈن كەلگەن چاغلاردا قىرغاقتىكى قۇملارنىڭ ئۈستىدە سانسىز نۇرغۇن ئۇچۇدىغان بېلىقلار سەكرىشىپ ژۇرۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى پاقىنىڭ پۇتلىرىغا ئوخشايدۇ.

پاھ، پاھ! رۇڭتۇ مەن ۋە مېنىڭ باشـقا يولداشلىرىم بىلـ مەيدىغان ئاجايىپ ـ ئاجايىپ ھەيـران قالـغىدەك نەرسـلەرنى بىلدۇ ـ ھە! رۇڭتۇ دېگەن ياقىسىدا ھايات كوچۇرەتتى. بىـز بولساق ھويلىدىكى 4 تامنىڭ ئىچىدە ياشاپ پەقەت ئاسماننىڭ بىر ئاز بۇلۇڭىـدىن باشقا ھېچنەرسىنى كورمەيتـتۇق. بەختتكە قارشى يانۋارمۇ ئوتۇپ كەتتى. ئەندى رۇڭتۇنىڭ ئويىگە قايـ تىشى كېرەك ئىدى. مەن كوڭلۇم يېرىم بولۇپ قاتـتىق ژىغلىـ دىم، رۇڭتۇمۇ ئاشخانىغا يۇشۇرۇنۇۋېلىپ ژىغلىدى. ئۇنىڭمۇ بىز-نىكىدىن كەتكىسى كەلمەيتتى، ئامال قانچە، ئاخىرى دادىسى ئۇنى ئېلىپ كەتتى.

كېيىن ئۇ يەنە دادىسى ئارقىلـق ماڭا تۇرلۇك رەڭـدىكى قۇلۇلە قاپلىرىنى ۋە قۇشلارنىڭ چىرايلىق قاناتلىرىنى ئېۋەتتى. مەنمۇ، ئۇنىڭغا بىر ئىككى قېتىم ھەدىيە ئېۋەتتىم. لېكىن شۇنـ دىن باشلاپ بىز كورۇشەلمىدۇك...

ئاپام ھازىر رۇڭتۇ توغرۇلۇق پاراڭ قىلـغاندا، مېنىڭ كوز ئالدىمدىن بالـىلىق چاغلاردىـكى ئەنە شۇ خاتىرىلىرىم «ۋال» قىلىپ ئۇچقان چاقماقتەك ئوتۇپ كەتـتى. گوياكى مەن تۇغۇ-لۇپ ئوسكەن گۇزەل يېزامنى كورگەندەك بولدۇم.

ـــ ئۇنىڭ كەلگىنى ياخـشى، ئۇ قانداق ئوزى؟ ـــ دەپ سورۇدۇم ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن.

ـــ ئۇنىڭمۇ؟ نىمىسىنى سورايسەن، ئەھۋالى ئېغىر، ـــ دېدى

ئانام ۋە دېرىزىگە قاراپ، — يەنە كېلىشىۋاتىدۇ... ياغاچ جابدۇق ئالىمىز دەپ كېلىشىدۇ - دە، قوللىرىغا چىققان نەرسىنى ئېلىپ كېتىشىدۇ؛ چىقىپ قاراپ تۇرۇش كېرەك.

ئاپام ئورنىدىن تۇردى - دە، تالاغا چىقىپ كەتتى. ئىشىك ئالدىدا قانداقتۇر بىر قانچە ئاياللارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. مەن خۇلڭئەرنى يېنىمغا چاقىرىۋېلىپ خەت يازالامسەن، سەپەرگە چىقىشنى خالامسەن؟ دەپ سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدىم.

— بىز پويىزد بىلەن كېتىمىزمۇ؟

— پويىزد بىلەن كېتىمىز.

— كېمە بىلەنچۇ؟

— ئاۋال كېمە بىلەن.

— ھە! مانا ئۇ، قانداق، بۇرۇتلىرىمۇ قانداق ئۇزۇن! — دېگەن كىمنىڭدۇر تويۇقسىزلا بىر تۈرلۈك ئاجايىپ قاتتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن چۆچۈپ بېشىمنى كوتەردىم. كوزۈمگە مەڭزى سوڭەكلىرى چىقىپ تۇرغان، لەۋلىرى نېپىز بىر كىشى كورۈندى. 50 ياشلارغا كىرگەن بىر ئايال مېنىڭ ئالدىمدا قوللىرىنى بېلىگە تايىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئىشتانلىق، ئىنچىكە پۇتلىرى گوياكى كەڭ ئېچىلغان سېركولدەك بولۇپ تۇراتتى.

مەن مەڭدەپ كەتتىم.

— تونۇمايۋاتامسەن؟! مەن تېخى سېنى كوتۈرۈپ چوڭ قىلغانغۇ!

مەن تېخىمۇ مەگدەپ كەتتىم. بەختىمگە يارىشا ئاپاممۇ كىرىپ كەلدى ـ دە سوزگە ئارىلاشتى.

ـــ بۇ سەپەر قىلىپ كەتكىلى ئۇزۇن بولدى ئەمەسمۇ؟ ئۇنـ تۇپ قالسا كېرەك، لېكىن سېنىڭ ئەلۋەتتە بىلىشىڭ مۇمكۇن. ـــ دېدى ئاپام ۋە ماڭا قاراپ: ـــ بۇ ھېلىقى بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزـ دىكى دۇفۇ ساتىدىغان خوشنىمىز ياڭ ئەرسۇ، ـــ دېدى.

شۇ چاغدىلا مەن ئېسىمگە ئالدىم. ئۇ چاغلاردا مەن تېخى كىچىك بالا ئىدىم. ياڭ ئەرسۇ ئەرتىدىن كەچكىرگىچە ئۇدۇلـ مىزدىكى دۇفۇ دۇكىنىدا ئولتۇراتتى. ھەممە ئادەم ئۇنى «دۇـ فۇچى مەلىكە» دېيىشەتتى. لېكىن ئۇ ۋاختىلاردا ئۇنىڭ ئۇزـ لىرىگە ئۇپا سۇركەلمىگەن، مەگزى سوگەكلىرى بۇنداق چىقىپ كەتمىگەن ۋە لەۋلىرىمۇ مۇنداق نېپىز ئەمەس ئىدى. ئۇ، كۇن بويى دۇكاندا ئولتۇراتتى. شۇڭلاشقىمۇ مەن ئۇنىڭ مۇنداق «سېركولىغا» ئوخشاش قىياپىتىنى كورمىگەن ئىكەنمەن.

ئۇ چاغلاردا ھەممە ئادەملەر «شۇ ئايال ئارقىلىقلا بۇ دۇكانـ نىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرى ئوبدان ماڭىدۇ» دېيىشەتتى. لېكىن ئۇ چاغدا مەن ناھايىتى كىچىك ئىدىم ۋە ئۇ، مېنىڭدە ھېچـ قانداق تەسىر قالدۇرمىغاشقا ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

«سېركول» ناھايىتى ئەنسىز تۇراتتى. ئۇنىڭ ماڭا بولغان نارازىلىقى ئاشكارە كورۇنۇپ تۇراتتى ۋە ماڭا غەزەپ بىلەن قاراپتتى. ناپالېون توغرىسىدا ھېچنەرسە بىلمەيدىغان فرانسۇزغا

ياكى ۋاشنغتون توغرىسىدا ھېچنەرسە ئاڭلىمىغان ئامېرىكىلىق-
لارغىمۇ، بۇنداق قاراش مۇمكىن ئىدى. ئۇ، سوغۇققىنە كۈلۈم-
سىرەپ:

— ئۇنتۇپ قاپسەن دە؟ راست، ئاتاغلىق ئادەملەرنىڭ كوزى-
مۇ شۇنداق ئۇستۇن قارايدۇ....— دېدى.

— ياق!... ئانداق ئەمەس....— دەپ مەن ھودۇقۇپ ئورنۇم-
دىن تۇرۇپ كەتتىم.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ دېمەكچى بولغۇنۇم، ئىنىم شۇن،
سەن باي بولۇپ كەتسەڭ، ژۇك - تاقلىرىڭنى ئېغىرلاشتۇرۇپ
بۇ ئەسكى - تۈسكىلەرنى نىمە قىلاتتىڭ، ماڭا قالدۇرۇپ كەت،
بىزگە ئوخشاش كەمبەغەللەر پايدىلانسۇن.

— مەن ئەسلى باي ئەمەسمەن، ھەممە نەرسىلەرنى سېتىۋې-
تىپ ئاندىن كېتىش كېرەك.

— ھەي! سەن بىر ۋىلايەتكە «دوتەي» بولدۇڭ، يەنە
تېخى، باي ئەمەسمەن دەيسىنا؟ ھازىر سېنىڭ ئۈچ خوتۇنۇڭ
بار ۋە سېنى ئۇ ياققا - بۇ ياققا توشۇپ ژۈرۈدىغان 8 كىشى
كوتۈرۈدىغان تەختىراۋانىڭ بار. يەنە تېخىچىلا باي ئەمەس
ھە! ياق...مەندىن ھېچنەرسىنى يوشۇرالمايسەن.

ئەمدى ئۇنىڭغا قارشى بىرەر سوز ئېيتىشنىڭ ھاجىتى يوق
ئىكەنلىگىنى بىلدىمدە، لام - جىم دېمەستىن قاراپ تۇرىۋەدىم.

— ھەي! ھەي! «ئادەمنىڭ ئاقچىسى قانچە كوپەيگەنسىرى

ئۇ، شۇنچە ئاز چىقىم قىلىدۇ. قانچە ئاز چىقىم قىلغانسىرى ئۇنىڭ شۇنچە ئاقچىسى كۆپىيىدۇ» دېگەن سۆز زادى توغرى ئىسپاتلانغان.

«سىركول» زەردى بىلەن كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ۋالاق-لىغان پېتى ئىشىككە قاراپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىپ بېرىپ ئاپامنىڭ پەلىيىنى بېلىگە قىستۇرۇۋالدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەتراپتىكى ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلەر كېلىشكە باشلىدى. مەن ژۇك-تاقلىرىمنى سەرەمجانلاش-تۇرۇش ئۈچۈن ئارانلا بوش ۋاخت تاپتىم. شۇنداق ئەھۋالدا 3-4 كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن چۈشلۈك غىزادىن كېيىن چاي ئىچىپ ئولتۇراتتىم، قانداقتۇر سىرتتىن بىر كىشى كىرگەن-دەك بولدى. مەن بىر قاراپلا ناھايىتى ھەيرانلىقتا ئىختىيار-سىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم ۋە دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشقا ئالدىرىدىم.

بۇ كەلگەن رۇڭتۇ ئىدى. مەن ئۇنى بىر قاراشتا تونىغان بولساممۇ، لېكىن ئۇ، مېنىڭ خاتىرەمدىكى رۇڭتۇغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ، ئاۋۋالقىغا قارىغاندا بىر ھەسسە ئېگىز ئىدى. بۇغداي ئۆڭلۈك، دۈگىلەك يۈزلىرى ئۆزگىرىپ ئاللىقانداق سېرىققا ئايلانغان ۋە چوڭقۇر قورۇقلار باسقان، كۆزلىرىمۇ خۇددى دادىسىنىڭكىدەكلا قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن

ئىدى. ھەقىقەتەن دېڭىزدىن دايىم شامال ئۇرۇپ تۇرغاشقا، دېڭىز ياقىسىدا ياشىغۇچى كوپچىلىك دېھقانلارنىڭ مۇشۇنداق بولاتتى. رۇڭتۇنىڭ بېشىدا يېڭى كىگىز مالىخاي، ئۇستىدە پاختىلىق نېپىز پەشمەت بار ئىدى. ئۇ سوغۇقتىن شۇمشۇيۇپ، قەغەزگە ئورالغان بىر بولاق نەرسىنى ۋە ئۇزۇن غاڭزىسىنى تۇتۇپ تۇراتتى. قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بۇ قوللىرى دېقماقىنە، كۇچلۇك ئىدى. ھازىر بولسا قوپال ۋە يېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى قارىغاينىڭ قوزاقلىرىغا ئوخشايتتى.

مەن رۇڭتۇنىڭ كەلگىنىگە ناھايىتى خوشال بولدۇم. لېكىن نېمىدىن سوز باشلاشنى بىلمەيتتىم.

پەقەت:

— رۇڭتۇ ئاكا، كېلىڭ...— دېدىم.

كېيىن مېنىڭ بېشىمغا نۇرغۇن سوزلەر كەلدى: پاختەكلەر، ئۇچىدىغان بېلىقلار، قۇلۇلە چاناقلىرى، سېيىسق كوزەن، مانا بۇ سوزلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى ژېپى ئۇزۇلگەن مارجانغا ئوخشاش بىردىنىڭ كەينىدىن بىرى توكۇلۇدىغاندەك سېزىلەتتى... لېكىن قانداقتۇر بىر نەرسە، بۇ سوزلىرىمنى ئېيتىشقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقاندەك، مېڭەمنىڭ ئىچىدىلا ئەگىپ تاشقىرىغا چىقالمايتتى.

رۇڭتۇ مېنىڭ ئالدىمدا چىرايىدىن خوشاللىق ھەم قايغۇ چىققان قىياپەتتە تۇراتتى. ئۇ لەۋلىرىنى مىدىرلىتاتتى. لېكىن

ھېچنەرسە دېمەيتتى. ئاخىر ئۇنىڭ چىرايى ھۇرمەت قىياپىتىنى ئالدىدە ۋە چۇشۇنۇشلۇك قىلىپ:

—جاناپلىرى...— دېدى.

مېنى خۇددى بىر مۇزغا ئوخشاش تىترەك باسقاندەك بولدى. مەن ئەمدى ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ئىگىز تام پەيدا بولغانلىقىنى بىلدىم ۋە غەمكىنلىك بىلەن ھېچنەرسە دېيەلمەستىن جىم - جىت تۇرۇپ قالدىم.

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ كىمگىدۇر بىرنىگە:

—شۈيشىڭ، جاناپلىرىغا سالام قىل. — دەپ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بالىنى تارتتى. بۇ خۇددى بۇندىن 20 يىل ئاۋالقى رۇڭتۇنىڭ ئوزىلا ئىدى. پەقەت بۇنىڭ يۈزى سېرىغراق، ئورۇغراق ۋە بوينىدا كومۇچ مۇنچىقى يوق ئىدى.

—بۇ مېنىڭ بەشىنچى بالام...بۇ تېخى ھېچيەرگە چىقىپ باقمىغان، يېتىرقاۋاتىدۇ....

ئەتىمالىم بىزنىڭ ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ قالغان بولسا كېرەك، ئانام بىلەن خۇڭئەرمۇ توۋەن چۈشتى.

—خانىم، سىزنىڭ خېتىڭىزنى ئالغىنىمغا خېلى بولدى ۋە جاناپلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم.— دېدى رۇڭتۇ.

—نىمانچە سىپايە بولۇپ كەتتىڭ، ئىلگىرى سىلەر بىر-بىرىڭلارنى ئاكا - ئۇكا دېيىشەتتىڭلارغۇ، ھازىرمۇ ئاۋالقىدەكلا

شۇن ئاكا دېگىن،...ــ دېدى ئانام خوشال بولۇپ.

ــ ياق، خېنىم نىمە دېگەنلىرى ... ئۇنداق دېسەم كېلەـ شەمدۇ!؟ بىز ئۇ چاغلاردا بالا ئىدۇق. ھېچنەرسىنى ئۇقـ مايتتۇق.

رۇلڤتو شۇيشىڭنى يەنە سالام قىلشقا بۇيرىدى، لېكىن ئۇ تارتىنىپ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالدى.

ــ بۇ شۇيشىڭ بەشىنچىسىمۇ؟ بۇ، ئىزا تارتىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ، ئەجەپلەنگىدەك ئىش ئەمەس، چۈنكى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تونۇش ئەمەس. خۇڭئەر بىلەن ئويناپ كەلـ سۇن. ــ دېدى ئاپام.

بۇنى ئاڭلاپ خۇڭئەرمۇ شۇيشىڭنى چاقىردى، شۇيشىڭمۇ يېنىكلەشكەندەك بولۇپ خۇڭئەر بىلەن خوشال چىقىپ كەتتى. ئاپام رۇلڤتونى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ، ئەيمىنىپ بىردىپ ئولتۇردى ۋە ئۇزۇن غاڭزىسىنى ئۇستەلگە قويىدىدە، ماڭا قەغەز بولاقنى سۇندى.

ــ بۇنىڭدا ئازىراق كوك پۇرچاق بار، ئوزىمىز قۇرۇتقان. مەرھەمەت قىلىسىڭىز. قىشلىغى بۇنىدىن باشقا ھېچنەرسە يوق.

مەن ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورۇدۇم. ئۇ بېشىنى چايقاپ:

ــ ئەھۋال ئېغىر، 6نچى بالاممۇ چوڭ بولۇپ ياردەملىشىشكە

ياراپ قالدى. لېكىن هامان تاماق يېتىشمەيدۇ ...ئۇمۇمەن ئەنـ
سىزلىك،...نەگىلا بارسا پۇل كېرەك. تەرتىپ يوق. هوسۇل
ئوسال!... ئۇنى - بۇنى ژىغىشتۇرۇپ ساتقىدەك بولساق، سېلىق
ئۈستىگە سېلىق، زىيىنىغا سېتىشتىن باشقا چارە يوق. ساتمىساڭ
سېسىپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭ قورۇق باسقان ئۇزى خۇددى تاشتىن ياسىغان هەيـ
كەلدەك هەركەتسىز كورۇنەتتى. ئۇنىڭ كوپ قىيىنچىلىقـلارنى
تارتقانلىقى كورۇنۇپ تۇراتتى. لېكىن هەممىسىنى ئېيتالمايتتى.
ئۇ، ئۇنچۇقماي بىر ئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇزۇن غاڭزىسىنى
ئېلىپ تاماكۇ چېكىشكە باشلىدى.

ئاپامنىڭ بەرگەن سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابىـغا قاراپ مەن
ئۇنىڭ ئويىدە ئىشنىڭ كوپـلىگىنى ۋە ئۇنىـڭ ئەرتە سوزسىز
قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدىم. ئاپام ئۇنىڭ چۇشلۇك غىزا يېمەـ
گەنلىگىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئاشخانىغا كىرىپ ئوزىگە غىزا ئېتىپ
بېرىشنى تەكلىپ قىلدى.

ئۇ، چىقىپ كەتتى. بىز ئاپام ئىككىمىز ئۇنىڭ ئەهۋالىـغا
ئېچىندۇق. بالىلىرى كوپ، ئاچلىق - يالاڭغاچلىق، ئېغىر سېـ
لىقلار. ئەسكەرلەر، بۇلاڭ - تالاڭچىلار، ئەمەلدارلار، بايلار.
بۇلارنىڭ هەمـمىسى قىيناپ، ئۇنى خۇددى ياغاچ هەيكەلـگە
ئوخشاش قاغجىراتقان. ئاپام بىز ئوزىمىز بىـلەن ئېلىپ كېتەلـ
مەيدىغان نەرسىلەرنىڭ هەممىسىنى ئۇنىڭغا قالدۇرايلى، خالىغان

نەرسىسىنى ئوزى تاللىۋالسۇن دېگەن پىكرىنى ئېيتتى.

كەچقۇرۇنلىقى رۇلىتو ئوزىگە كېرەكلىك نەرسىلەردىن ئىككى ئۇزۇن ئۇستەل، تورت ئورۇندۇق، بىر دانە ئىسرىقدان، شامدان ۋە بىر جىگنى تاللاپ ئالدى. يەنە ئۇ، ساماندىن چۇشكەن كۇلىنىڭ ھەممىسىنى (بىزدە گۇرۇچنىڭ سامىنى قالاش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ ۋە بۇ كۇلىلەرنى قومىلۇق يەرلەرگە ئوغۇت قىلىپ ئىشلىتىش مۇمكۇن) ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. بۇنى ئۇ بىزنىڭ كېتىشىمىز بىلەنلا كېلىپ قولىۋاققا سېلىپ ئېلىپ كەتمەكچى بولدى.

ئاخشىمى بىز ئۇزاق سوزلەشتۇق. لېكىن مۇھىم سوزلەر ئەمەس ئىدى. رۇلىتو ئەرتىسى ئەتتىگەندە شۇيشىگنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى.

يەنە 9 كۇن ئوتۇپ كەتتى. بىزنىڭ يولغا چىققىدىغان كۇنىمىزمۇ يېتىپ كەلدى. رۇلىتو ئەتتىگەنلىگى يېتىپ كەلدى. بۇ سەپەر ئۇ، شۇيشىگنىڭ ئورنىغا قولىۋاقنى گۇزىتىش ئۇچۇن بەش ياشلىق قىزىنى ئېلىپ كەپتۇ. بىز پۇتۇن كۇن بويى يولغا تەييارلاندۇق. سوزلىشىشكە ھېچ مۇمكۇنچىلىكمۇ بولمىدى. مېھمانلار نۇرغۇن؛ بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇزۇتۇش ئۇچۇن، بەزىلىرى بىرەر نەرسە ئېلىش ئۇچۇن ۋە بەزىلىرى ھەم ئۇزۇتۇش ھەم بىر نەرسە ئېلىش ئۇچۇن كېلىشكەن ئىدى.

بىز كەچقۇرۇن كېمىگە ئولتۇرغان چاغدا بىزنىڭ ئويلەر خۇددى سۇپۇرۇپ تاشلىغاندەكلا يالىڭاچ بولۇپ قالدى. ئويىنىڭ ئىچىدە يە

چوڭ، يەكىچىك، يە كونا، يە سۇنغان ھېچنەرسە قالمىغان ئىدى.

بىزنىڭ كېمە ئالغا قاراپ كەتمەكتە؛ گۇگۇم ۋاختىدا ئىككى قىرغاقتىكى تاغلار قارامتۇل كوك كورۇنۇپ، گويا ئۈزۈپ كېتىپ بارغاندەك ژىراقلاشماقتا ئىدى.

بىز ــ خۇڭ ئەر ئىككىمىز كېمە دېرىزىسىگە يولۇنۇپ تۇرۇپ، گۇگۇم كورۇنگەن مەنزىرىگە قاراپ باراتتۇق. خۇڭ ئەر تۇيۇقسىزلا:

— تاغا، بىز قاچان قايتىپ كېلىمىز؟ — دېدى.

— قاچان قايتىمىز؟ سەن ماڭا ــ ماڭمايلا قايتىش توغرىسىدا ئويلاۋاتامسەن؟

— شۇي‌شىڭ مېنى ئويگە ئويناشقا چاقىرغان ئىدى. — دەپ خۇڭ ئەر يوغان قارا كوزلىرىنى پاقىرتىپ، ئويلۇنۇپ تۇرۇپ قالدى.

ئاپام بىلەن ئىككىمىز رۇڭتۇنى ئەسكە ئېلىپ قايغۇردۇق. ئاپام ماڭا بىز ژۇك ــ تاقلارنى ژىغىشقا باشلىغان كۈندىن تارتىپ ھەر كۈنى كېلىپ تۇرغان ھېلىقى «دۇفۇچى مەلىكە» ياڭ ئەر ــ سۇنىڭ كۆل دۇگىلىرى ئىچىدىن ئونغا يېقىن چىنە ۋە تەخسە ــ لەرنى تېپىۋالغانلىقىنى، كېيىن ئۇلار رۇڭتۇ كۆلىگە كەلگەندە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن تىقىپ قويغان بولىشى كېرەك دېگەن خۇلاسىغا كېلىشكەنلىكىنى، ياڭ ئەرسۇ بۇ خەۋەرلەرنى ئېيتقانلىقى ئۈچۈن چوڭ ئىش قىلغاندەك «ئىتلارنىڭ زىتىغا»* دېگەن توخوغا دان سالىدىغان ئىدىشنى ئېلىپ، پۈتىنى كىچىك قىلىپ كورسەت ــ

* بۇ توخۇ باقىدىغان ياغاچ ئىدىش، ئۇنىڭ ئىچىگە دان چېچىپ،

مەك ئۇچۇن ئالاھىدە تىكىلگەن تاپىنى قېلىن خەي بىلەن ئۇچقاندەك ژۇگرەپ كەتكەنلىگىنى سوزلەپ بەردى.

مەن ئوزەمنىڭ كونا ئويۇمدىن بارغانسىرى ژىراقلاشماقتىمەن. تۇغۇلۇپ ئوسكەن جايلىرىمنىڭ تاغ-دەريالىرىمۇ، مەندىن ئاستا-ئاستا ژىراقلاشماقتا. لېكىن مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىۋاتقىنىمغا ھېچقانداق ئەپسۇسلەنمەيتتىم، پەقەت ئەزايىمنى كوزگە كورۇنمەس تاملار قاپسىۋالغاندەك ۋە دۇنيادىن ئايرىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى-دە، كوڭلۇم قانداقتۇر بىر غەمگە تولدى. بويىنىغا كومۇچ مۇنچاق تاقالغان كىچىككىنە باتۇرنىڭ تاۋۇزلۇقتا ئىلگىرى شۇنداق روشەن كورۇنگەن قىياپىتى ئەمدى سۇسلۇشۇپ كەتتى ۋە بۇ ھال مېنىڭ كوڭلۇمنى بۇزاتتى. ئاپام بىلەن خوڭئەر ئۇخلاپ كەتتى.

مەن سۇنىڭ شاقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ تۇرمۇشتا ئوز يولۇمنى تاپقانلىقىمنى ئويلۇدۇم.

«رۇڭتۇ بىلەن ئىككىمىزنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ، لېكىن بالىلىرىمىز يەنە بىللە بولۇدۇ»، دېدىم مەن ئوز-ئوزۇمگە. «خوڭئەر ھازىر تېخى شۇي شىڭنى ئويلاۋاتاتتىمۇ؟ مەن ئىشىنىمەنكى، ئۇلارنى ھېچقانداق نەرسە ئايرىۋېتەلمەيدۇ ۋە

---

ئىتلار يەپ كەتمەسلىك ئۇچۇن پەنجىر ياساپ قويۇلۇدۇ. توخۇلار بويۇنلىرىنى تىقىپ دانلايدۇ. ئىتلار بولسا ئۇنداق قىلالمايدۇ. پەقەت تېرىكىپ قاراپ تۇرۇشۇدۇ.

ئۇلار ھېچقاچان ماڭا ئوخشاش تېنەپ-تەنتىرەپ ژۇرمەيدۇ. ياكى رۇڭتۇغا ئوخشاش باشنى قاتۇرغىدەك ئېغىر تۇرمۇش كوچۇرمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كوڭلىدە باشقىلارغا ئوخشاش ئاچچىق قايغۇ — ھەسرەتلەر بولمايدۇ. ئۇلار بىز كورمىگەن، بىز بىلمىگەن يېڭى ھايات كوچۇرۇشى كېرەك».

مەن شۇنداق خىيالدا ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىزلا مېنىڭدە بىر قورقۇنۇچ پەيدا بولدى. رۇڭتۇ ئىسرىقدان بىلەن شامدانىنى ئالغان چاغدا مەن ئۇنىڭ تېخىچىلا بۇتقا ئىتائەت قىلىپ ژۇرگۈننى كورۇپ، ئىچىمدە كۇلۇپ قويغان ئىدىم. ئەمما مېنىڭ بۇگۈنكى كۇنىگىچە ئارمان دەپ ھېساپلاپ كەلگىنىم — خىيال ئارقىلىق پەيدا بولغان خۇدا ئەمەسمۇ؟

رۇڭتۇنىڭ ئارمىنى پەقەت ئەرتىكى كۇن بولسا، مېنىڭ كېلەچەك...

خىيال سۇرۇپ ئولتۇراتتىم، دېڭىز بويىدىكى قۇملۇق كوزۇمگە تاشلاندى، ئۇستۇمدە تولۇن ئاي. يەنە خىيالغا كەتتىم: ئۇمىت دېگەن نەرسىنى بار دېيىسمۇ بولۇدۇ، يوق دېيىسمۇ بولۇدۇ، ئۇ خۇددى زېمىندىكى يولغا ئوخشايدۇ: زېمىندە ئەسلىدە يول يوق ئىدى، ماڭىدىغان كىشىلەر كوپەيگەشكە، يول ھاسىل بولغان.

1921 - ژىلى يانۋار.



ئا Q

جبالڭجاۋخو سىزغان

# ئاQنىڭ ھەقىقىي تەرجىمە ھالى①

## I

### مۇقەددىمە

ئاQنىڭ ھەقىقىي تەرجىمە ھالىنى يازاي دەپ ژۈرگۈنۈمگە بىر ـ ئىككى ژىلدىن ئېشىپ كەتتى. لېكىن يازىمەن دەپ ژۈرۈپ، يەنە ئىككى تايىن بولۇپ قالدىم. مېنىڭ «ھېكمەتلىك سۆز»② قالدۇرۇدىغان كىشىلەردىن ئەمەسلىگىم مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا مەلۇم. چۈنكى، ئادەتتە ئۇنتۇلماس قەلەم ئىگىلىرى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس كىشىلەرنىڭ تەرجىمە ھالىنى يېزىش كېرەك. ئادەملەر مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئەسەر سەۋەبى بىلەن مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئادەملەرگە ئايلىنىدۇ، ئەسەرلەرمۇ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئادەملەر ئارقىلىق مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئەسەرلەرگە ئايلىنىدۇ. بارا ـ بارا بۇلارنىڭ زادى قايسىسى ــ قايسىسىغا يۆلۈنىدىغانلىقى ماڭا قاراڭغۇ بولۇپ قالدى. ئاخىرى، خۇددى ئىچىمگە جىن كىرىۋېلىپ، يېزىشقا مەجبۇر قىلغاندەك، ئاQغا تەرجىمە ھال يېزىشقا باشلىدىم.

لېكىن «چاپسانلا ئۇنتۇلىدىغان» بۇ ئەسەرنى يازماقچى بولۇپ،

قولۇمغا قەلەم ئالا ــ ئالمايلا، ئېغىر بىر قىيىنچىلىققا يولۇقتۇم. بۇ قىيىنچىلىقنىڭ بىرىنچىسى، ئەسەرنىڭ نامى بولدى. كۇڭفۇزى: «ئەسەرگە توغرى نام بېرىلمىسە، سۆزمۇ قولاشمايدۇ» دەپتىكەن. بۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا توغرى كەلدى. تەرجىمە ھالىنىڭ نامى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: ئۇلۇق كىشىلەرنىڭ تەرجىمەھالى، ئۆز تەرجىمە ھالىم، ئەينى تەرجىمەھال، غەيرىي تەرجىمە ھال، ئايرىم تەرجىمە ھال، ئائىلىۋى تەرجىمە ھال، قىسقىچە تەرجىمە ھال......ئەپسۇسكى، بۇ ناملارنىڭ ھېچقايسىسى توغرى كەلمىدى. «ئۇلۇق كىشىلەرنىڭ تەرجىمە ھالى» دەپ يازاي دېسەم، بۇ ئەسەر نۇرغۇن ئۇلۇق كىشىلەرنىڭ «ھەقىقىي تارىخى» ئىچىگە كىرگۈزۈلىدىغان ماقالە ئەمەس؛ «ئۆز تەرجىمە ھالىم» دەپ نام بېرەي دېسەم، مەن ئاQ ئەمەس؛ «غەيرىي تەرجىمە ھال» دەي دېسەم، «ئەينى تەرجىمە ھالى» قېنى؟ ئەگەر «ئەينى تەرجىمە ھال» دەپ نام بېرەي دېسەم، ئاQ تەرجىمە ھالىنى يازغىدەك ئەۋلىيالاردىن ئەمەس؛ «ئايرىم تەرجىمە ھال» دەي دېسەم، ئاQ ھېچقاچان رەئىس جۇمھۇرنىڭ ئىلتىپاتىغا ئىگە بولۇپ، دۆلەت مۇزېيىنىڭ «ئەسلى تەرجىمە ھالى» يېزىلسۇن دېگەن قارارىغا كىرگۈزۈلگىنى يوق. ئەنگلىز سالنامىلىرىدا «قىمارۋازلارنىڭ تەرجىمە ھالى» يېزىلمىغان دېيىشىمۇ، ئەمما مەشھۇر يازغۇچى دىككىنىس «قىمارۋازنىڭ تەرجىمەھالى»[3] دەپ بىر كىتاپ يازغان. لېكىن مەشھۇر يازغۇچىغا مۇمكۈن بولغان بىلەن،

ماڭا ئوخشاشلارغا ئۇنداق كىتاپ يېزىش مۇمكۈن بولمىسا كېرەك؛ ئەمدى «ئائىلىۋىي تەرجىمە ھال» دەي دېسەم، بىراق ئاQ بىلەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىنىڭ تۇققانلىق مۇناسىۋىتى بار ـ يوقلىقىنى بىلمەيـ مەن ۋە ئۇنىڭ باللىرىمۇ ماڭا ئۇنىڭ تەرجىمە ھالىنى يېزىشنى ھاۋالە قىلغان ئەمەس. «قىسقىچە تەرجىمە ھال» دەپ يازاي دېسەم، ئاQ نىڭ باشقا «تولۇق تەرجىمە ھالى» يوق. قىسقىسى، بۇنى «ئەينى تەرجىمە ھالى» بولارمىكى دەيمەن. لېكىن قەـ لىمىمىنىڭ ناچارلىقىنى، «غالتەكچى»لەرنىڭ تىلىـغا[4] ئوخشاش قوپال تىل بىلەن يازغانلىقىمنى ئويلىسام، بۇ ئەسىرىمنى شۇنداق دەپ ئاتاشقىمۇ پېتىنالمايمەن. شۇڭا ئۈچ دىن، توققۇز مەزھەپكە كىرمەيدىغان يازغۇچىلارنىـڭ «قۇرۇق سوزنى قويۇپ، ھەقىقىي تەرجىمە ھالغا ئوتەيلى» دېگەن سوزلىرىدىكى «ھەقىقىي تەرجىمە ھال» دېگەن سوزنى ئېلىپ، ئوز ئەسىرىمگە نام قىلىۋالدىم. بۇ نام قېدىمقىلەر يازغان «خەتتاتنىڭ ھەقىقىي تەرجىمە ھالى»[5] دېگەن ناملاردىكى «ھەقىقىي تەرجىمە ھال» دېگەن سوز بىلەن ئارىلىشىپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچ ئىلاجىم يوق.

ئىككىنچىدىن، ئادەتتە ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ تەرجىمە ھالىنى يازغاندا، ئاۋال «فامىلىيىسى پالانى، ئىسمى پوكۇنى، پالانى يەرلىك...» دەپ باشلاش كېرەك. لېكىن ئاQ نىڭ فاـ مىلىيىسى ماڭا نامەلۇم. قايسى بىر كۇنى، ئۇنىڭ فامىلىيىسىنى جاۋمىكى دەپ ئويلاپ قالغان ئىدىم. لېكىن ئەتىسىگىلا ئۇ گۇـ

مانلىق خۇلاسە بولۇپ چىقتى. بۇ ۋەقە شۇنداق بولدى: ھۇر-
مەتلىك جاۋنىڭ ئوغلى شيۇسەي دەرىجىسىنى ئالغاندا، بۇ خەۋەر
پۇتكۇل يېزىغا داپ-دۇمباق چېلىش يولى بىلەن ئېلان قىلىن-
دى. بۇنى كورگەن ئاQ، بۇمۇ مېنىڭ ئابرويۇم، دەپ، ئىككى
پىيالە سېرىق ھاراق ئىچىپ، خوشاللىقىدا قىنىغا پاتماي قالدى
ۋە: بۇ شەرەپ ماڭىمۇ تەئەللۇق، چۇنكى مەن جاۋ بېگىمگە
تۇققان؛ ئەگەر شەجەرە بويىچە تىزىپ كەلگەندە، شيۇسەيدىن
ئۇچ دەرىجە ژۇقۇرى تۇرىمەن، دېگەن. شۇچاغدا بۇ گەپلەرگە
قۇلاق سېلىپ تۇرغان كىشىلەر بىردىنلا ئاQنى ھۇرمەتلەشتى.
نەدىن بىلسۇن، ئاقساقاللاردىن بىرسى ئەتىسىگىلا ئاQنى ھۇر-
مەتلىك جاۋنىڭ ئويىگە چاقىرىپ باردى. ھۇرمەتلىك جاۋ ئۇنى
كورۇش بىلەنلا ئاچچىغلىنىپ:

— ئاQ، ھەي ئەبلەخ! سەن مېنى ماڭا تۇققان بولۇدۇ
دەپسەنا؟ — دەپ ۋاقىراپ كەتتى.

ئاQ بولسا ئۇن چىقارمىدى.

ئۇنىڭغا قاراپ، ھۇرمەتلىك جاۋ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ كەتتى-
دە، ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ:

— چايناپ گەپ قىل! مەن قاندىقسىگە ساڭا ئوخشاشلار
بىلەن تۇققان بولاي؟ سېنىڭ فامىلىيەڭ قانداقسىگە جاۋ بولۇدۇ؟
— دەپ كاكىردىدى.

ئاQ بولسا لام-جىم دېمەستىن، ئارقىسىغا ياناي دەپ تو-

راستى ، ئاڭغىچە ھۆرمەتلىك جاۋ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ بېرىپ، ئاQ نىڭ كاچىتىغا بىرنى ئۇردى.

— مەن جاۋنىڭ تۇخۇمى دەپ ماختىنىپ ژۈرۈپتۇ تېخى! سەن مۇنداق فامىلىيىگە ئەرزىمسەن؟

ئاQ ئۆزىنىڭ فامىلىيىسىنىڭ ھەقىقەتەن جاۋ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشماي، پەقەت مەڭزىنى ئۇگۇلاپ تۇردى، ئاخىرى ئۇ ئاقساقالنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، كوچىغا چىقىۋالدى. بۇيەردە ئاQ ئاقساقالدىن يەتەرلىك «دەشنام» يەپ، ئۇنىڭغا مەي ئۈچۈن ئىككى يۈز ياماق بېرىپ «تەشەككۈر» بىلدۈردى.

بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان كىشىلەر، ئاQ شاپىلاقنى ئۆزىگە-ئۆزى تىلەپ ئالدى، ئۇنىڭ فامىلىيىسى جاۋ ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن، ئەگەر شۇنداق بولغان ھالەتتىمۇ، يېزىدا ھۆرمەتلىك جاۋ بولغانلىدىن كېيىن، ئۇ توغرۇلۇق سۆز قىلىش بەربىر نادانلىق دېيىشتى، شۇ ۋەقەدىن كېيىن، ھېچكىم ئاQ نىڭ ھەقىقىي فامىلىيىسىنى ئېنىقلاشقا كىرىشمىدى، مەنمۇ ئۇنىڭ فامىلىيىسىنى زادىلا بىلەلمىدىم.

ئۈچىنچى بىر قىيىنچىلىق — مەن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ قانداق يېزىلىشىنى بىلمەيتتىم. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ھەممىسى ئا Quei دەپ ئاتايتتى، ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تامامەن ئاتىماس بولدى. بۇ يەردە «خىتاي قومۇچىغا ياكى ئىپەككە قېدىمقى نۇسخىدىكى خەتلەر بىلەن نامىنى يېزىش»[6] ئىشلىرى نەدە بولسۇن! ئاQ توغ-

رۇلۇق ئەسەر يېزىشنى مەن بىرىنچى قېتىم باشلىدىم، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن دەررولا ژۇقۇردا كورسۇتۇلگەن تەبىي قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولۇپ ئولتۇرۇمەن.

مەن ئا Quei دېگەن سوزنىڭ قانداق يېزىلىشى ھەققىدە كوپ ئويلاندىم: «ئاي گۇلى» دېگەن سوزنى بىلدۇرۇدىغان «گۇي» ھەرپى بىلەنمۇ ياكى «ئىسىللىك» دېگەن مەنىنى بىلدۇرۇدىغان «گۇي» ھەرپى بىلەنمۇ؟

ئەگەر ئۇنىڭ لەقىمى «يۇەتىن» — «ئاي شىپىكى» دەپ ئاتالغان بولسا ئىدى ياكى ئۇ ئاۋغۇست ئېيىدا تۇغۇلغان بولسا ئىدى، مەن ئەلۋەتتە، «ئاي گۇلى» مەنىسىدىكى «گۇي» ھەرپىنى يازغان بولاتتىم. لېكىن، ئۇنىڭ ھەتتا لەقىمىمۇ يوق ئىدى (بولسىمۇ بولغاندۇر، لېكىن ئۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى). ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۇنىمۇ بەلگىسىز، چۇنكى يازغۇچىلارغا ھېچ-قاچان شۇ كۇن شان - شەرىپىگە بىرەر نەرسە يېزىپ بېرىش تەك-لىۋى بىلەن باغاقلار تارقىتىلمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئا Q نى «ئاي گۇلى» مەنىسىدىكى «گۇي» ھەرپى بىلەن يېزىش - ھېچبىر ئاساسسىز ئىدى.

ئەگەر ئۇنىڭ ئاكۇ - «باي» دېگەن ئىسىملىك ئاكىسى ياكى ئىنىسى بولغان بولسا ئىدى، ئۇ ۋاختىتا ئۇنىڭ ئىسمىنى، شۇنىڭغا ئوخشۇتۇپ، «ئىسىللىك» دېگەن سوزنى بىلدۇرۇدىغان «گۇي» ھەرپى بىلەن يېزىشقا بولاتتى. لېكىن ئۇ يالغۇز بولغان-

لىقتىن، مۇنداق دەپ يېزىشقىمۇ ئاساس يوق.

«ئا Quei» تاۋۇشىنى بىلدۈرۈدىغان باشقا ھەرپلەر تېخىمۇ ئاساسسىز.

بىر كۈنى، مەن مۇشۇ توغرۇلۇق ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ ئوغلى شيۇسەي[7] بىلەن سوزلەشتىم، لېكىن مۇنداق ئالىي مەلۇماتلىق ئادەمنىڭ خەۋەردار بولماسلىقىنى كىم ئويلىغان؟ ھەر ھالدا، ئۇ چېنشۇشىۋ تەھرىرلىگەن چىقىدىغان «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلى تىلىمىزغا چەتئەل سوزلىرىنى كىرگۈزگەنلىكتىن[8]، مىللىي تارىخىمىز يوقالغان ئىكەن، شۇڭا ئۇ مەسىلىنى تەكشۇرۇپ، بىلىش مۇمكىن ئەمەس دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئوز ژۇرنالۇقلىرىمنىڭ بىرىگە ئاQ نىڭ ئىشىغا باغلىق سوت ھوججەتلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىشنى تاپشۇردۇم. سەككىز ئاي ئوتكەندىن كېيىن، ئۇ ماڭا بۇ ھوججەتلەردە «ئا Quei» دېگەن ئىسىمگە يېقىن كېلىدىغان ئادەم يوقلىقى توغرۇلۇق خەۋەر بەردى.

ھەقىقەتەن، ئۇ يەردە مۇنداق ئىسىم يوقمۇ ياكى ئۇ كىشى ئىزدەپ تاپالمىدىمۇ ـ بىلمەيمەن، ھەر ھالدا بۇ توغرۇلۇق بىلىۋېلىشقا باشقا ئامال قالمىدى.

بىزدە «جۇيىڭ زىمۇ» (تاۋۇش ئېلىپبەسى) تېخى كوپ تارقالمىغاندۇ دەپ ئويلايمەن، شۇنىڭ ئۇچۇن ماڭا چەت تىل ئېلىپبەسى ھەرپلىرىنىڭ ياردىمىگە يولۇقۇشقا توغرى كەلدى.

مەن بۇ ئىسمنى ئىنگلىز ترانسكرىپسىيىسى بىلەن A-Quei دەپ يازىمەن، قىسقارتىپ يازغاندا ئاQ بولۇدۇ. بۇ سوزىمىز «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ قايىدىلىرىگە ئاخماقچىسىغا بويۇنسۇنغاندەك بولۇپ كورۇنەر، ئەمدى ئوزەممۇ خىجىل. لېكىن قايسى هەربىپ بىلەن يېزىش كېرەكلىكىنى بىزنىڭ شيوتىسەيمۇ بىلمىگەندىن كېيىن، ماڭا قانداق ئامال بار؟

تورتىنچى قىيىنچىلىق-ئاQ نىڭ ژۇرتى توغرىسىدىكى مەسىلە. ئەگەر ئۇنىڭ فامىلىيىسى جاۋ بولغان بولسا ئىدى، ئولىكە نامىغا قاراپ ئات قويۇش ئادىتىگە ئاساسلىنىپ، ئولكىلەردىكى «لۇڭشىدىن، ژۇرتى تەنشۇي» دېگەندەك فامىلىيە يېزىقلىرىغا قاراپ بىلىۋېلىشقا بولاتتى. لېكىن ئاQ نىڭ فامىلىيىسى ئېنىق مەلۇم ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ژۇرتىنى بىلىۋېلىشقا مۇمكۈنچىلىك بولمىدى. ئۇ تولاراق ۋېيجۇاڭ يېزىسىدا تۇراتتى، لېكىن پات-پاتلا باشقا يەرلەردىمۇ بولاتتى، شۇنداق بولغاچقا، ئۇنى ۋېيجۇاڭلىق دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. ئەگەر «ۋېيجۇاڭلىق» دەپ يازسام-بۇ تەرجىمە هال يېزىش ئۇسۇلىغا توغرى كەلمەيدۇ.

لېكىن ئا هەربىردە هېچقانداق شۇبهە يوق. مانا بۇ مېنى ئازراق قانائەتلەندۈرۈدۇ. ئۇنىڭدا هېچبىر خاتالىق يوق ۋە ئۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىشكە بولۇدۇ. قالغان بارلىق قىيىنچىلىقلارنى بولسا، ماڭا ئوخشاش چوكقۇر مەلۇماتى يوق ئادەملەر بېشەلمەيدۇ. ئەمدى پەقەت خۇشىزىغا ئوخشاش «تارىخ ۋە ئارخىولوگىيىنى ياخشى

كورگۈچىلەر» بۇ مەسىلە ھەققىدە نۇرغۇن يېڭى مەلۇماتلارنى مەۋجۇت ئېتىدۇ دېگەن يالغۇز بىرلا ئۈمىت بار، ـ لېكىن، ئۇ ۋاختىلارغىچە مېنىڭ «ئاQ نىڭ ھەققىي تەرجىمە ھالى» دېگەن ئەسىرىم ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغۇ دەپ قورقۇمەن.

ژۇقۇرىدا ئېيتىلغانلارنى مۇقەددىمە دەپ ھېساپلاش مۇمكۈن.

## II

## چوڭ غالىبىيەتلەر ھەققىدە قىسقىچە بايان

ئاQ نىڭ نامى بىلەن ژۇرتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئوتمۇش «نام ئەمالى» بەلگىسىز ئىدى. ۋەجۇاڭ يېزىسىنىڭ خەلقى ئۇنى ئوزلىرىنىڭ كۇنلۇك ئىشىغا سېلىش ۋە زاڭلىق قىلىپ كۇلۇشتىن باشقىنى بىلمەيتتى؛ ئۇنىڭ «نام ئەمالى»غا ھېچكىممۇ قىزىقىقان ئەمەس. ئاQ نىڭ ئوزىمۇ ھېچ كىمگە ھېچنەرسە ئېيتىپ بەرمەيتتى. پەقەت بىرەر كىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانلىدىلا، ئۇ كوزىنى چەكچەيتىپ:

— مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىم سېنىڭكىگە قارىغاندا، ئاتاغلىغراق ئىدى! سەن نىمە سەن؟ ـــ دەپ ۋاقىرايتتى.

ئاQ نىڭ ئائىلىسى يوق ئىدى؛ ئۇ ئىبادەتخانىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ بەلگىلىك بىر كەسپىمۇ يوق ئىدى، ئۇ باشقىلارغا كۇنلۇك ئىش قىلاتتى. ئوما ئورۇش كېرەك بولسا ـ ئوما ئوراتتى؛ گۇرۇچ

ئاقلاش كېرەك بولسا ـ ئاقلايتتى؛ قولاۋاق هايداش كېرەك بولسا هايدايتتى. ئەگەر ئىش ئۇزاققا سوزۇلسا، ۋاختىنچە ياللىغۇچىنىڭ ئويىدە تۇراتتى، لېكىن ئوز ئىشىنى تۇگۇتۇش بىلەنلا كېتەتتى.

شۇنىڭ ئۇچۇن ئوما ۋاختىدا، يەنى ئاQ كېرەك بولغاندا، ئۇنى ئېسىگە ئېلىشاتتى. ھەقىقەتتە ـ ئاQ نى ئەمەس، ئۇنىڭ ھەر قانداق ئىشنى ئورۇنلاشتىكى قابىلىيەتلىك قولىنى ئېسىگە ئالاتتى، ھەر قاچان قىزىق ئىش ۋاختىلىرى ئوتكەندىن كېيىن، ئۇنى چاپسانلا ئۇنتاتتى. مانا مۇنداق ئەھۋالدا، ئۇنىڭ «نام ئەمالى» توغرىسىدا سوز بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇ توغرۇلۇق ھېچ كىم ئويلىمايتتى.

قانداقتۇر بىر بوۋاي بىر كۇنى بېلىگىچە يالىڭاچ، ئورۇق ۋە ھېرىپ كەتكەن ئاQ غا قاراپ: «ئاQ ئىشقا چېۋەر ئادەم» ـ دەپ يەقەت بىر قېتىملا ماختاپ قويىدى. بۇ سوزلەرچىن كوڭلىدىن ئېيتىلدىمۇ، ياكى زاڭلىق قىلىش بىلەنمۇ ـ ھېچ كىم چۇشۇنەلمىدى، لېكىن ئاQ خوشال بولدى.

ئۇ ئوزىنى ناھايىتى ژۇقۇرى سانايتتى. ۋىجۇاڭلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ھېچنىمە كورمەيتتى. ھەتتا ئىككى موللىنى⑧ زاڭلىق قىلىپ كۇلۇشكىمۇ ئەرزىمەيدۇ دەپ ئويلايتتى. موللىلارنىڭ كېلەچەكتە شيوسەي بولۇشلىرىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ھۇرمەتلىك جاۋ بېگىمنىڭ، ئىككىنچىسى ـ ھۇرمەتلىك چەن بېگىمنىڭ ئوغلى ئىدى. جاۋبىلەن چەن بايلىقى ئۇچۇنلا ئەمەس،

بەلكى شۇنچىلىك موللا ئوغۇللىرى بولغىنى ئۈچۈنمۇ ئوز ژۇرتىدا چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى، يالغۇز ئاQ بۇ موللىلارنى ھۆرمەتلىمەيتتى ۋە ئوز ئىچىدە: «مېنىڭ ئوغلۇم ئۇلاردىنمۇ ئاتاغلىغراق بولاتتى» — دەپ ئويلايتتى.

ئاQ بىر نەچچە قېتىم شەھەردە بولۇپ، ئوز-ئوزىدىن تېخىمۇ كوتۈرۈلدى. لېكىن، ئۇ شەھەرلىكلەرنىڭ غەلىتى قىلىقلىرىغا ئوچ ئىدى. ئۇزۇنلىغى ئۈچ گەز، كەڭلىگى ئۈچ غېرىچ ياغاچ بەلدىڭنى ۋىچۇاڭلىقلار «بەلدىڭ» — دەپ ئاتايتتى، ئاQ مۇ شۇنداق دەيتتى، شەھەرلىكلەر، بۇ بەلدىڭنى «ئورۇندۇق» دېسە، ئاQ تۇرۇپ: «بۇ توغرى ئەمەس... مانا ھاماقەتلىك!» — دەپ ئويلايتتى. ۋىچۇاڭلىقلار ياغدا قورۇلغان بېلىقنى يېرىم غېرىچ قىلىپ توغرالغان كوك پىياز بىلەن ھازىرلايتتى، شەھەرلىكلەر بولسا، پىيازنى ئۇششاق توغرايدىكەن؛ بۇنىڭغا ئاQ يەنە: «بۇ توغرى ئەمەس... مانا ھاماقەتلىك!» — دەپ ئويلايتتى. لېكىن ۋىچۇاڭلىقلار ئۇنىڭ كوزىگە ھېچ نىمە كورمىگەن ناھايىتى قوپال، كۆلكۆلۈك سەرالىقلار بولۇپ كورۈنەتتى: بۇلار، ھەتتا شەھەردە بېلىقنى قانداق قورۇيدىغانلىغىنىمۇ بىلمەيتتى!

ژۇقۇرى بىلىملىك ۋە ئاتاغلىق «ئاتا-بوۋىلىرى» بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى «ئىشقىمۇ ناھايىتى چېۋەر» ئاQ ئەسلىدە «مۇكەممەل ئادەم» ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بىر مۇنچە جىسمانىي كەمچىلىكلىرىمۇ بار ئىدى، خۇسۇسەن بەلگىسىز بىرۋاقىتتا

پەيدا بولۇپ قالغان تەمرەتكىنىڭ تاتۇقلىرى باسقان بېشىنىڭ تېرىسى سەت ئىدى. ئاQنىڭ ئويىچە، بۇ تازلىق ئۇنىڭ مەڭگۈ مىراسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە ھېچبىر پايدا كەلتۈرمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزى «تاز» ياكى شۇنىڭغا يېقىن سوزلەردىن خۇدۇك ئالاتتى. ئاQ بارغانسېرى «پاينەك» ۋە «ئايدىڭ» ھەتتا «چىراق» ۋە «شام» دېگەن سوزلەردىنمۇ خۇدۇك ئالىدىغان بولدى. ئەگەر كىمىكى بۇ سوزلەرنى ئەتەي ياكى تۇيۇقسىز ئېيتىپ قويسا، ئاQ غەزەپلىنىپ، قىزىرىپ ـ تاتىرىپ كېتەتتى ۋە ھاقارەت كەلتۈرگەن كىشىنى تىللايتتى، ئەگەر كۈچى يەتكىدەك كىشى بولسا ئۇراتتى. لېكىن ئاقىۋەتتە، نىمشكىدۇر، ئاQنىڭ ئۆزى تاياق يەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بارغانسېرى ئۆزىنىڭ بۇ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، دۈشمىنىگە قەھرى غەزەپ بىلەن كوزىنىلا چەكچەيتىدىغان بولدى.

ئاQنىڭ بۇ غەزەپ بىلەن كوز تىكىشى ۋەجىۋاڭ بىكار تەلەپلىرىنى تېخىمۇ خوشال قىلار دەپ، كىم ئويلىغان؟ ئۇلار ئاQنى كورۈش بىلەنلا، ھەيران قالغان بولۇپ، «ئايدىڭ بولۇپ قالدى!» ــ دەپ ۋاقىرىشاتتى.

ئاQ غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇلارغا كوزىنى ئالايتاتتى.

ئۇلار ھېچ ئەيمەنمەستىن زاڭلىق قىلىشنى داۋام قىلىپ:

ــ ھە، پانوس كەلگەن ئىكەندە، ــ دەيتتى.

ــ ھە، سەن تېخى شۇنچىلىكمۇ بولالمايسەن، ــ دەيتتى ئاQ

ئوچمەنلىك بىلەن قاراپ، گويا تاز بېشى ئانداق ـ مۇنداق ئاددىي تازلاردىن بولماي، ئانداقتۇر بىر خاسىيەتلىك تازلاردەك سۆزلەپ.

ژۇقۇرىدا ئاQ نىڭ ناھايىتى دانىشمەن ئىكەنلىكى ئېيتىلدى، ئۇ ئەگەر «تاز» ھەققىدە سۆز قىلىپ تاشلىسام، ئۆزەمنىڭ بۇ سۆزنى مەنى قىلغان قايىدىگە ئۆزەم خىلاپلىق قىلغان بولۇمەن دەپ ئويلاپ سۆزنى ئاياقلاشتۇرمايتتى.

لېكىن بىكار تەلەپلەر پەسلىمەيتتى، ئۇلار ئاQ نى تېرىكتۇرۇپ، ئاخىرىدا سوقۇش چىقىراتتى. چەتتىن قارىماققا، ئاQ تاياق يېگەن بولۇپ كورۇنەتتى: دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ سۇس، ساغۇچ چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى تامغا بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇپ، كوڭلى ئارام تېپىپ كېتىشەتتى. ئاQ بىر پەس ئويلاپ تۇرۇپ: «مەيلى مېنى ئەرزىمەس بالام ئۇرغان بولسۇن. بالىسى دادىسىنى ئۇرۇدىغان قانداق ئەسكى زامان كەلدى ـ ھە!» دېگەن خۇلاسىغا كېلەتتىدە، غالىبىيەت قازانغاندەك پەخىرلىنىپ، مېڭىپ كېتەتتى.

ئاQ ئۆزىنىڭ ئويلىغان ئويلىرىنى كېيىنچە ئۆزىلا ئېيتىپ قوياتتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇنى ئۇرۇپ تاماشا قىلىدىغان بىكار تەلەپلەر، ئۇنىڭ روھى «غالىبىيەتلىرى»نى ناھايىتى چاپسان بىلىۋالاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار، ئاQ نىڭ چېچىدىن تۇتۇپ سىلكىپ:

ـــ بالادادىسنى ئەمەس، ئادەم ھايۋاننى ئۇرۇۋاتىدۇ، قېنى تەكرارلىغىنا: ئادەم ھايۋاننى ئۇرۇۋاتىدۇ.ـــ دەيتتى.

QئاQ چېچىنىڭ تۇۋىدىن ئىككى قولى بىلەن مەككەم سىقىملاپ تۇتۇۋېلىپ:

ـــ قوڭغۇزنى ئۇرۇۋاتىدۇ، دېسەم قانداق؟ ـــ مەن قوڭغۇزغۇ. ئەندىغۇ قويىۋېتەرسەن؟ ـــ دەيتتى.

QئاQ ئۆزىنى قوڭغۇز دەپ ئىقرار كەلسىمۇ، بىكار تەلەپلەر ئۇنى دەررو قويۇۋەتمەي، ئۇنىڭ بېشىنى نىمە توغرى كەلسە شۇنىڭغا ئاخىرقى قېتىم يەنە بىرنەچچە ئۇرۇۋېتىپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئاخىرى QئاQنى شەرمەندە قىلدۇق دېيىشىپ، خوشال كېتىشەتتى. لېكىن ئون سېكۇنت ئۆتە ـ ئۆتمەستىنلا QئاQ يېڭىۋاشتىن، مەن يەڭدىم دەپ غالىبىيەت تۇيغىسى بىلەن روھلىناتتى. كۆڭلىدە ئۆزىنى خار بولغانلارنىڭ ئارىسىدا «بىرىنچى» دەپ ھېساپلايتتى ۋە «خارلىق» دېگەن سوزنى ئېيىسىمۇ ئالغۇسى كەلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ «بىرىنچى» بولۇپقالاتتى: جۇاڭيۇەنمۇ* «بىرىنچى»غۇ؟ سىلەر كىم؟ ـــ دەپ، QئاQ رەنجىتكۈچىلەرنىڭ كەينىدىن ۋاقىرايتتى.

QئاQ نەپرەتلىك دۈشمەنلىرىنىڭ ئۈستىدىن مانا شۇنداق ئەلا ئۇسۇل بىلەن غالىبىيەت قازانغاندىن كېيىن خوشال بولۇپ

* جۇاڭيۈەن ـ ئىمپېراتور تەختى ئالدىدا ئىلمىي دەرىجىگە ئىمتىھان ئۆتكەزگەنلەرنىڭ بىرىنچىسى.

مەي ساتىدىغان دۇكانغا ئالدىرايتتى؛ ئۇ يەردە بىر نەچچە پىيالە هاراق ئىچىپ، چاقچاق قىلاتتى، تىللىشاتتى، نەتىجىدە يەنە بىر غالىبىيەت قازانغاندەك بولاتتى، ئاخىرىدا خوش كەيىپ بولۇپ، ئىبادەتخانىغا قايتىپ كېلىپ، باش تەرەپكە ئايىغىنى قىلىپ ئۇيقۇغا چوكەتتى.

ئەگەر ئاQنىڭ يېنىغا پۇل چۈشۈپ قالسا، دەرهال قىمار ئويناشقا ماڭاتتى. قىمارۋازلار چۆرۈلەپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى؛ ئاQ تەرلەپ ـ پىشىپ ئوتتۇرىغا كىرىۋېلىشقا هەركەت قىلاتتى.

«كوك ئەژدىھار»* غا تورت يۈزياماق! هە! قېنى ئاچ! دەپ ۋاقىرىغاندا، ئۇنىڭ ئاۋازى ئالاهىدە قاتتىق چىقاتتى.

ئويۇننى باشلىغۇچى شۇنداقلا قىزغىن هالدا، شىشخال سىيلىنغان قاچىنى ئېچىپ:

ــ«ئاسمان دەرۋازىسى» ۋە بۇرجەكلەر! «ئادەم» هەم «شامال». قېنى، ئاQ، پۇلۇڭنى چىقار! ــ دەپ ۋاقىرايتتى.

ــ«شامال»غا يۈزنى!... ياق، يۈز ئەللىكنى قويۇمەن! ــ دەپ ۋاقىرايتتى ئاQ.

شۇنداق قىلىپ، ۋاقىراشلار ئاستىدا ئۇنىڭ ئاقچىلىرى ئاستا ـ ئاستا ئوزىگە ئوخشاش قىزغىنلىق بىلەن ئويناۋاتقان باشقا

* بۇ، قوش تىرناق ئارىسىدىكى سوزلەر ئوزمەنىسىدە ئەمەس، بەلكى قىمار بەلگىلىرىدۇر.

قىمارۋازلارنىڭ يانچۇغىغا چۈشەتتى. ئاQ ئۇتتۇرۇپ چەتكە چىقـ
قاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كەينىگە ئوتتۇپ، باشقىلار ئۇچۇن
ئېچىنىپ — كويۇنۇپ، ھەممىسى تارقىغىچە ئويۇنغا قاراپ تۇراتتى.
قىمارۋازلار تارقاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭمۇ كەتكۈسى كەلمەي،
كوڭۇلسىز ھالەتتە ئىبادەتخانىغا قايتاتتىدە، ئەرتىسى ئۇيقۇلۇق
كوزلىرى بىلەن يەنە ئىشىغا ماڭاتتى.

«بوۋاي ئېتىنى يوقۇتۇپ قويدى، كىم بىلسۇن، بەلكىم بۇ
ياخشىلىقتۇر»، — دېگەندەك، ئاQ بىر قېتىم ئۇتتۇۋالغان بولسىمۇ لېكىن
بۇ ئۇتتۇق ئۇنىڭغا ھېچ بەخت كەلتۇرمىدى.

بۇ ۋەقە تاۋاپ سەيلىسى بولغان كۈنى كەچقۇرۇنلىغى يۈز
بەرگەن ئىدى. ئادەتتىكىچە، شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلىغى يېزىدا
ئويۇن سەھنىلىرى ئورنۇتۇلغان ۋە ئۇلار بىلەن بىر قاتار، يەنە شۇ
ئادەت بويىچە، تاۋكامۇ قۇرۇلغان ئىدى. لېكىن سەھنىدە چېـ
لىنغان داپ — دۇمباقلارنىڭ ئۇنى ئاQ نىڭ قۇلىغىغا ژىراق بىر
يەردىن كېلىۋاتقان سادادەك ئاڭلىناتتى؛ ئۇنىڭ قۇلۇغىغا يالـ
غۇز جەزخورنىڭ ئۇنىلا كىرەتتى. ئاQ ئوتتۇشنى داۋام قىلماقتا
ئىدى. قاراتىسىنلار — كۇمۇچكە، كۇمۇچلەر — دوللارغا ئايلاندى
ۋە بىر پەستىن كېيىن ئۇلار بىر توپ بولۇپ، دوگلاندى. ئاQ
خوشاللىغىدا قېنى — قېنىغا پاتماي كېتىپ: — «ئاسمان دەرۋازىـ
سىغا» ئىككى دوللار! — دەپ ۋاقىراۋەتتى.

ئۇ كىم بىلەن ۋە نىمە ئۇچۇن ئۇرۇش چىقارغىنىنى بىلمەي

قالدى. تالىشىش، ئۇرۇشلار، تىپىرلىشىشلار — ھەممىسى ئۇنىڭ بېشىدا ئارىلىشىپ كەتتى؛ ئېسىنى ژىغىپ، كۆزىنى ئاچقاندا، ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدە تاۋاكامۇ، ئادەملەرمۇ يوق؛ خۇددى ئۇنى بىرەۋلەر خېلىغىچە دەسسەپ چەيلىگەندەك، بەدەن — بەدىنى ئاغرىتتى. ئۇ بەجايىكى بىر نەرسىسىنى يوقۇتۇپ قويغاندەك ھېس قىلدى ۋە ئاستا سورۇلۇپ ئىبادەتخانىغا قاراپ كەتتى. شۇ يەرگە كەلگەن چاغدىلا ئۇ بىردىن ھوشىغا كېلىپ، بىر توپ دوللارنىڭ يوقالغانلىقىنى ئېسىغا ئالدى. سەيلىگە ژىغىلغان قىمارۋازلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەكلا بۇ يەرلىك ئەمەس ئىدى. ئۇلارنى ئەمدى ئۇ نەدىن ئىزدىسۇن!...

ياقىراپ تۇرغان ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك بىر توپ ئاقچا پۇتۇنلەي غايىپ بولدى! بۇ ئاقچىلارنى ئوغۇرلىۋالغان «ئوزەمنىڭ ئەرزىمەس ئوغلۇم» دېيىشى — ئاQ ئۇچۇن سەۋىر بېرەرلىك نەرسە ئەمەس ئىدى؛ «مەن ئاQ قوڭغۇز» دېيىشمۇ، شۇنداقلا ئاز سەۋىر بېرەتتى: بۇ قېتىم ئاQ ئۆز كۆڭلىدە مەغلۇپ بولۇشنىڭ ھەسرىتىنى كەچۈردى.

لېكىن بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. مەغلۇبىيەت باشقىدىنلا غالىبىيەتكە ئايلاندى: ئاQ ئوڭ قولى بىلەن ئۆز كاچىتىغا ئىككىنى ئۇردى، ئۇنىڭ مەڭزى قىزىرىپ، ئوتتەك يېنىپ كەتتى. خۇددى ئۇ باشقا بىرىنى ئۇرغاندەك بولۇپ، كۆڭلى تىندى ۋە بۇ «باشقا بىرى» ئاQ دىن بولۇنۇپ چىقىپ، باشقا بىر كىشى

بولۇپ قالدى. ئاQنىڭ قىزارغان ئۆزى، تېخىلا كويۇپ تۇراتـ
تى، لېكىن ئوزغالىبىيىتىگە تامامەن قانائەتلەنگەن ئاQ خاتىرجەم
يېتىپ، ئۇخلاپ قالدى.

## III

## يەنە چوڭ غالىبىيەتلەر توغرىسىدا!

ئاQ ھەر قاچان غالىبىيەتكە ئىگە بولۇپ ژۇرگەن بولسىمۇ،
ئۇ پەقەت ھۇرمەتلىك جاۋدىـن بىر كاچات يېگەندىن كېيىنلا
تونۇلدى.

شۇ قېتىم ئاQ ئاقساقالغا چاي پۇلى دەپ ئىككى يۈز ياماق
بېرىپ، خاپا بولۇپ ئىبادەتخانىغا قايتىپ بېرىپ ياتاتتى، لېكىن
ئۇ شۇ مەزگىلدىلا: قانداق زامان بولۇپ كېتىپ بارىدىكىنتاڭ،
باللىرى دادىلىرىنى ئۇرۇۋاتقان!...ـــ دېگەن ئوي بىلەن بولـ
دى ۋە شۇ پەيتتىلا ھۇرمەتلىك جاۋنىـڭ ئابرويىنى كوز ئالـ
دىغا كەلتۈرۈپ، «ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم» دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى.
شۇنىڭ بىلەن باراۋەر كوڭلى كوتۇرلۇپ قالدى. ئەمدى ئۇخوـ
شال تۇرۇپ، «قەبرىستانلىقـتىكى ياش تۇل ئايال»،ـــدېـگەن
مەشھۇر ناخشىسىنى ئېيتىپ مەي ساتىدىغان دۇكانغا قاراپ كەتتى،
لېكىن يولدا ئۇنىڭغا، نىمىشكىدۇر، جاۋ باشقىلارغا قارىغاندا بىر
بالداق ژۇقۇرى تۇرۇدۇ دېگەن ئوي كەلدى.

غەلىتى بىر ئىش شۇكى، ئاQ ھۆرمەتلىك جاۋدىن كاچىـ
تىغا بىرنى يېگەندىن كېيىن ۋىجۇاڭلىقلار ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆر-
مەت بىلەن قاراپ، ياخشى مۇئامىلە قىلغانـدەك بولۇپ قالدى.
ئاQ نىڭ ئۆزى بۇھەقتە مەن ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ دادىسىـدەك
بولۇپ قالغانلىقىمدىن دەپ بىلەتتى. ھەقىقەتتە، بۇنىڭ سەۋە-
ۋى باشقا ئىدى. ۋىجۇاڭدا ئەگەر بىراۋنى ـ بىراۋ ئۇرسا ھېچ
گەپ ئەمەس ئىدى. ئەگەر ئۇرۇش ـ تالاش ھۆرمەتـلىك جاۋغا
ئوخشىغانلار بىلەن ئالاقىدار بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ گـەپ پۈتۈن
يېزىغا مەلۇم بولاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇرغان ئادەمنىڭ ئابرويى
بىلەن تاياق يېگەنمۇ شوھرەتكە ئىگە بولاتتى. ئېيىپنىڭ ئاQ دا
ئىكەنلىكىدە شەك يوق. نىمىشكە دېسەك، ھۆرمەتلىك جاۋ خاتا-
لاشمايتتى. ئېيىپ ئاQ دا تۇرسا، يەنە نىمىشكە ھەممىسى ئۇنىڭغا
ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدى؟ بۇنى بىلىش
قېيىن. بەلكى ئاQ ئۆزىنىڭ جاۋ نەسلىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى
ئېلان قىلغىنى ئۈچۈندۇر. ئاQ ئەنەشۇ ئېيتقان سوزى ئۈچۈن
تاياق يېگەن بولسىمۇ، ھەركىم: بەلكى ئۇنىڭ سوزىدە راسـت
تەرىپىمۇ باردۇر دەپ، نىملا بولسا، ئۇنىڭـغا بىر ئاز ھۆرمەت
كورسەتكەندۇر. ياكى ئاQ نىڭ ھاياتىدا كۇڭفۇزى ئىبادەتخانـ
سىدىكى قۇرۇۋانلىق قىلىنغان كالىنىڭ تەقدىرى ئوخشاش، ئو-
لۇما ئۆزىنىڭ تەۋەرۇك چوكىسىنى ئۇ كالـىغا تەككۈزگەندىـن
كېيىن، ئۇ كالا ئاددىي چوشقا ياكى قويلارغا ئوخشـاش مال

بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا يېقىن بارالمىغاندەك بىر ئىشىدۇر. Q ئاھۇرمەتلىك جاۋ كاچىتىغا ئۇرغاندىن كېيىن، كوپ ژىللار داۋامدا كوڭلى خوش ژۇردى.

بىر ژىلى، ئەرتىيازنىڭ ئوچۇق كۇنى، Q ئا تامامەن مەس ھالدا كوچىدا كېلىۋېتىپ، كۇنگەي تەرەپتە، تام تۈۋىدە ئولتارغان ساقاللىق ۋاڭنى كورۇپ قالدى. ئۇ بېلىگىچە يالىڭاچلىنىۋېلىپ، پىت بېقىۋاتاتتى. شۇ زامان Q ئانىڭمۇ پۇتۇن تېنى قىچىشقاندەك بولدى. ۋاڭ ھەم تاز، ھەم ساقاللىق بولغانلىقتىن، ھەممىسى ئۇنى: ساقاللىق تازۋاڭ دەيتتى. Q ئا بولسا، «تاز» دېگەن سوزنى ئاغزىغا ئالمايتتى، شۇڭا ئۇۋاڭنىڭ تاز دېگەن لەقىمىنى دېمەيتتى. لېكىن ساقاللىق ۋاڭنى ناھايىتى ئوچ كورەتتى. Q ئانىڭ ئويىچە، ۋاڭنىڭ تاز بولۇشى ھېچبىر ھەيران بولغىدەك ھادىسە ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ قېلىن ساقىلى بولسا، — مانا ئۇ ھەددىدىن تاشقىرى ھەيران بولغىدەك ۋە قاراشقا بولمايدىغان بىر نەرسە ئىدى. Q ئا ۋاڭنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەگەر بۇ باشقا كىشى بولغان بولسا، Q ئا ئۇنىڭ قېشىغا پېتىنىپ كېلىپ، ئىشەشلىك ئولتۇرالمىغان بولار ئىدى. ئەمما بۇ — پەقەت ساقاللىق ۋاڭغۇ! — نىمىدىن قورقۇش؟ ئەسلىدە Q ئانىڭ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇشى ۋاڭ ئۇچۇن ھۇرمەت ئەمەسمۇ؟ Q ئا مۇ كەمزۇلىنى يېشىپ، پىت باقىشقا باشلىدى. كەمزۇل يېڭى ژۇيۇلغانلىقتىنمۇ، ياكى Q ئانىڭ دىققەتسىزلىكلى-

گىدىنمۇ، ئۇ ئۈچ ـ تورتلا پىت تاپتى، ساقاللىق ۋاڭ بولسا، كەينى ـ كەينىدىن پىتنى ئۆلتۈرمەكتە ئىدى.

ئاۋال ئاQ رەنجىگەندەك بولدى، كېيىن ئاچچىغى كېلىپ قالدى... ئادەم قاراپ بولمايدىغان ساقاللىق ۋاڭنىڭ پىتى شۇنداق نۇرغۇن، مېنىڭ بولسا شۇنچە ئاز! بۇنىمە دېگەن كېلىشمەسلىك... ئۇنىڭ يوغان ئىككى پىت تاپقىسى شۇنچە كېلىۋېدى، لېكىن تاپقىنى بىرلا بولدى، ئۇنىڭغا ـ يونىڭغاندەك، ئۇمۇ يوغان ئەمەس ـ ئوتتۇرا پىت ئىدى. ئۇ ئاچچىغى بىلەن سىقىۋېدى، قارسلا قىلىپ قالدى، لېكىن ساقاللىق ۋاڭنىڭكىدەك قاتتىق قارسىلدىمىدى!

ئاQنىڭ يۈزى تاقىر، چاچسىز چوققۇلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، ئۇ كوينىكىنى چۆرۈۋېتىپ، يەرگە تۈكۈردىدە: ــ ژۈگلۈق قۇرۇت! ــ دەپ تىللىدى.

ــ ئىت تاز! سەن كىمنى تىللاۋاتىسەن؟ ــ دېدى ۋاڭ نەپرەت بىلەن.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاQ خېلىلا ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ، شۇنىڭ ئۈچۈن تەكەببۇرلۇق كەيپىتە بولغان بولسىمۇ، ھۇجۇم قىلىدىغان بىكار تەلەپلەردىن قورقاتتى، لېكىن ھازىر ساقاللىق ۋاڭدىن قورقمىدى... بۇ ژۈك بېسىپ كەتكەن ئەبلەخ نىمە دەپ ئېغىز ئاچالىسۇن؟

ــ تىلىنى كىم ئۆزىگە ئالغان بولسا، شۇنى تىللاۋاتىمەن!

—دەپ ئاQ ئورنىدىن تۇرۇپ دېۋەيلىدى.

—نىمە؟ سېنىڭ دۇمبەڭ قىچىشىپ قالدىمۇ؟— دېدى ۋاڭمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، كوينىگىنى كېيىۋېتىپ.

ۋاڭنى قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدىغۇ دەپ ئويلاپ، ئاQ مۇشتۇمىنى تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئېتىلدى؛ لېكىن ئۇمۇش ئاتقۇچە ۋاڭ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، ئوزىگە بىر تارتىۋىدى، ئاQ ژىـ قىلىپ چۈشتى. شۇزامان ساقاللىق ۋاڭ ئۇنىڭ چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئادەتتىكىچە، بېشىنى تامغا ئۇرماقچى بولۇپ سورەپ ماڭدى.

—ياخشى ئەر قولى بىلەن ئەمەس، سوز بىلەن ئېلىشىدۇ، —دېدى ئاQ قايرىلىپ.

لېكىن ساقاللىق ۋاڭ «ياخشى ئەر» بولمىسا كېرەك. ئاQنىڭ سوزىگە قۇلاق سالماي، ئۇنىڭ بېشىنى تامغا ئۇرۇپ بىر ئىشتىرىۋىدى، ئاQ بىر نەچچە قەدەم يەرگە دۇمۇلاپ كەتتى، ئاQ ئوز خاتىرىدە بىر قېتىممۇ مۇنداق خار بولغىنىنى بىلمەيتتى. ۋاڭ ئوزىنىڭ ژىرگەنگىدەك رەسۋا ساقىلى بىلەن ئاQ نەزىرىدە ھەر قاچان كۈلكۈلۈك بىر نەرسە ئىدى ۋە ۋاڭمۇ ئاQغا سوز ياكى قول تەككۈزۈپ باققان ئەمەس ئىدى. مانا بۈگۈن قانداقتۇر قولىنى كوتەردى! بۇ غەيرىي بىر ھال! ئېتىمالىم، بازاردىكىلەرنىڭ، پادىشا ئىمتىھان ئېلىشنى توختۇتۇپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭغا شيۇسەيلەرنىڭمۇ، جۈيرىنلەر ـ

نىگمۇ* كېرىگى يوق ئىكەن، دەپ ژۈرگىنى راست بولسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن جاۋ ئائىلىسىنىڭ ھۆرمىتى ئانچە قالمىغان بولسا كېرەك، بەلكى ئاQ نىڭ ئېتىۋارسىز بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ مانا شۇنىڭدىندۇر.

ئاQ نىمە قىلارىنى بىلمەي تۇراتتى.

ژىراقتىن كېلىۋاتقان بىر كىشى كورۈندى. بۇ ئاQ نىڭ ناھايىتى ئۆچ كورۈدىغان يەنە بىر دۈشمىنى — ھۆرمەتلىك چەننىڭ ئوغلى ئىدى. بىر ۋاختىلاردا ئۇ شەھەرگە كېتىپ چەتئەل مەكتىۋىگە كىرىۋىدى، كېيىن قانداقتۇر توكىيوغا كېتىپ قالدى؛ يېرىم ژىل ئوتكەندىن كېيىن ئۇ ئاياقلىرى تۈز بولۇپ قالغان، چاچلىرى چۈشۈرۈلگەن ھالدا ئويىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئۇزۇن ۋاختقىچە ژىغلاپ ژۈردى، خوتۇنى بولسا، بۇ دەرتكە چىدىماي، ئۈچ قېتىم ئوزىنى قۇدۇققا تاشلىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئانىسى قەيەرگىلا بارسا:

— قانداقتۇر بىر بولمىغۇر ئىنساپسىزلار بالامنى ھاراق ئىچكۈزۈپ مەس قىلىپ قويۇپ، چېچىنى كېسىۋېتىپتۇ. بولمىسا، ئۇ چوڭ ئەمەلدار بولاتتى، ئەمدى چېچى ئوسكىچە كۇتۇپ تۇرۇشقا توغرى كېلىدۇ. — دەپ ژۈردى.

لېكىن ئاQ ئۇنىڭغا ئىشەنمەي، ياش چەننى سىرتىدىن

---

* جۈيرېن — ۋىلايەتنىڭ ئاساسىي شەھىرىدە ئىمتىھان تاپشۇرۇپ چىققان كىشىنىڭ ئىككىنچى ئىلمىي دەرىجىسى.

«ئەجنەبى شەيتان»، ياكى چەتئەلنىڭ مەخپىي جاسۇسى دەپ ژۇرەتتى ۋە ھەر قاچان ئۇنى ژىراقتىن كورۇش بىلەنلا، دەررۇ ئىچىدە تىللىغىلى باشلايتتى.

ئاQ ھۇرمەتلىك چەننىڭ ئوغلىنىڭ يالغان چىچىغا كۇنفۇزىنىڭ ئىبارىسى بىلەن ئېيتقاندا، «نەپرەت ۋە لەنەت قىلاتتى». ئەگەر ئادەمنىڭ چىچى يالغان بولسا، دىمەك، ئۇ ئادەمدە تىيىماقچىلىكمۇ ئادەمگەرچىلىك يوق ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئوزىنى تورتۇنچى قېتىم قۇدۇققا تاشلىمىغىنى بولسا، ئۇنىڭ ياخشى ئايال ئەمەسلىگىنىلا ئىپادىلەيدۇ...

«ئەجنەبى شەيتان» يېقىن كېلىپ قالدى.

—تاز، ئىشەك!—ئاQ ئۇنى ھەر قاچان ئىچىدىلا تىللايتتى، لېكىن بۇ دورەم ئاQ ناھايىتى خاپا بولۇپ، ئوچ ئېلىشنى ئارزۇ قىلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئىختىيارسىز ئۇنلۇك تىللىدى.

«ئەجنەبى شەيتان» تۇيۇقسىز ئاQ «ماتەم ھاسسىسى» دەپ ئاتاپ ژۇرگەن سىرلانغان تاياقنى كوتۇرۇپ ئاQ تەرەپكە ماڭدى. ئاQ ئۇنىڭ ئۇرغىلى كېلىۋاتقىنىنى بىلىپ، شۇمشۇيۇپ، ھۇجۇمنى كۇتۇپ تۇردى. دېگەندەكلا، ئۇنىڭ بېشىغا تاياق يېغىپ كەتتى.

—مەن ئاۋۇنى تىللىغان ئىدىم!—دەپ ئاQ سوزىدىن ياندى. ۋە نېراق يەردە تۇرغان بىر بالىنى كورسەتتى. لېكىن تاياق كەينى - كەينىدىن يېغىۋەردى.

ئاQ خاتىرىدە مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم خورلۇق كۆرۈۋاتىمەن دەپ ئويلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بەختىگە سىرلانغان تاياق بىلەن ئۇرۇش، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر نەرسە سالغاندەك بولدى: ئۇ يېنىكلىشىپ، تاياق يېگىنىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى؛ ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان قىممەت مىراس — «ئۇنتۇش» يەنە كۈچ قىلدى. ئالدىرىماي مەي دۇكىنىغا قاراپ ماڭدى. دۇكانغا كەلگەندە ئۇ خوش كەيىپ ۋە شاد ئىدى.

بۇ يەردە ئۇ خانىقادا تۇرۇدىغان ياش بۇۋىنىڭ ئۆتۈپ كېتىپ بارغىنىنى كۆرۈپ قالدى، ئادەتتە ئاQ ئۇنى ئۇچۇرتۇش بىلەن تىللاپ، تۈكۈرۈپ ئۆتۈپ كېتەتتى. مانا ئەمدى، ئۆمرىدە ئىككىنچى قېتىم شەرمەندە ۋە خار بولغاندىن كېيىن، نېمە قىلىش كېرەك ئىدى؟

«نېمىگە بۈگۈن مېنىڭ ئىشىم ئىلگىرى باسمايدىكىن دېسەم، ئالدىمغا سەن كېلىۋېتىپتىكەنسەندە!» — دەپ ئويلىدى-دە، ئۇ ۋە ئالدىغا بېرىپ، شارتتىدا تۈكۈرۈۋەتتى.

ياش بۇۋى يەرگە قاراپ مېڭىپ ئاQنىڭ ئۇدۇلىغا يېتىپ كەلدى. ئاQ تۇيۇقسىزلا قولىنى سوزۇپ، ئۇنىڭ چۈشۈرۈلگەن بېشىغا تەككۈزىۋالدى:

— تاقىر باش! ئىلدام ماڭ، سېنى شەيخ كۈتۈپ تۇرۇدۇ...

ياش تاۋى پوكاندەك قىزىرىپ:

— قولۇڭنى ئۇزاتما!... — دېدىدە، ئىلدامراق بېسىپ ماڭدى. مەي دۇكىنىنىڭ بىكار تەلەپلىرى كۈلۈشۈپ كەتتى. ئاQ

ئوزىنىڭ بۇ قىلغىنىڭ باشقىلارغا ياقمايدىغانلىقىنى كورۇپ، تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى.

—شەيتىنىقا مۇمكۇنمۇ، ماڭىا مۇمكۇن ئەمەسمۇ؟—دەپ ئۇ ياش بۇۋىنىڭ مەگزىنى چىمدىۋالدى.

ھەممە قاراپ تۇرغانلار تېخىمۇ قاتتىق كۇلۇشۇپ كەتتى. ئاQ ئوزىدىن-ئوزى خوش بولۇپ ۋە قاراپ تۇرغانلارغا تېخىمۇ يېقىش ئۇچۇن ئۇنى تېخىمۇ قاتتىغراق چىمدىۋېلىپ، ئاندىن قويۇۋەتتى.

ئۇ بۇ كۇرەشتە خۇددى بۇگۇنكى مەغلۇبىيەتلىرىنىڭ ئوچىنى بىردىنلا ئالغاندەك، ساقاللىق ۋاڭنىمۇ، «ئەجنەبى شەيتاننىمۇ» ئۇنتۇپلا كەتتى، بىردىن ئۇنىڭ بەدىنى پۇتۇنلەي يىپ - يېنىك بولۇپ ئۇچۇپ كېتەي دەپ تۇرغان تۇكتەك بولۇپ كەتتى.

ئاQ قېچىپ كېتىپ بارغان بۇۋىنىڭ:

—ھەي، نەسلى قۇرغۇر ئاQ!—دېگەن ژىغا ئارىلاش سوزىنى ئاڭلىدى.

ئاQ خوشال، قاقاخلاپ كۇلۇپ قالدى، مەي دۇكىنىدىكىلەرمۇ كۇلۇشتى.

## IV

## مۇھەببەت پاجىئەسى

كىمدۇر بىرى بىرمۇنچە غالىپلار بار، ئۇلار ئوز دۇش-

مەنلىرىنى يولۋاسقا ياكى لاچىنغا ئوخشاش بولسا ئىكەن دەپ تىلەيدۇ دېگەن ئىكەن، ـــمانا شۇنداق بولـغان ھالەتتىلا ئۇلار ئۆز غالىبىيىتىگە قانائەتلىنىدىكەن. ئەگەر دۈشمىنى قوي ياكى چۈجىگە ئوخشاش بولسا، غالىپ ئۆز غالىبىيىتىنى ھېچبىر مەنا- سىز دەپ تاپىدىكەن، بەزى غالىپلار يېڭىلىپ، ئۆلگەنلەرنىڭ ــ ئۆلگىنىنى، قولغا چۈشكەنلەرنىڭ ـ قولغا چۈشكىنىنى ۋە مۇنا- يىملىق بىلەن: «سىزگە قۇل بولاي، مېنىڭ تەغدىرىم سىزنىڭ قولىڭىزدا!» دېگەندىن كېيىن، دۈشمىنىمۇ، رەقىبىمۇ، دوستىمۇ تۈگەپ، يالغۇز قالغاندا خوشاللىقىنىڭ ئورنىغا، غالىبىيەت قاي- غۇسىغا چۈمىدىكەن. بىزنىڭ ئاQ ئۇنداق قايغۇغا چۈممايتتى، ئۇ ھەر قاچان ئۆزىـدىن ـ ئۆزى خوش ئىـدى: ئېھـتىمال بۇ ھال، جۇڭگو روھى مەدەنىيىتىنىڭ پۈتۈنلەي يەر يۈزىدىكى خەلـقلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىن ژۇقۇرى تۇرىدىغانـلىقىنى ئىسپات- لايدىغاندۇ!

ئۆز غالىبىيەتـلىرىگە مەس بولـغان ئاQ نىڭ ھازىـر ئۇچۇپ كېتىشكە تەيـيار تۇرغان، يېنىك پەيـدەك بولۇپ كېـتىشىنى قاراڭلا!

لېكىن ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى غالىبىيىتىنىڭ ئاقىۋىتى باشقىچىرەك بولۇپ چىقتى. ئۇ كوڭلىنىڭ ئارىمىنى يوقۇتۇپ قويۇپ، يېرىم كۈن كوچىمۇــ كوچا تەنتىرەپ ژۈرۈپ، ئاخىرى ئىبادەتخانىغا كېلىپ قالدى. ئۇ كۈندىكىدەك يېتىپلا خورەك تارتىپ، ئۇيـ

قۇغا كېتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ كېچىسى كىرپىك ژۇمۇپ ئۇخلىمىغى قىيىن، دەپ كىممۇ ئويلىغان؟ ئۇنىڭدا غەلىتى بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى: ئۇنىڭغا قولىنىڭ بارماقلىرى ئاۋالقىغا قارىغاندا، سىلىغىيىپ قالغاندەك تۇيۇلدى. كىم بىلىدۇ، بەلكى بۇھېلىقى ياش بۇۋىنىڭ يۈزىگە تېگىپ كەتكەنلىكتىندۇر...

ئۇ قىزنىڭ: «نەسلى قۇرغۇر ئاQ» دېگەن سۆزلىرى يەنە ئۇنىڭ قۇلىغىغا ئاڭلانغاندەك بولدى. ئاQ تۇرۇپ: «راس... ئادەمگە ئايال كېرەك. بالا كۆرمەي ئۆلگەن كىشىگە ھېچكىم بىرچىنە ئاشمۇ بەرمەيدۇ......ئادەمگە ئايال كېرەك، «ئاتا ـ ئانىنى قەدىرلىمەسلىكنىڭ ئۈچ تۈرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يامىنى ــ بالا ـ چاقىسىزلىق»[11] دېگەن ئەمەسمۇ؟ «روئاۋنىڭ روھى ئاچ» قالغىنىمۇ مەلۇم، ئەلۋەتتە، بالىسىزلىق ــ ئادەم ئۈچۈن چوڭ دەرت» دەپ ئويلىدى. ئاQ نىڭ خىيالى دانىشمەنلەر بىلەن ئەۋلىيالارنىڭ ۋەسىيىتىگە توغرى كېلىپ تۇراتتى. لېكىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئەۋلىيالارنىڭ تەلىۋىگە قارشى ئىش قىلىپ قويغىنىلا يامان بولدى.

«خوتۇن ... ئايال...» ــ دەپ ئويلايتتى ئۇ، ــ شەيىخقا بولۇدۇيۇ...»

بۇ كېچىسى ئاQ نىڭ قايسى ۋاقىتتا ئۇيقىغا كىرىشكىنىنى بىز ئېنىق ئېيتالمايمىز؛ لېكىن ئۇ ياش بۇۋىنىڭ مەگزىنى چىمدىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇششاق قوللىرىدا دايىما بىر سىلىقلىق

سېزىلىپ تۇردى ۋە ئايال توغرىسىدا شېرىن خىياللارغا چۆكتى.

بۇ ۋەقە ئاياللارنىڭ ئادەم ئازدۇرىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەگەر ئاياللار بۇزمىغان بولسا، خەنسۇ ئەركەكلىرىنىڭ تەڭ يېرىمىلا ئەۋلىيا بولۇپ كەتكەن بولار ئىدى. شاڭ سۇلالىسى داجى دېگەن ئايالنىڭ كاساپىتىدىن ۋەيران بولدى، جۇ سۇلالىسى باۋسىنىڭ كاساپىتىدىن يوقالدى، چىن سۇلالىسى... بۇ توغرۇلۇق تارىختا ئېنىق ئىسپات بولمىغان بىلەن، ئۇنىمۇ ئاياللارنىڭ كاساپىتىدىن ۋەيران بولدى دەپ ئويلاشمۇ خاتا بولمايدۇ. دۇڭ جاۋدىياۋ شەننىڭ كاساپىتى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىمۇ شەك يوق.

ئاQ ناھايىتى ئەخلاقلىق ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ قايسى ئوقۇمۇشلۇق ئۇستازنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەنلىكى بىزگە مەلۇم بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ «جىنس مەسىلىسىگە» قەتئىي ئېتىقاتى بىلەن قارايتتى، خۇسۇسەن ياش بۇۋى ياكى «ئەجنەبىي شەيتانغا» ئوخشاش كىشىلەردىن ھەزەر قىلاتتى.

ئۇنىڭ تەلىماتى شۇنداق ئىدى: قانداقلا بۇۋى بولمىسۇن، سۆزسىز ئوشەينىخ بىلەن مۇھەببەت ئالاقىسىدا بولىدۇ؛ ئۆيىدىن تاشقىرىغا چىققان ھەربىر ئايال، سۆزسىز، ئۆزىگە بىر ئاشىقنى جەلىپ قىلىشقا تىرىشىدۇ، ئەگەر ئايال قەيەردىلا بولمىسۇن ئەركىشى بىلەن گەپلەشسە، ئەلۋەتتە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرگەپ بار.

ئاQ نىڭ ئاياللارغا كۆز ئالايتىپ قارىشى ياكى ئۆتكۈر تەنە سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىشى ، ئەڭ بولمىغاندا بىلدۈرمەي تاش ئېتىشى — ئۇنىڭ ئاياللارغا نىسبەتەن كۆرسەتكەن ئېيىپلەش بەلگىلىرى ئىدى.

ئاQ ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە، كىتاپلاردا ئېيتقاندەك، ئادەمنىڭ «توختىغان ۋاختىدا»، ياش بۇۋى ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىنى غۇلغۇي قىلدۇ، دەپ كىم ئويلىسۇن؟ قېدىمقى قائىدىلەر بىزنى كۆڭۈلنى غۇلغۇيلۇقتىن ساقلاشقا ئۆگۈتۇدىغۇ؟ شۇڭا ئاياللارنى ئوچ كۆرسە بولۇدۇ ، ئەگەر ياش بۇۋىنىڭ يۈزى شۇنچىلىك سىلىق بولمىغاندا ، ئاQ ئەلۋەتتە گۇناغا دۇچ بولمىغان بولار ئىدى؛ ئەگەر ئۇ يۈزىگە بىرەرنەرسە پۈركەنگەن بولسىمۇ، ئاQ قىزىقمىغان بولار ئىدى. بۇ ۋەقەدىن بەش - ئالتە ژىل ئىلگىرى ئاQ سەھنە ئالدىغا ژىغىلغان تاماشابىنلار توپىغا كىرىپ قېلىپ، بىر ئايالنىڭ يامپىشىنى چىمدىۋالغان، لېكىن ئۇنىڭ تامبىلى بولغاشقا ئاQ نىڭ كۆڭلى بىر قانداق بولمىغان ئىدى، لېكىن ياش بۇۋىنىڭ يۈزى ئوچۇق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئىش باشقىچە بولۇپ چىقتى... مانا مۇشۇلار ئاياللارنىڭ پالاكەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىمامدۇ؟

«ئايال!...» — دەپ ئويلايتتى ئاQ .

ئاQ ئاياللارغا قاراپ ژۇرۇدىغان بولدى. ئاQ نىڭ ئويىچە، ئۇلار سۆزسىز ئۆزىگە بىرەر ئاشىق جەلىپ قىلىۋېلىشقا تىرىشىپ

ژۇرەتتى. لېكىن ئۇلار ئاQغا مىيىغىدىمۇ كۈلۈپ قويمايتتى، ئۇ ئاياللارنىڭ ھەربىر سوزىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ تىڭشاي-دىغان بولدى، لېكىن ئۇلارنىڭ سوزىدە ھېچبىر ئەخلاقسىزلىق كورۈنمەيتتى، بۇمۇ ئاياللاردىكى يامان كورۈنۈدىغان قىلىقنىڭ يەنە بىرى بولسا كېرەك: ئۇلارنىڭ ھەممىسى «يالغاندىن ئەخ-لاقلىق بولۇپ» ژۇرۇدۇ.

بىركۈنى ئاQھۇرمەتلىك جاۋنىڭ ئويىدە گۇرۇچ ئاقلاپ، كەچقۇرۇنلۇق تاماقتىن كېيىن ئاشخانىدا تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. ئەگەر ئۇ باشقا بىر ئويدە بولغان بولسا، گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، كەچقۇرۇنلۇق تاماقتىن كېيىن، قايتىپ كېتەتتى. جاۋنىڭ ئائىلىسىدىمۇ باشقا ئويلەردىكىگە ئوخشاش تاماقنى ئەتىگەنرەك يەتتى، لېكىن بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە، چىراق ياندۇرۇشقا بولمايتتى؛ تاماق ئىچىپ بولدۇڭمۇ — يات! پەقەت ئاندا — ساندا چىراق ياندۇرۇدىغان ۋاختىلىرىدىمۇ بولاتتى، بىرىن-چىدىن ھۇرمەتلىك جاۋنىڭ ئوغلى تېخى شيۇسەي دەرىجىسىگە ئىگە بولمىغان ۋاختىدا، كىتاپ ئوقۇش ئۈچۈن چىراق ياقاتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئاQئۇلارنىڭكىدە كۈنلۈك ئىش بىلەن كەلگەندە، كەچقۇرۇنلۇق تاماقتىن كېيىنمۇ گۇرۇچ ئاقلىسۇن دەپ چىراق ياقاتتى، ماناشۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئاQئاشخانىدا تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى.

ھۇرمەتلىك جاۋنىڭ ئويىدە ئۇما دېگەن يالغۇز خىزمەتكار

ئايال بار ئىدى. ئۇ قاچا-قۇمۇچنى ژۇيۇپ بولۇپ بەلـدىنگدە
ئولتۇرۇپ، ئاQ بىلەن پاراڭ سېلىشقا باشلىدى.

— بىزنىڭ خېنىم ئىككى كۈن بولدى، ھېچنىمە يېمەيدۇ، چۈنكى بىزنىڭ تەخسىر قىز سېتىۋالماقچى...

«ئۇما... ئايال — كىچىك ھازازىل...» دەپ ئويلايتتى ئاQ ئۇنىڭغا قاراپ.

— خېنىم سەككىزىنچى ئايدا تۇغىدۇ...

«ۋاي، بۇ ئايالالارنىڭ دەردى......» دەپ ئويلىدى ئاQ ۋە ئاغزىدىن غاڭزىسىنى ئېلىپ، ئورنىدىن تۇردى.

— خېنىم... — دەپ ئۇما تىنماستىن ۋالاقلىماقتا ئىدى.

ئاQ تۇيۇقسىز تىز پۈكۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ژىقىلدى:

— كەل، بىللە ئۇخلايلى!

بىر پەس ئاشخانا جىم-جىت بولدى. ئاۋال ئۇما ھەيران بولۇپ قېتىپلا قالدى، كېيىن تىترەپ، «ۋاي ئالـلا!» دەپ ۋاقىراپ، ئاشخانىدىن ژۈگرەپ قېچىپ چىقىپ كەتتى، ھەتتا ئۇ ژىغلاپمۇ كەتسە كېرەك.

ئاQ نىمە قىلارىنى بىلمەي، تامغا قاراپ تىز پۈكۈپ ئولتار-غان بويىچە، ئولتۇرۇپ قالـدى. ئاخىرى، بىـر كېلىشمەسلىك بولدى دەپ، ئۇستەلنى تۇتۇپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ ژۈرىگى دۇپۇلدەپ كەتتى. خىجالەتچىلىكتە مەگدەپ، غاڭزى-سىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، يەنە ئىشقا كىرىشمەكچى بولۇۋىدى،

كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇردى. ئۇ چاپسان بۇرۇلۇپ، كەينىگە قارىدى: ئۇنىڭ يېنىدا قولىغا ھىندى قومۇچىدىن ياسالغان تاياق تۇتقان شيۇسەي تۇراتتى.

— نىمە سەن؟ تۇزۇمنى يەپ تۇزلۇغۇمغا... ھە سىنى!...

ئۇزۇن تاياق يەنە ئاQنىڭ بېشىغا كېلىپ تەگدى، ئۇ قولى بىلەن بېشىنى توساۋېلىۋىدى، تاياق قولىغا تەگدى، تاياق تېخىمۇ ئوتتۇپ كەتتى. ئىشىكتىن قېچىپ كېتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ دۈمىسىگىمۇ تەككەندەك قىلىپ قالدى.

شيۇسەي ئۇنىڭ كەينىدىن:

— ھەي بەد بەخت! — دەپ تىللىدى.

ئاQ ژۇگۇرگەن بويى خامانغا كېلىپ توختىدى؛ ئۇنىڭ قولى تېخىچىلا ئاغرىپ تۇراتتى، ئۇ «بەدبەخت» دەپ بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغان تىلنى تەكرارلايتتى. چۈنكى ۋىجۇاڭ دىخانلىرى ھېچقاچان مۇنداق سوزلەر بىلەن تىللاشمايتتى، ئۇ تىل پەقەت ئەمەلدارلار بىلەن ئالاقىدا بولغان كىشىلەر ئارىسىدىلا قوللۇنۇلاتتى. شۇڭا ئاQ بۇ تىلدىن ناھايىتى قورقتى. تاياق ۋە تىل يېگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئايال توغرىسىدىكى خىياللىرى يوقالدى، ئەندى بۇ خىيال قايتىپ كەلمەيدىغاندەك تۇيۇلدى. بىر پەستىن كېيىن ئاQ كەيپى خاتىرجەم ھالەتكە كېلىپ، ياڭلىشىۋاشتىن ئىككى دۇنيادىن بىغەم بولدى. خۇددى ھېچنىمە بولمىغاندەك، گۇرۇچ ئاقلاشقا كىرىشتى. بىر ئاز ئىشلەپ تەرلىگەندىن كېيىن،

كۆڭلىنى يېشىۋەتتى.

شۇ مەزگىلدە ئۇنىڭغا بىر ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاڭلاندى. ئۆمرى بويى ھەر تۈرلۈك غوۋغاغا قىزىقىدىغان ئاQ ۋاڭ-چۇڭ چىققان يەرگە قاراپ ئالدىراپ مېڭىپ، ئاخىرى ھۇرمەتلىك جاۋنىڭ ئىچكى ھويلىسىغا — ئايالالار بولمىسىغا كىرىپ قالدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ ژىغىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە سەپ سالدى؛ ئۇ يەردە: ھۇرمەتلىك جاۋنىڭ ئىككى كۈن تاماق يېمىگەن ئايالى، خوشنىسى زوۋچى ئايىم ۋە ئۇرۇق-تۇققانلىرى — جاۋبېيەن بىلەن جاۋ سىچېڭ تۇراتتى.

غوجايىنىنىڭ كىچىك ئايىلى ئۇمانى ئۆيىدىن سۆرەپ چىقىپ كېلىۋېتىپ:

— قېنى چىق! موكۇشىنىڭ ھاجىتى يوق... — دېدى.

— سېنىڭ پاك ئىكەنلىكىڭنى ھەممىسى بىلىدۇ... ئۆزەڭنى يوقۇتۇشۇڭ كېلىشمەيدۇ! — دەپ زوۋچى ئايىم بەزلىدى.

ئۇما بىر نىمىلەر دەپ ژىغلاۋاتاتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئۈنى ياخشى ئاڭلانمايتتى.

«قىزىق، نىمىشكە شۇنچە غوغا چىقىرىۋاتىدىكىن بۇ ھازازىل؟» — دەپ ئويلاپ قالدى ئاQ ۋە ھەممىنى جاۋسىچېڭدىن سوراپ بىلىۋالماقچى بولدى.

لېكىن ئاQ ھۇرمەتلىك جاۋنىڭ يەنە بايىقى تاياقنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى. ئاQ ئاشخانىدا شيۇسەيدىن

مانا مۇشۇ ۋاڭ ـ چوڭغا باغلىق تاياق يېگىنىنى دەررۇ ئېسىغا ئالدى ـ دە، ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى، لېكىن تاياق ئۇنىڭ ئالدىنى توساۋالدى. كېيىن ئۇ دەررۇ كەينىگە يېنىپ، ئارقىدىكى داۋۇزىسىدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى ۋە بىر ئازدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىبادەتخانىسىغا يېتىپ كەلدى.

دېمىنى باسقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بويى جۇغۇلداپ مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى. ئەرتىياز پەسلى بولسىمۇ، كەچقۇرۇنلۇقلىرى سوغۇق ئىدى ۋە تېخى يالاڭ ژۇرۇش ۋاختى كەلمىگەن. شۇ زامان كوينىگىنىڭ جاۋنىڭ ئۆيىدە قالغانلىقى يادىغا چۈشتى ۋە باراي دەپ تەمشىلىپ، لېكىن ھېلىقى تاياق ئېسىگە چۈشتىدە، يالتايدى.

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ھوجرىسىغا ئاقساقال كىرىپ كەلدى.

— ھەي ھايۋان!... ئەمدى سەن ھۇرمەتلىك جاۋنىڭ خىزمەتكارىغا چاپقاغلىق قىلىشقا تۇردىڭمۇ؟ بۇ نىمە دېگەن قارا يۈزلۈك؟ سەن ئادەمگە ئارام بەرمەيسەن، مېنى ئۇخلاتمايسەن. سەن... — دەپ ئۇ ۋاقىراپ، تىللاشقا باشلىدى، ئاQنىڭ ھېچنىمە دېيىشكە ئىمكانىيىتى بولمىدى.

ئاخىرى، كەچ بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭغا شاراپ ئۈچۈن ئادەتتىكىدىن ئىككى ھەسسە كوپ ـ تورت يۈز ياماق — بېرىشكە توغرى كەلدى. ئاQ دا ئاقچا يوق بولغاچقا، گوروگە ئۆزىنىڭ قالپىقىنى تۇتۇپ بەردى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇ مۇنداق بەش

شەرتكە قايىل بولدى:

بىرىنچىدىن، ئاQ ئەتىسىگىلا جاۋنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، ئەپۇ سوراپ، باش ئېگىش؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرجىڭ كېلىدىغان قىزىل شامدىن ئىككى ۋە بىر تۇتام ئىسرىق ئېلىپ بېرىش.

ئىككىنچىدىن ، جاۋنىڭ ئائىلىسى ئۇمانى ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش شەيتىنىدىن ساقلاش مەخسىتى بىلەن موللا چاقىرماقچى، شۇنىڭغا چىققان خىراجەتنى ئاQ تولەش.

ئۈچۈنچىدىن، بۇنىڭدىن كېيىن ئاQ ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ ئۆيىگە كىرمەسلىك.

تورتىنچىدىن ، ناۋادا ئۇماغا تۇيۇقسىز بىر نىمە بولۇدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئاQ جاۋاپكار بولۇش.

بەشىنچىدىن، ئاQ قىلغان ئىشىنىڭ ھەقىقىنىمۇ، ئۇنىتۇلۇپ قالغان كوينىگىنىمۇ داۋا قىلماسلىق.

ئەلۋەتتە ، ئاQبۇ شەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلدى، لېكىن ئاقچىسىنىڭ يوقلىغى يامان بولدى، ئۇنىڭ بەختىگە ئەرتىيازمۇ كېلىپ قالدى، ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىككى مىڭ ياماقا تۇتۇپ بەرگەن يوتقىنىسىزمۇ كۆن كەچۈرۈشكە بولۇدىغان مەزگىل كەلگەن ئىدى. ئۇ كوينىگىنى يوقۇتۇپ ۋە ھۆرمەتلىك جاۋ ئائىلىسى ئالدىدا باش ئېگىپ، شام ۋە ئىسرىق ئەكىلىپ بەرگەندىن كېيىن، بىر نەچچە ياماق تىيىنى قالدى ، لېكىن گوروگە قويغان قالپىغىنى ئېلىۋېلىش

ئېسىغىمۇ كەلمەي، ھەممىسىگە ھاراق ئىچىۋەتتى.

ھۆرمەتلىك جاۋ ئائىلىسى شام بىلەن ئىسرىقىنى ئېھتىيات ئۈچۈن ئېلىپ قويدى: چۈنكى خېنىم ھەر ژىلى ئىبادەتخانىغا بارغاندا كېرەك قىلىش مۇمكۈن ئىدى. ئاQ نىڭ كويىنىگىنى خېنىمنىڭ سەككىزىنچى ئايدا تۇغۇلۇدىغان ئوغلى ئۈچۈن يوگەك قىلىپ، قالغان — قاتقىنىنى بېشىغا دەرت كەلگەن ئۇما خەيگە چەم قىلىۋالدى...

## V

## تىرىكچىلىك مەسىلىسى

جاۋنىڭ ئويىدە تەلەپ قىلىنغان ھەممە مۇراسىملارنى ئوتەپ، ئاQ ئادەتتىكىچە ئىبادەتخانىغا قايتىپ كەلدى. كۈن ئولتۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ ئوپچۇرىسىدە ھەجەپ بىر ئىش بولۇۋاتقاندەك بىلىندى. ئويلۇنۇپ بۇنىڭ سەۋەۋى دۇمبىسىنىڭ يالىڭاچ قالغانلىغىدىن ئىكەنلىگىنى سەزدى. ژىرتىلىپ كەتكەن بىر كالتا چاپىنىنىڭ قالغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ شۇنى يېپىنىپ يېتىپ قالدى. ئويغۇنۇپ كوزىنى ئاچقاندا، تامنىڭ غەربىي تەرىپىگە كۈن نۇرىنىڭ چۈشكەنلىگىنى كوردى، ئورنىدىن تۇرۇش بىلەنلا، ئاغزىغا كەلگەن تىللارنى ئېيتىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئادەتتىكىچە، كوچا كېزىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ

ئۇچۇسىدا ئەسكى چاپان بولسىمۇ، يەنە ئوپ ـــ چورىسىدە ھەـ جەپ بىر ئىش بولۇۋاتقاندەك بىلىنـدى. شۇكۇنـدىن باشلاپ ۋىجۇاڭدىكى ھەممە ئاياللار ئۇنىڭدىن چەتنىگەندەك بولـدى، ئۇلار ئاQنى كورۇش بىلەن، دەررۇ ئوزلىرىنى چەتكە تارتىپ، داۋۇز ئارقىلىرىغا يوشۇرنىدىغان بولدى. ئەلىك ياشلارغا كىلىپ قالغان زوجى ئايىم چىفىدا ئاQدىن قاچاتتى، ھەتـتا ئوزىنىڭ ئون بىر ياشلىق قىزنىمۇ يىتىلەپ، داللىغا ئالغىچە ئالـدىراپ كىتەتتى: بۇنىڭ ھەممىسىگە ئاQ ناھايىتى ھەيران بولدى. «نىـ مىشكە بۇ ھايۋانلار ئەخلاقـلىق قىزلارنىڭ ئادىتىگە كىرىۋالـ غاندەك قىلىق قىلىشىدۇ؟» ـــ دەپ ئويلايتتى ئۇ.

بىر نەچچە كۇندىن كىيىـن ئاQغا دۇنـيادا ئەجايىپ بىر ھادىسىلەر بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى، بىرىنچىدىن، مەي دۇكىنىدا ئۇنىڭغا نىسىيگە مەي بىرىشنى توختاتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئىـ بادەتخانىنى باشقۇرغۇچى بوۋاي ئۇنىڭ ئىبادەتخانىدىن كىتىـ لدىغان ۋاقتى يەتتى دىگەننى قىلىپ، كۇندىلا غۇدۇڭشىيدىغان بولدى؛ ئۇچۇنچىدىن، قانچە كۇن بولغانلىقىنى ئوزىمۇ بىلمەيتـ تى، لىكىن ھەر ھالـدا خىلىدىن بۇيان ئۇنى ھىچكىم ئىشقا چاقىرمايدىغان بولدى. مەي دۇكىنىنىڭ نىسىيگە مەي بەرمىگەـ نىگە بىر نىمىلەر قىلىپ چىداشقا بولاتتى، بوۋاينىڭ غۇدۇڭـ شىغىنىمۇ مەيلى ـــ غۇدۇڭشۇۋەرسۇن، بىراق ئىشسىز ئاچ ئولتۇرۇشمۇ ئەمدى؟ ياق بۇ ئاQ ئۇچۇن چاتاق بىر ئىش!

ئاQ بۇ ھالغا چىدىيالمىدى ۋە ئوزىنىڭ كونا ياللىغۇچىلىرىـ
دىن ئىش سورىماقچى بولدى؛ ئۇ، ھۇرمەتلىك جاۋنىڭ ئويىگە
بىرىشقا پېتىنالمايتتى، بىر قىزىق ئىش شۇكى، ئۇ قەيەرگىلا
بارسا، ئۇنىڭ ئالدىغا پەقەت ئەرلەر چىقىپ، گويا گادايىنى
ھايدىغاندەك، ئاچچىغى بىلەن:

ـــ ياق! ياق! كەت! ـــ دەپ قوللىرىنى سىلكەتتى.

ئاQ ھەيران بولاتتى. تېخى يېقىندىلا ئۇنى ھەر قايسى
تالىشىپ ياردەمگە چاقىراتتى. ئەمدى بولسا، ھېچكىمدە ئۇنىڭ
ئۇچۇن ئىش تېپىلمايدۇ. «بۇ يەردە بىرگەپ بار!» ـ دەپ ئويىـ
لىدى ئاQ، ئەمدى ئوزىنىڭ ئورنىغا شياۋ Don نى ئىشقا چاقىرىدىغان
بولغانلىقىنى بىلدى، بۇ شياۋ D ئورۇق، دەرمانسىز، كەمبىغەل
ئىدى؛ ئۇ ئاQ نىڭ نەزىرىدە ساقاللىق ۋاڭدىنمۇ پەس كىشى
ئىدى. بۇ پىندەك ئۇنىڭ ـــ ئاQ نىڭ، بىرچىنە غىزاسىنى تارـ
تىۋالىدۇ دەپ كىممۇ ئويلىغان؟ ئاQ نىڭ ناھايىتى ئاچچىغى
كەلدى. ئۇ كوچا بويلاپ، غەزەپلەنگەن ھالدا قوللىرىنى سىلـ
كىشتۇرۇپ:

ـــ «قولۇمدا سىم قامچا، ئۇرۇپ ژىقىتاي دەيمەن سېنى» ـ
دەپ ناخشا ئېيتىپ ژۇرەتتى.

ئاخىرى، بىر نەچچە كۇن ئوتكەندىن كېيىن، ئاQ ھۇرمەتـ
لىك چيەنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى توغرى تامنىڭ تۇۋىدە
شياۋ D نى ئۇچراتتى.

«دۇشمەنلەر ئۇچراشقاندا، ئۇلارنىڭ كوزلىرى چانىغىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالىدۇ». ئاQ قارشى ئىنتىلدى، شياۋD مۇ توختاپ قالدى. ئاQدۇشمىنىگە نەپرەت بىلەن كوز تاشلىدى ـ دە، ئاغزىدىن كوۋۈك قايناتقان هالدا:

ــــ ها يۋان!ــــ دەپ ۋاقىردى.

ــــ مەن قوڭغۇز قۇرۇت... بولدىمۇ؟ ــــ دەپ جاۋاپ بەردى شاۋD.

لېكىن بۇ كەمتەرلىك ئاQنىڭ ئاچچىغىنى تېخىمۇ كەلتۈردى ۋە قولىدا سىم قامچا بولمىغانلىقتىن، ئېتىلىپ كېلىپ، شياۋD نىڭ چېچىغا ئېسىلدى.

شياۋD بىر قولى بىلەن ئوز چېچىنى قوغداپ، ئىككىنچى قولى بىلەن ئاQنىڭ چېچىنى تۇتۇۋالدى. ئەمدى ئاQغا ئوزىنىڭ بوش قولى بىلەن ئوز چېچىنى قوغداشقا توغرى كەلدى. ئىلگىرى ئاQنىڭ تېخى هەممە چىشلىرى چىقىپ بولمىدى* دەپ ئويلايتتى. لېكىن ئەمدى ئاچ ژۇرۇپ، جۇدەپ، ئاجىزلىنىپ كەتكەن ئاQغا تۇيۇقسىز كۇچلۇك دۇشمەنگە ئايلانغان شياۋD ـ نىڭ ئەدىۋىنى بېرىش ئوڭاي بولمىدى. تورت قول ئىككى كوكۇلىغا چاڭگال سالغان هالدا، هۇرمەتلىك چەنىنىڭ ئويىنىڭ ئاق تېمىغا دوغىغا ئوخشاش كۇلەڭگە چۇشۇرۇپ، توغرى يېرىم

*بىزنىڭ «ئاغزىدىن ئانا سۇتى كەتمىدى» دېگەن ئىبارىمىزگە توغرى كېلىدۇ.

سائەت تىرەجىشىپ تۇردى. كورگەنلەر خۇددى بۇلارنى ئاجـ
راتقاندەك:

ـــ بولار! بولار ئەمدى! ـــ دەپ ۋاقىرايتتى.

باشقىلىرى، تۇتۇشۇپ قالغانلارنى ماختىغىنىمىكىن، ياكى ئۇـ
لارنى دەي ـ دەي قىلغىنىمىكىن:

ـــ پاھ! پاھ! ـــ دەپ تىخىمۇ قاتتىق ۋاقىرىشاتتى، لېكىن
قىزغىن كۆرەشكە كىرىشكەن رىقابەتچىلەر ھېچكىمنىڭ سوزىنى
تىڭشىمايتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. تۇرۇپ ـــ تۇرۇپ
Qئاڭ بىر قەدەم ئىلگىرى باسىدۇ، شۇ چاغدا، شياۋD بىر قەـ
دەم كەينىگە چېكىنىدۇ، ئىككىلىسى تۇرۇپ قالىدۇ ـ دە،
كېيىن شياۋ D بىر قەدەم ئىلگىرى باسقاندا، Qئاڭ چېكىنىپ،
يەنە ئىككىسىلا بىر ئورۇندا قېتىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ يەنە
يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئوتتى (ۋېجۇاڭدا سائەت ئاز، شۇنىڭ
ئۇچۇن ئېنىق ئېيتىش قىيىن ـ بەلكى، بارى ـ يوقى ژىگىرمە مىنۇت
ئوتكەندۇر). ئۇلارنىڭ چاچلىرىدىن ھور چىققاندەك بولدى،
ماڭلايلىرىدىن تەر تامچىلىرى ئاقماقتا ئىدى... ئاخىرى Qئاڭنىڭ
قولى قويۇلدى، شۇ زامان شياۋ D مۇ قولىنى قويۇۋەتتى. ئۇلار
ئىككىسى تەڭلا باش كوتۇرۇپ، تەڭلا بىر ـ بىرىدىن كەينىگە
داجىپ، توپ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى.

ـــ سەن كورۇسەنغۇ مېنىڭدىن! خەپ! ـــ دەپ ۋاقىرىدى
Qئاڭ ئارقىسىغا قاراپ.

— خەپ ، سەنمۇ مېنىڭدىن كورۇسەن ! — دېدى شياۋD مۇ ئارقىسىغا قاراپ.

«يولۋاس بىلەن ھەژدەرھا»نىڭ بۇ جېڭىدە ياكى غالىبىيەت ياكى مەغلۇبىيەت يۈز بەرگەندەك بولمىدى؛ بۇنى كورگەنلەر رازى بولدىمۇ، بولمىدىمۇ — بەلگىسىز، ئۇلار بۇ توغرۇلۇق ئوز پىكىرلىرىنى ئېيتمىدى! پەقەت شۇلا مەلۇمكى، شۇ ۋەقەدىن كېيىنمۇ ئىلگىرىكىدەكلا ئاQ نى ھېچكىم ئىشقا چاقىرمىدى.

بىر كۇنى، كۇن ئىسسىپ، يازنىڭ خۇشبۇي پۇرۇغىنى كەلتۈرۈدىغان يۇمشاق شامال يەلپۈپ تۇرغاندا، ئاQ نى تۇيۇقسىز بىر تىترەك باستى. بۇنىڭغا نىمىلەر قىلىپ چىداشقا بولاتتى. لېكىن قۇرساقتا ھېچنىمە يوق ئىدى! ئاQ يوتقان، قالپاق ھەم كوينەكتىن ئايرىلغىنىغا خېلى بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پاختىلىق كالتا چاپىنىنىمۇ سېتىۋەتتى. ئەمدى يالغۇز ئىشتىنىلا قالدى، لېكىن ئۇنى سېتىۋېتىشقا ھېچبىر مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بىرىگە پېتەك قىلىش ئۇچۇن بەرسە ئەرزىيدىغان، ھېچكىم تىپىنىغا ئالمايدىغان بىر ژىرتىق كوينەكلا قالغان ئىدى. ئاQ نىڭ يولدىن ئاقچا تېپىۋالغۇسى كېلىپ ژۇرگۇنىگە ئۇزۇن بولدى، لېكىن شۇ ۋاختىقىچە بۇمۇ توغرى كەلمىدى. ئۇ شۇنىداقلا ئوزىنىڭ كەمبەغەل كاتىكىدىن ئاقچا تېپىۋېلىش خىيالىنى سۇرۇپ ژۇردى. لېكىن ئوپ-چورىسىگە قانچە قارىسىمۇ، كاتەكىدە ھېچنەرسە كورۇنمەيتتى. مانا ئەمدى ئاQ ئوزۇق ئىز-

دەپ ماڭماقچى بولدى.

كوچىدا «ئوزۇق ئىزلەپ» ژۈرۈپ، ئۇ ئوزىگە تونۇش مەيخانىلارنى، قوۋىماقلارنى كورۈپ قالدى، لېكىن ئۇلارغا قاراپ توختاش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇ، تىلەشنى ئويلاپمۇ قويماي ئوتۇپ كەتتى. ئۇ باشقا «ئوزۇق ئىزدەپ» ژۈرەتتى. نىمە ئىزلەپ ژۈرگىنىنى تېخى ئوزىمۇ بىلمەيتتى.

ۋىجۇالڭچوك يېزا ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاQ ئۇنى بىردەمدىلا ئارىلاپ چىقتى. يېزىدىن چىققاندىن كېيىن سۇغا چىلىنىپ تۇرغان ئېتىزلىقلار باشلاندى؛ باش چىقارغان كوك شاللارغا قارىساڭ، تالغان كوزۇڭ دەم ئالغاندەك بولاتتى. ئاQغا ژىراقتا قىمىرلاپ ژۈرگەن قارىقۇرىلار كورۈندى، بۇ - ئېتىزلىقتا ژۈرگەن دىخانلار ئىدى. ئاQ بۇ ئىشچان دىخانلارغا كوڭۇل بولمەي ئوتۇپ كەتتى. ئۇ، بۇ يولدا ئوزىگە ئوزۇق تاپالماسلىغىنى بىلەتتى. ئاخىرى ئۇ خانىقانىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى.

ئەتراپ يەنە شۇ بايىقى شاللىق بىلەن ئورالغان، كوك ئاشلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاق تام ئاشكارە كورۈنۈپ تۇراتتى. خانىقانىڭ ئارقىسىدىكى تامنىڭ كەينىدە كوكتاتلىق بار ئىدى. ئاQ ئېھتىيات بىلەن ئوپ - چورىسىگە قارىدى ۋە ئەتراپتا ھېچكىمنىڭ يوقلىغىنى كورۈپ، يوگۈمەچكە ئوخشاش ئۈچتارتىپ ئوسكەن بىر نەرسىگە يامىشىپ، تامغا چىققىلى باشلىدى؛ لېكىن

تامنىڭ كىسەكلىرى ئۇگۇلۇپ، ئاQ نىڭ پۇتلىرىمۇ دىر ـ دىر تىتـ
رەيتتى. ئاخىرى بىـر ئۇژۇمنىڭ پۇتىغىنى تۇتۇۋېلىپ، كوكتاتـ
لىققا سەكرەپ چۈشۈپ كەتتى.

كوكتاتلىقنىڭ ئىچى بۇك بولۇپ كەتكەن، لېكىن يېگىدەك
هېچنەرسەـــيە مەي، يە قۇيماق يوق ئىدى. غەرپ ياختىكى
تام تەرەپتە هىندى قومۇچى ئوسۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ پۇتاقلىرى
كوپ بولـغان بىـلەن تېخى چاينىغىدەك پىشمىغان ئىدى. قىچا
ئەمدى چېچەكـلەۋاتاتـتى، بەسەيمۇ يـېگىدىن تۇگۇلۇۋاتاتـتى،
تۇرۇپچامغۇر بولسا، پىشىپ ۋاختىدىن ئوتۇپ كەتكەن ئىدى.

ئاQ خۇددى ئىمتىهاندىن ئوتەلمەي قالغان مولىدەك مۇگـ
لۇق هالەتتە دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى، بىردىن خوشالـ
لىغىدىن تۇرغان ئورنىدا قېتىپ قالدى: ئۇ تۇرۇپچامغۇر تېرىلـ
غان ئېتىزنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغان ئىدى.

لېكىن ئاQ ئەمدى بىر چامغۇرنى ژۇلۇپ ئالاي دەپ ئىگىشـ
كەنـدە دەرۋازىدىن بىرىنىڭ دۇگۇلەك بېشى چىقىپ، ئاندىن
كېـيىن يەنە يوقاپ كەتـتى. بۇ تاينىـلىق هېلىقى ياش بۇۋى
بولۇش كېرەك. ئاQ بۇۋىـلەرنى كوزگە چۈشۈدىغان ئەخلەتتەك
كورەتتى. لېكىن تۇرمۇشتا «ئېهتىياتلىق بولۇش» كېرەك، ئۇـ
دەررۇ تورتتال چامغۇرنى ژۇلۇپ ئېلىپ، يوپۇرماقلىرىنى ئۇزۇپ
تاشلاپ، بۇ ئولجىسىنى چاپىنىنىڭ ئىتىگىگە تىقتى. شۇ ئارىدا
قېرى بۇۋى پەيدا بولدى.

— ۋاي خۇدايىم، ۋاي خـۇدايىم! ھەي ئاQ...سەن نىمە قىلغىلى بىزنىڭ كوكـتاتلىقىقا كىردىڭ؟ چامغۇر ئوغۇرلىغىلىمۇ؟ ھەي، خۇدادىن قورقساڭچۇ! — دېدى.

— قاچان مەن سىزنىڭ كوكتاتلىقىڭىزغا ئوغۇرلۇققا كىرىپتىمەن؟ — دەپ ئاQ چىقىۋاتقان ئىشىك تەرەپكە چېكىنمەكتە ئىدى.

— مانا ھازىرچۇ...— دەپ، موماي ئۇنىڭ ئېتىگىنى كورسەتتى.

— بۇ سىزنىڭ چامغۇرۇڭمۇ؟ ئۇزۇلىرىدىن سوراپ باقسىنا بۇلار ئېيتىپ بەرسۇن قېنى؟...مەن...

ئاQ سوزىنى توگەتمەيلا، ئىشىك تەرەپكە ژۇگۇردى. ئۇنىڭ ئالدىغا يوغان قارا ئىت ژۇگۇرۇپ چىقتى. ئۇ ئىت ھەر قاچان ئالدىنقى ھويلىدا باغلاغلىق تۇرۇدىغان ئىدى. ھىلى قانداق قىلىپ باققا كىرىپ قالغانلىقى نامەلۇم.

ئىت ئاQنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، قاۋاپ ژۇگۇردى. لېكىن بەختىگە، ئېتىگىدىن بىر تال چامغۇر چۇشۇپ كېتىۋىدى، ئىت قورقىنىدىن توختاپ قالدى...ھەش - پەش دېگىچىلا ئاQ ئۇژۇمگە چىقىۋالدى، ئۇ يەردىن تامغا ئارتىلىپ، كېيىن چامغۇرلىرى بىلەن يەرگە سىرىلىپ چۇشتى... دەرەخقە قاراپ ھاۋشۇۋاتقان قارا ئىت ۋە «ۋاي خۇدا، تۇۋۋا» دەپ ۋاقىرىغان موماي تامنىڭ نېرىقى تەرىپىدە قالدى.

ئاQ چامغۇرلىرىنى ژىغىۋېتىپ، قولىغا بىر نەچچە تاش ئالغاچ قاچتى. ئۇ، موماي ئىتىنى قويىۋەتمىگىدى دەپ قورقتى.

لېكىن ئىت كورۇنمىدى. ئاQ تاشلارنى تاشلاۋېتىپ، ئالدىرىماي چامغۇرنى يەپ ماڭدى. شۇ ۋاختتا ئۇنىڭ بېشىغا: ئەمدى ۋېيجۋاڭدا تۇرۇشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن كورە شەهەرگە كەتكەن ياخشى، دېگەن ئوي كەلدى.

ئۇچىنچى چامغۇرنى يەپ بولغىچە، ئۇ مۇشۇ خۇلاسىگە ئۇ-زۇل - كېسىل كەلدى.

## VI

## هالاۋەتتىن هالاكەتكە

ئاQ ۋېيجۋاڭدا پەقەت كۆز بايرىمىدىن كېيىن يېڭىۋاشتىن پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، هەممە هەيران بولۇپ، ئۇنىڭ قاچان كېتىپ قالغانلىغىنى يادىغا كەل-تۈرگىلى باشلىدى. ئىلگىرى ئاQ شەهەرگە بارماقچى بولسا، هەممىگە خوشاللىق بىلەن خەۋەر قىلاتتى. لېكىن بۇ قېتىمدا ئۇنىڭ كەتكىنىنى هېچكىم سەزمەي قالغان ئىدى. بەلكى ئۇ ئىبادەتخانىدىكى بوۋايغا بىرەر سوز ئېيتقاندۇر. لېكىن ۋېيجۋاڭ-لىقلار شۇنداق ئادەتلىنىپ قالغانكى، پەقەت هۆرمەتلىك جاۋ ياكى شيۇسەي جاناپلىرىغا ئوخشاش ئەتىۋارلىق كىشىلەرنىڭلا شەهەرگە بېرىشى ئېغىزغا ئېلىناتتى. «ئەجنەبى شەيتانىمۇ» بۇ كىشىلەرنىڭ قاتارىغا كىرمەيتتى. دېمەك، ئاQ توغرۇلۇق سوز

قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق! شۇنىڭ ئۈچۈن بوۋاي بۇ يېڭىلىقنى تارتىپ ئولتۇرمىدى ۋە ۋىجۇداڭلىقلارمۇ بىلمەي قالدى.

لېكىن ئاQنىڭ بۇ قېتىمقى قايتىپ كېلىشى ھەقىقەتەن ھەيران قالغىدەك ئىش. ئۇ ئۇيقۇسىرىغان ھالدا مەيخانىغا كىرىپ كەلـگەندە، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئاQ بېلىدىن بىر ئوچۇم كۇمۇش ۋە قاراتىيىن ئېلىپ پوكەينىڭ ئۈستىگە تاشلىدى.

ــــنەق تولەيمەن! مەي قۇي!

ئۇنىڭ ئۈچىسىدا يېڭى چاپان ۋە پوتىسىنى توۋەن بېسىپ تۇرغان،لىق چىڭدالغان يوغان چەنىدازا ئېسىغلىق تۇراتتى. ئادەتتە ۋىجۇداڭلىقلار تۇيۇقسىز باي بولۇپ كەتكەن ئادەملەرگە باشقىچە قارايتتى. لېكىن ھۆرمەتلەيتتى. ئاQنى ، ئەلۋەتتە، ھەممىسى تونىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ژىرتىق كەمزۇللۇك ئاQگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى دەررو سەزدى. قېدىمقىلار «ئالىم كىشى ئوز يېزىسىدىن بىر ياققا ئۈچ كۇنگە چىققان بولسىمۇ، ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىش كېرەك» دەيدىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممىسى ـ دۇكان ئىگىسىمۇ، خىزمەتكارلىرىمۇ، مەيخانىدىكى مەيخورلارمۇ، ئوتتۇپ كېتىپ بارغانلارمۇ ـ ئاQغا بىر ئازگۇمان ئارىلاش، لېكىن چوڭ ھۆرمەت بىلەن قارىدى. دۇكان ئىگىسى ئاۋۋال سالام بېرىپ، ئاندىن كېيىن:

ــــ ئاQ قايتىپ كەپسىز. ــــ دېدى.

ــــقايتىپ كەلدىم.

— باي بولۇپ كېتىپسىز! قۇللۇق! سىزنەدە....

— شەھەردە بولدۇم.

بۇ يىگىلىق ئەرتىسىگىلا پۈتكۈل يېزىغا تارالدى ۋە يېزىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئاQنىڭ باشقىچە بولۇپ كەتكەنلىكىگە قىزىقىشقا باشلىدى. ئۇ يېڭى كەمزۇللۇق ۋە ئاقچىلىق بولۇپ كەلدى ئەمەسمۇ! بۇ توغرۇلۇق بارا ـ بارا مەيخانىدىمۇ، چايخانىدىمۇ، ئىبادەتخانا دەرۋازىسى ئالدىدىمۇ سۇرۇشتۇرۇش باشلاندى. نەتىجىدە ھەممىسى ئاQغا چوڭ ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان بولدى. ئاQنىڭ جۇيرېن جانابىنىڭ ئۆيىدە ئىشلىگەنلىكى مەلۇم بولغاندا، ۋەجۋاڭلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن قارىدى. بۇ جۇيرېننىڭ فامىلىسى بەي ئىدى؛ لېكىن شەھەر بويىچە بىرلا جۇيرېن بولغاچقا، ئۇنىڭ فامىلىسىنى ئاتاشنىڭمۇ ھېچ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى، «جۇيرېن» دەپ ئېيتىشنىڭ ئۆزى ـ شۇ باينى بىلدۈرەتتى. بۇ ئاتالغۇ پەقەت ۋەجۋاڭلىقلارغىلا خاس بولماي، ئەتراپتىكى يۈز چاقىرىم ژىراقلىقتىكى يەرلەرگىمۇ تارالغان ئىدى. تولىسى جۇيرېن جاناپ دېگەن شۇ كىشىنىڭ ھەم ئىسمى ھەم فامىلىسى دەپمۇ ھېساپلايتتى. شۇنداق كىشىنىڭ ئائىلىسىدە خىزمەت قىلىش دېگەن گەپ بوش گەپمۇ! يالغۇز شۇ خىزمىتى ئۈچۈنمۇ ئاQ چوڭ ھۆرمەتكە قادىر بولاتتى. لېكىن، ئاQنىڭ سۆزىچە، ئۇ ئۆزى جۇيرېنگە خىزمەت قىلىشتىن باش تارتقان-

مىش، چۈنكى بۇ جۈيرىن ناھايىتى چوڭ «قاملاشمىغان» ئادەم-
مىش. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغانلار ھەسرەت بىلەن ئاھ ئۇرۇشتى،
لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە خوشالمۇ بولۇشتى: بىر تەرەپتىن،
ئۇلار ئاQغا ھۆرمەتلىك جۈيرىنىڭ ئۆيى لايىق ئەمەس دەپ
ھېساپلايتتى، ئىككىنچى تەرەپتىن، ئاQنىڭ ئۇ يەردە ئىشلى-
مەسلىكى ـ ئېچىنارلىق ھال ئىدى.

ئاQنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ۋەجۋاڭغا قايتىپ كېلىشىنىڭ
يەنە بىر سەۋەبى، شەھەرلىكلەردىن ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ قالغان-
لىقى ئىدى. ئۇلارنىڭ يەلىدىكىنى ئورۇندۇق دەپ ئاتىغىنىغا
ياكى قورۇغان بېلىققا پىيازنى ئۇششاق توغراپ ئارىلاشتۇرغىنىغا
ئوخشاش غەلىتى قىلىقلىرىدىن باشقا، شەھەر ئاياللىرىنىڭ كو-
چىدا ھەيۋەت قەدەم تاشلاپ ماڭالمىشىنى* كۆرۈپ، ياقتۇر-
مىغان. لېكىن ئاQ شەھەرلىكلەرنىڭمۇ ئۆز خۇسۇسىيەتلىرى بار
ئىكەنلىكىگە ئىقرار كېلەتتى؛ مەسىلەن، ۋەجۋاڭلىقلار ھىندى
قومۇچىدىن ياسالغان ئوتتۇز ئىككى تال ماجاڭ** بىلەنلا ئوينايدۇ
ۋە پۈتۈن يېزىدا «ماجاڭ» ئويۇننى پەقەت «ئەجنەبى شەي-
تانلار» بىلىدۇ، شەھەردە بولسا، كوچا بالىلىرىنىڭ ھەممىسى
بۇ ئويۇنلارغا مۇتەخەسسىس. «ئەجنەبى شەيتان» ئەگەر ئاشۇ

* سۆز ـ پۇتلىرىنى كىچىك قىلىپ تېڭىۋالغان تەتەي ئاياللارنىڭ
مېڭىشى توغرىسىدا بولۇۋاتىدۇ.

** ماجاڭ ـ قىمارنىڭ بىر تۈرى.

ئون ياشلىق بالىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، ھەش-پەش دېگىچە «ئەزرائىل ئالدىدا ھېچقىنىمىگە ئەرزىمەس گۇنا-كار» بولۇپ قالىدۇ. شۇ پاراڭلار داۋامىدا، ئۇنى تىڭشاپ تۇرغانلار، ھەتتا قىزىرىپ كەتتى.

—باش كەسكەننى كوردۇڭلەرمۇ سىلەر؟—دەپ بىردىنلا سورىدى ئاQ،—مانا بۇ ھەيۋەت ئىكەن! مەن شەھەردە ئىنقىلاپچىلارنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلۇپ چېپىلغانلىقىنى كوردۇم... ئاجايىپ بىر ياخشى كورۈنۈش!...

ئۇ بېشىنى چايقاپ، ئالدىدا تۇرغان جاۋسى چىگىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىۋەتتى. تىڭشاپ تۇرغانلار چۆچۈپ كەتتى. ئاQ ئوپ-چورىسىگە قاراپ قويۇپ، تۇيۇقسىز قولىنى كوتەردى-دە:

—مانا شۇنداق!—دەپ، بويىنىنى سوزۇپ تىڭشاپ تۇرغان ساقاللىق ۋاڭنىڭ گەژگىسىگە بىرنى قويدى. ساقاللىق ۋاڭ قورققىنىدىن دەررۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، كېيىن چېكىنىدى. بۇ ۋەقە ھەممىنى خوشاللاندۇردى ۋە تەشۋىشلەندۇردى، ساقاللىق ۋاڭ بىر نەچچە كۈن داۋامىدا ئوزىنگە كېلەلمەي ژۆردى ۋە قايتىپ ئاQنىڭ يېنىغا كېلىشكە پېتىنالماس بولدى. يالغۇز ئۇلا ئەمەس، قالغانلىرىمۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئاQدىن ژىراق تۇرۇشنى ئەۋزەل كورەتتى.

ۋىجۇاڭلىقلارنىڭ ئالدىدا ئاQ ناھايىتى كوتۈرۈلۈپ كەتتى؛

ئەگەر ھۆرمەتـلىك جاۋنىڭ دەرىجىسىدەك دەرىجىگە ۋە ھۆر-
مەتكە ئىگە بولدى دېسەكمۇ ئارتۇق بولمايدۇ.

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئاQنىڭ شوھرىتى ۋىجۇاڭ
ئويلىرىنىڭ قازناقـلىرىغىمۇ مەلۇم بولـدى. ھەقىقەتتە، پۈتكۈل
يېزا بويىچە پەقەت ھۆرمەتلىك جاۋ بىلەن، ھۆرمەتلىك چەننىڭ
ئويلىرىدىلا ئايال بولمىلىرى بولۇپ، باشقا ئويلەردە، ئۇمۇمەن،
ھېچقانداق بولمىلەر بولمىغان بولسىمۇ، ھەر ھالـدا ئايال بول-
مىسى ـ ئايال بولمىسى بويىچە قالـدۇ، ئاQنىڭ شوھرىتى شۇ
بولۇملەرگە مەلۇم بولۇشى، ھەقىقەتەن ھەيران بولغىدەك نەرسە.
ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، زۇچى ئايىمىنىڭ ئاQ ـ
دىن كوك ئىپەك كوينەك سېتىپ ئالـغانلىقى ۋە بۇ كوينەك كې-
يىلگەن بولسىمۇ، توخسان ياماق تولىگەنلىكى توغرىسىدا سوز-
لىشەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، جاۋ بەيبەننىڭ ئانىسىمۇ (باشقىلار-
نىڭ سوزىگە قارىغاندا، جاۋسىچېڭنىڭ ئانىسى ـ بۇ تەكشۈرۈش-
نى تەلەپ قىلىدۇ.) چەتئەل قىزىل پولوتنوسىدىن تىكىلگەن،
يېڭى دىگىدەكلا، كىچىك بالا كوينىكىنى ئۇچيۈز ياماققا سېتىـ
ۋاپتۇ دېيىشەتتى.

شۇنىڭ ئۇچۇن ۋىجۇاڭ ئايالـلىرىنىڭ ھەممىسى بىـر ئامال
قىلىپ، ئاQ بىلەن ئۇچرۇشۇشنىڭ كويىدا ئىدى. بەزى بىرلىرى
ئاQدىن ئىپەك كوينەك، بەزىلىرى چەتئەل پولوتنوسىدىن تىكىلـ
گەن كوينەك سېتىپ ئېلىشنى خالايتتى. ئەمدى ئۇلار ئاQنى

كورسه قاچماي، ئوزلىرى ئۇنى توختىتىۋېلىپ:

— Qئا ، سىنىڭدە ئىپەك كوينەك يوقمۇ؟ ئەگەر ئۇ بولمىسا، بەلكى بولوتنو كوينەك تېپىلىپ قالار؟ — دەپ سورايدىغان بولدى.

زۇچى ئايىمنىڭ سېتىۋالغان نەرسىلىرى توغرىسىدىكى خەۋەر ئوتتۇرا ھال ئايال بولمىلىرىدىن باي ئاياللار بولمىلىرىغىچە يەتتى. زۇچى ئايىم خوشال ھالدا ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ ئايالىدىن ئىپەك كوينەكىنى باھالاپ بېرىشىنى سورىغاندا، ئۇ بۇ توغرۇلۇق ئۆز ئېرىغا ئېيتىپ بېرىپ، كوينەكىنى ناھايىتى ماختىدى. ھۆرمەتلىك جاۋ كەچقۇرۇنلۇق تاماق ئۈستىدە، شىۋەمەي بىلەن سوھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ، Qئانىڭ پەيلى يامان، ئىشىك ۋە دېرىزىلەرنى مەھكەملەك يېپىپ يېتىش كېرەك دېگەن خۇلاسىغا كەلدى. ئەمدى ئۇنىڭ ماللىرى توغرۇلۇق بولسا، ياخشىراقلىرى قالغان بولسا، سېتىۋېلىشقىمۇ بولۇدۇدېدى. ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ ئايالىنىڭ ئارزانراق، لېكىن قامدىن تىكىلگەن ياخشى كەمزۇل ئالغۇسى كەلدى. ئائىلە كېڭەشمىسىدە زۇچى ئايىمغا چاپسانلىق بىلەن Qئانى تېپىپ كېلىش ئىشى تاپشۇرۇلدى ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يەنە بىر يېڭى بىر مۇراسىم چىقتى: ھەتتا چىراقنىمۇ ياندۇرۇپ قويدى.

بىر تالاي ياغ كويۇپ كەتتى، ئەمما Qئا تېخىلا يوق ئىدى. جاۋ ئائىلىسى ئەسنەك باسقان ھالدا، ئۇنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى. ھەممىسى Q ئا نى ۋە شۇنچە كېچىكىكنى ئۇچۇن زۇچى

ئايمنى تالمغلى باشلدى. هۆرمەتلك جاۋنڭ ئايالى ئەر-تيازدا ئۇما بىلەن چاتاق تۇغدۇرغان، شۇڭا ئاQ ئېهتيات قلپ كەلمەسمكن دەپ خەۋپلنەتتى. لېكن هۆرمەتلك جاۋ بۇ خەۋپلەرنى ئاساسسز دەپ هېساپلايتتى، چۈنكى ئاQ نى «ئوزەم» قىچقارتتم دەيتتى. دېگەندەكلا بۇ دورەم ئۇنڭ سوزى توغرى بولۇپ چقتى. ئاخرى ئاQ زۇچى ئايم بىلەن بىللە كرىپ كەلدى.

—بۇ هېچنىمەم يوق دەيدۇ، مەن ئوزەڭ بېرىپ ئېيتقن دېسەم، يەنە شۇنداق دەپ تۇرىۋالدى. مەن مۇنداق...—دەپ زۇچى ئايم ئىشكتن كرە-كرمەيلا ۋالاقلاشقا باشلدى.

— بېگم...— ئاQ پشايۋان ئاستدا تۇرۇپ سوزلدى.

هۆرمەتلك جاۋ يېقن كېلىپ، باشتن-ئاياق كوز ژۈگۈرتۈپ:

—سېنى باي بولۇپ كېتپتۇ، دەپ ئاڭلدم، ئەلۋەتتە بۇ ياخشى...بۇ ناهايتى ياخشى...هە...سېنڭدە بىر مۇنچە نەرسە-لەر بار دەيدغۇ...ئەپكلىپ كورسەتسەڭ بولۇدۇ...ئەندشە قلما، بەلكى ماڭا...—دەپ ئاQ نڭ سوزنى بولۇۋەتتى.

—مەن زۇچى ئايمغا ئېيتتمغۇ...هەممنى سېتۋەتتم...

—سېتۋەتتم؟ شۇنداق چاپسانما؟— دېدى ئۇ، خۇددى چۈچۈگەندەك قلپ.

—ئۇلار مېنڭ تونۇشۇمنڭ نەرسلرى ئىدى. ئازراقلا نەرسە ئىدى...هەممسى سېتلپ كەتتى...

— بەلكى بىرەر نەرسە قالغاندۇر؟

— يالغۇز ئىشىك پەردىسىلا قالدى.

جاۋ ھەزرەتنىڭ ئايالى ئالدىراشلىق بىلەن:

— ئىشىك پەردىسىنى ئەپكەلگىن... كورۇپ باقايلى!...— دېدى.

— بوپتۇ، ئەرتە ئېلىپ كېلەرسەن،— دېدى جاۋ ھەزرەت.

— ئەمدى يەنە بىرەر نەرسىلەر قولۇڭىغا چۈشسە، ئالدى بىلەن بىزگە ئەپكىلىپ كورسەت...

— بىزمۇ باشقىلاردىن كام باھا بەرمەيمىز،— دەپ قويدى شىيۇسەي.

شىيۇسەينىڭ ئايالى، بۇ سوزنىڭ ئاQ گە تەسىر قىلغان، قىلمىغىننى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى.

— ماڭا قىشلىق قاما كەمزۇل كېرەك،— دېدى جاۋھەزرەتنىڭ ئايالى.

ئاQ چىقىپ كېتىۋتىپ، ناھايىتى سۇس ۋەدە قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ راست ياكى يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بۇنى كورگەن جاۋھەزرەتنىڭ ئايالى بارلىق ئىشەنچىنى يوقاتتى. شىيۇسەيگىمۇ ئاQ نىڭ قىلىقلىرى ياقمىدى، ۋە ئۇ چىقىپ كېتىشى بىلەن بۇ «بەدبەخت»دىن ژىراغراق بولۇش كېرەكلىكىنى ۋە مۇمكۇن قەدەر مۇشۇ تاپتىنلا ئاقساقالغا خەۋەر قىلىپ، ئاQ نىڭ ۋىدجۇاڭدا تۇرۇشىنى مەنئى قىلدۇرۇشنىڭ تېخى

مۇ ياخشى بولۇشىنى ئېيتتى. لېكىن جاۋ ھەزرەت مۇنداق چارە-
نىڭ ئاداۋەت تۇغدۇرۇشى مۇمكىنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە،
مۇنداق ئەمەل بىلەن مەشغۇل بولۇپ ژۈرگەن كىشىلەر «ئۆز ئۇ-
ۋىسىنىڭ ئۆي-چۆرىسىدىن ئوزۇق ئىزدىمەيدىغان بۈركۈتكە»
ئوخشاشلىقىنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ يېزىسىدا خەۋپلىنىشنىڭ ھاجىتى
يوقلىقىنى، پەقەت كېچىسى پات-پات ئويغىنىپ تۇرۇش
كېرەكلىكىنى ئېيتتى. شىيۇسەي بۇ «ئۆي نەسىھىتىنى» تىڭشاپ
بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى ۋە شۇزامان ئاQنى قوغلۇتۇش
نىيىتىدىن قايتتى؛ ئۇ زوچى ئايىمغا، بۇ سۆزلەرنى ھېچكىمگە
ئېيتمىغىن، دەپ جېكىلىدى.

ئەتىسىگىلا زوچى ئايىم بىر مىنۇت ۋاختىنى بىكارغا ئۆت-
كەزمەي، كۆك ئېيىك كۆينىكىنى باشقا رەڭگە بويىدىدە، شۇ-
نىڭدىن كېيىن ئاQ توغرىسىدا بولغان شۈبھىلىنىشلەرنى كۆرگەنلا
كىشىگە ئېيتىۋەدى؛ راست، ئۇ شىيۇسەيىنىڭ ئاQنى يېزىدىن
قوغلىۋەتمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدا ئۈنچۈقمىدى.

ئاQنىڭ بەختسىزلىكى مانا شۇنىڭدىن باشلاندى. ئالدى
بىلەن ئاقساقال كېلىپ ئۇنىڭ ئىشىك پەردىسىنى تارتىۋالدى.
ئاQ پەردىنى جاۋ ھەزرەتنىڭ ئايالى كۆرۈپ باقماقچى بولغانلى-
قىنى ئېيتسىمۇ، قايتۇرۇپ بەرمەك تۈگۈل، ھۆرمەت بەلگىسى
تېرىقىسىدە ھەر ئايدا ئەدىمەتچىلىك قىلىپ پۇل تۆلەپ تۇرۇش-
نى تەلەپ قىلدى. ئۇندىن قالسا، ۋىجۇاڭلىقلارنىڭ ئاQغا

بولغان مۇناسىۋىتىمۇ تۇيۇقسىز ئۆزگۈرۈپ كەتتى، ئۇلار ئۆزلە-رىنىڭ ئۇنى تەڭسىتمىگەنلىگىنى بىلدۈرمەيتتى، لېكىن ئۇنىڭ-دىن ژىراغراق ژۈرۈشكە تىرىشىدىغان بولدى. ۋىجۇاڭلىقلارنىڭ «ئۆزىنى ژىراغراق تۇتۇش» توغرىسىدىكى چۈشۈنىگى ناھايىتى قالايمىقان ئىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ھازىرقى مۇئامىلىسىدە، ئاQنىڭ شەھەردىكى ئادەم ئۆلتۈرۈش جازاسى توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلىرىدىن كېيىن ئۇلاردا پەيدا بولغان خەۋپ ئارىلاش ھۆرمەت بەلگىلىرىدىن ھېچنەرسە قالمىغان ئىدى.

ۋىجۇاڭلىقلارنىڭ ئىچىدە ئاQنىڭ قىلمىش ئىشلىرىنى مۇ-پەسسەل بىلىۋالغىسى كېلىپ ژۈرگەنلەرمۇ بار ئىدى. ئاQ ھېچ-نەرسىنى يوشۇرماي، ئۆز «تەجرىبىلىرىنى» پەخرلىنىش بىلەن ئېيتىپ بېرەتتى. ۋىجۇاڭلىقلار ئاQنىڭ قىلغان ئىشى چاغلىق ئىكەنلى-كىنى بىلىشتى: ئۇ تامدىن ئارتىلىپ، ئوغرولوققا چۈشمەي، پە-قەت تام تۈۋىدە ساقچىلىق قىلىپ، ئۇ ياقتىن چىققان نەرسە-لەرنى ئالىدىكەن. بىر كۈنى كېچىسى باشلىقى ئاQغا بىر قاپنى سۇنۇپ بېرىپ، ئۆزى ئىككىنچى قاپقا ماڭغاندا، بىردىن ۋاڭ-چۇڭ ئاڭلىنىپ قاپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان ئاQ دەررۇ قېچىشقا ئال-دىراپتۇ. شۇ كېچىسىلا ئۇ مۆكۈپ ژۈرۈپ شەھەر تېمىدىن ئار-تىلىپ چۈشۈپتۇ-دە، ۋىجۇاڭغا قېچىپ كېپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ مۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشماپتۇ.

ئاQنىڭ ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئېيتىپ بەرگەن بۇ ھېكايىسى

ئۇنىڭغا تېخىمۇ زىيان قىلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ۋىجۇاڭلىقلار ئاQ نىڭ چىشىغا تېگىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ژىرا-غىراق بولۇشقا تىرىشىپ ژۈرەتتى، ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئوغ-رۇلۇق قىلىشقا پېتىنالمايدىغان ئۇششاق-چۈشەك ئوغرىلاردىن ئىكەنلىگىنى كىم بىلگەن! ئۇلارنىڭ ئاQ دىن قورقۇپ ژۈرگىنى بىكار بولۇپ چىقتى: ئۇ ھەقىقەتەن «قورقۇشقا ئەرزىمەيدىغان» ئادەم ئىكەن!

## VII

## ئىنقىلاپ

شۇەنتۇڭنىڭ ئۈچىنچى ژىلى، توققۇزىنچى ئاينىڭ ئون تۆرتىنچى كۈنى* - ئاQ جاۋبەيبەنگە ئوزىنىڭ چەندازىسىنى ساتقان كۈنى - ئۈچ جىڭ ۋاقىتىدا جاۋ ئويىنىڭ يېنىدىكى كېمە توختايدىغان جايغا قارا پۈكۈچەيلىك بىر كېمە كېلىپ توخ-تىدى. بۇ ۋاقىتتا يېزىدىكىلەر قاتتىق ئۇيقۇدا بولغاچقا، ئۇنى ھېچكىم كۆرمىدى. تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن كېمە قايتىپ كەتتى، مانا شۇ ۋاقىتتا ئۇنى كۆرۈپ قالغانلار بولدى. خەۋەر ھەۋەس-كارلىرى بۇ كېمە جۈيرېن جاناپنىڭ ئىكەنلىگىنى بىلىۋالدى!

* 1911 - ژىلى 4 - نويابىر. شۇەنتۇڭ - مانجۇ پادىشا ئەۋلادىنىڭ ئاخىر-قى ھۆكۈم سۈرگەن ژىللىرى.

بۇ كىمە ۋىجۇاگلىقلارنى غۇلغۇيچىلىققا سالدى ۋە كۇن چۇش بولمايلا ھەممە ئاھالىنىڭ ژۇرەكلىرى خەۋپ تۇيغۇسىغا تولدى. جاۋنىڭ ئوي - ئىچى كەلگەن كىمىنىڭ مەخسىتىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىسمۇ، چايخانا ۋە مەي دۇكىنىدا: ئىنقىلاپچىلار شەھەرگە بىسىپ كىرىپ كىلىۋاتقىدەك، جۇيرىن جاناپ شەھەردىن ۋىجۇاڭغا قېچىپ كەپتۇ، دېگەن سوز تارقالدى. پەقەت زۇچى ئايىم باشقا پىكىردە ئىدى؛ ئۇ، جۇيرىن جاناپ جاۋنىڭ ئويىگە ئامانەتكە بىر نەچچە كونا ساندۇقلىرىنى ئىۋەتكەن ئىكەن، لىكىن جاۋھەزرەت قوبۇل قىلماي قايتۇرۇۋەتتى دىدى. ھەقىقەتتە جۇيرىن ۋە شيۇسەي جاناپلىرى ئىلگىرى چىقىشالماي ژۇرەتتى، دىمەك «بىشىغا كۇن چۇشكەندىمۇ» ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ ھالىغا يىتىشى مۇمكۇن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە زۇچى ئايىم جاۋ ئائىلىسىنىڭ خوشنىسى ئىدى ۋە جاۋنىڭ ئويىدە بولغان ئىشلارنى باشقىلاردىن كورەكوپرەك بىلەتتى، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭ سوزى توغرى بولۇشى مۇمكۇن.

شۇنداق بولسىمۇ، جۇيرىن توغرۇلۇق مىش - مىش سوزلەر بىسىلمىدى. ئەمدى بىر مۇنچىلەر، جۇيرىن جاناپ ئوزى كەلمەپتۇ، لىكىن ئوز ئائىلىسى بىلەن جاۋھەزرەت ئائىلىسى ئارىسىدىكى تۇققانچىلىق قاتنىشىشىنىڭ بارلىغىنى بىلدۇرۇپ ئۇزۇن خەت يىزىپ ئىۋەتىپتۇ، دىگەن سوز تارقاتتى. جاۋھەزرەت ياخشى ئويلۇنۇپ، بۇنىڭدا ھىچقانداق يامانلىق يوق دىگەن

خۇلاسىغا كەلدى ۋە جۇيرىن جاناپلىرىنىڭ ئىۋەتكەن ساندۇق-لىرىنى ئېلىپ قويۇپتۇ، خەتنى بولسا ئۆز ئايالىنىڭ كاراۋىتى ئاستىغا تىقىپ قويۇپتۇ، دېگەن مىش-مىش سۆزلەرمۇ بولدى. ئىنقىلابچىلار توغرىسىدا بولسا، شۇ كېچىسىلا شەھەرنى بېسىۋاپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پادىشا چۇڭ جېڭنى⑩ ئەسلەپ ماتەم بەلگىسى ئۈچۈن، ئاق ساۋۇت ۋە ئاق تۇمۇر قالپاق كېيىۋاپتۇ،* دەپ گەپ تارقىتىشتى.

ئاQ ئىنقىلابچىلار توغرىسىدىكى سۆزلەرگە قۇلاق سېلىپ ژۈرگىلى خېلى زامان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يېقىندىلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرسىنىڭ ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالانغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىدى. نىمىشكىدۇر، ئۇ ئىنقىلابچىلارنىمۇ ئىسيانچىلارغا ئوخشاشلا دەپ ھېساپلايتتى، ئىسيانچىلار بولسا، ئاQغا ياقمايتتى. ئاQ ئۇلارنى ناھايىتى ئۆچ كۆرەتتى ۋە ئۇلارغا قەتئىي قارشى ئىدى. لېكىن ئۇ پۈتۈن ئەتراپقا مەلۇم بولغان جۇيرىن جاناپلىرىنىڭ ئۇلاردىن شۇنچە قورقۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھېچبىر كۈتمىگەن ئىدى. ۋىجۇاڭلىق-

* شۇ ۋاقىتلاردا خەنزۇ دېخانلىرىنىڭ ئارىسىدا، ئىنقىلابچىلار چەتئەلدىن كەلگەن تەجاۋۇزچىلارنىڭ ئورنىغا مىللىي خەنزۇ پايتەختىنى ئورناتماقچى، شۇنىڭ ئۈچۈن، 1644-يىلى مانجۇلار ئىستىلا قىلغان ئاخىرقى خەنزۇ پادىشاسى چۇڭ جېڭنىڭ خاتىرىسىگە ئۇلار ئاق ماتەم ساۋۇتلىرىنى كېيىشى كېرەك، دېگەن سۆزلەر تارقالغان.

لارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان بۇ ئەنسىزچىلىك ئەكسىنچە ئاQنى خوشال قىلاتتى.

«ئىنقىلاپ بولسا، بولسۇن...» — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — بۇ قارغىش تەككەنلەرنى دۆم كومۇرۇۋەتكىدى... مەن ئوزەممۇ ئىنقىلاپچىلارغا قوشۇلۇپ كېتىشكە قارشى ئەمەس!».

ئاخىرقى كۈنلەردە ئاQنىڭ پۇلى يوق ئىدى. ئۇ چۇشلىگى ئاچ قۇساققا ئىچىۋەتكەن ئىككى پىيالە مەيدىن كېيىن مەس بولۇپ قالدى. بۇ يېڭى خىياللار ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر تۇيغۇلارنى ئويغاتتى. نىمىشكىدۇر ئاQغا، ئۇنىڭ ئوزى ئىنقىلاپچىدەك، ۋەجۇاڭلىقلار بولسا، ئۇنىڭ قولىغا چۇشكەن ئەسىرلەردەك بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ شۇنداق خوشال بولدىكى، ھەتتا ئوزىنى توختۇتالماي:

— ئىسيان! ئىسيان! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى:

ۋىجۇاڭلىقلار قورققان، چۇچۇگەن ھالدا ئۇنىڭغا قارايتتى. مۇنداق بىچارە كوزلەرنى ئاQ ھىچقاچان كورگەن ئەمەس، ئەمدى ئۇ شۇنداق راھەتلىنىپ كەتتىكى، گويا ئالتىنچى ئاينىڭ تومۇزىدا مۇزدەك بۇلاق سۇيىنى ئىچكەندەك بولدى. ئۇ ناھايىتى ياخشى كەيپىيات بىلەن كوچىدا كېتىپ بېرىپ:

— ياخشى!... نىمە خالىسام، شۇ بولۇدۇ! ئەگەر بىرىنى ياخشى كورۇپ قالسام، ئۇمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ! — دەپ ۋاقىراپ ژۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن:

«ترا ـ تا ـ تا!

قولۇمدا اسىم قامچا بارمىنىڭ،

ئورۇپ ژىقىتسام دەيمەن سىنى!...» دەپ، جىنىنىڭ بىرىچە ۋاقىراپ ناخشا ئېيتقىلى باشلىدى.

جاۋ ئائىلىسىنىڭ ئەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئورۇق تۇق-قۇنى بىلەن دەرۋازا ئالدىدا ئىنقىلاپ توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشىپ تۇراتتى.

Qئا ئۇلارنى كورمەي، بار ئاۋازى بىلەن «ترا ـ تا ـ تا»نى ئېيتىپ ئوتۇپ كەتتى.

ـــ هۇرمەتلىك Qئا، ـــ دېدى ئېهتىيات بىلەن جاۋهەزرەت.

«ترا ـ تا...». Qئا هېچقاچان «هۇرمەتلىك» دېگەن سوزنى ئوزىگە مۇناسىپ دەپ ئويلىمايتتى، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ جاۋهەز-رەت ئالاقىسى يوق باشقا بىرسوزلەرنى ئېيتتى دەپ ئويلاپ، ۋاقىرىغان هالدا ئوتۇپ كېتىۋەدى.

ـــ Qئا! ـــ دېدى شيۇسەي Qئانىڭ ئېتىنى ئاتاپ.

Qئا ـــ دەررۇ توختاپ، قارىدىدە:

ـــ نىمە؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ ئىززەتلىك Qئا، ئەمدى سەن...ـــ دەپلا جاۋهەزرەت سوز تاپالماي قالدى، ـــ قانداق ئەمدى سەن؟ ئىشلىرىڭ مۇۋەپ-پىقىيەتلىكمۇ؟

ـــ مۇۋەپپىقىيەت؟ ئەلۋەتتە. نىمە خالىسام، شۇ بولىدۇ...

— بۇرادەر ئاQ ، بىزگە ئوخشاش كەمبەغەل دوستلار ئۈچۈن ھېچ ۋەقەسى يوق، ئەگەر...— جاۋبەيبەن ئاQ دىن ئىنقىلاپچىلار پارتىيىسىنىڭ مەخسىتىنى بىلىۋالماقچى ئىدى.

— كەمبەغەل دوستلار؟ سەن مېنىڭدىن بايراققۇ دەيمەن.— دەپ جاۋاپ بېرىپ، ئاQ ژۇرۇپ كەتتى.

دەرۋازا تۇۋىدە قالغانلار نىمە قىلارىنى بىلمەي، ئۈنچۇقماي تۇرۇپ قالدى. كېيىن جاۋبەيبەن جاۋھەززەت بالىسى بىلەن ئويگە كىرىپ، پۈتۈن ئاخشامنى ئاللىقاندىق مەسلىھەت ئۈستىدە ئۆتكەزدى.

جاۋبەيبەن بولسا ئۆز ئويىگە قايتىپ كېلىپ، بېلىدىكى چەندازىسىنى چىقىرىپ، ساندۇقنىڭ ئەڭ تېگىگە تىقىۋېتىش ئۈچۈن ئايالىغا بەردى.

ئاQ كەچكىچە قان - قېنىغا پاتماي ژۇرۇپ، ئاخىرى كەيپى تارقاپ، ئۆز ئىبادەتخانىسىغا يېنىپ كەلدى. بۇ ئاخشام بوۋايمۇ ناھايىتى خوشخۇي ئىدى، ئۇ ئاQ نى چايغا تەكلىپ قىلدى. ئاQ ئۇنىڭدىن ئىككى نان سوراۋېلىپ دەررۇ يەۋەتتى، تورت سەر شام تەلەپ قىلدى، ئاQ ئۇنى شامدانغا قويۇپ ياندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تاركاتىڭدە يېتىپ قالدى. يېڭى ئەھۋال ئۇنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خوشال قىلدى؛ ئۇ خوشاللىقىدا سوزمۇ قىلالمايتتى. شام يېڭى ژىل كېچىسىدىكىدەك پىلىدىرلاپ يېنىپ تۇراتتى، ئاQ نىڭ خىياللىرىمۇ ھەر تەرەپكە

چېچىلماقـتا ئىدى....

«ئىسيان؟ قىزىق... ئاق تومۇر قالپاق ۋە ئاق ساۋۇت كىيـگەن ئىنقىلاپچىلار كېلىدۇ... ئۇلارنىڭ قوللىرىدا قىلىچ، قامـچىلار، بومبىلار، چەتئەل زەمبىرەكلىرى، ئۇچى ئۇچلۇق ۋە قوش قىلىچلار، ئىلمەك نەيزىلەر... ئۇلار ئىبادەتخانىنىڭ يېنىغا كېلىپ: «Qئاي جۇر، بىز بىلەن!..»ـــدەپ ۋاقىرايدۇ. مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كېتىمەن... مانا قىزىقچىلىق!... ۋىجۇاڭنىڭ ھەممە ئەر ۋە ئاياللىرى تىز پۈكۈپ: «Qئاي، رەھىم قىل!» ـ دەپ ۋاقىرايدۇ. لېكىن كىم ئۇلارنى تىڭشىسۇن! ئەڭ ئاۋال شياۋ D بىلەن جاۋخەزرەت ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، شيۇسەي ۋە «ئەجنەبى شەيتان»...بەلكى بىرەرسىنى قالدۇرۇپ قويۇش كېرەكتۇر؟ ساقاللىق ۋاڭنى قالدۇرسىمۇ بولىدۇ دەيمەن. لېكىن ئۇنىمۇ ئاياشنىڭ ھاجىتى يوق... نەرسـلەرنى قولغا قانداق چۇشۇرۇش كېرەك؟ توغرى بېرىپ ساندۇقـلارنى ئېچىش كېرەك!... يامبۇ، تەڭگە، دوللار، چەتئەل گەزـمالىرى... ئالدى بىلەن شـيۇسەي ئايالىنىڭ نىڭپودا ياسالـغان ناھايىتى ياخشى كارۋىتىنى ئىبادەتخانىغا ئەكىلىۋېلىش كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىن چەن ئائىلىسىنىڭ ئۈستەل ۋە ئورۇندۇقلىرىنى ياكى ھېلىقى جاۋنىڭ ئويىدىكىلەرنى.... ئۆزەم ھېچنىمىگە قول تەككۈزمەيمەن، ـ ھەممىنى شياۋ D ئۆزى توشۇسۇن، توشۇغاندا تېتىكراق ماڭسۇن، ئەگەر دېگەندەك ئىشلىمەيدىغان بولسا، كا-

چىتىغا بىرنى بېرىش كېرەك...جاۋسى چىننىڭ سىگلىسى ناھا ــ
يىتى سەت...زۇچى ئايىمنىڭ قىزى... چوڭ بولسۇن، شۇچاغدا
گەپلىشەرمىز! «ئەجنەبى شەيتاننىڭ» ئايالى چاچسىز ئەربلەن
ياتىۋەرسۇن!.. تىفۇ، ئىپلاس! شىۇسەي ئايالىنىڭ كوزىدە ئېقى
بار... ئۇما ئۇزۇن بولدى كورۇنمەيدۇ؛ ئۇنىڭ نەگە يوقۇلۇپ
كەتكەنلىگى بەلگىسىز...لېكىن ئۇنىڭ پۇتىنىڭ يوغانلىغى يامان...»

Q ئا ھەممىنى دېگەندەك ياخشى ئويلۇنۇپ بولمايلا، خوــ
رەك تارتىپ ئۇيقىغا كەتتى. تورت سەرلىك، يېرىم غېرىچ كېــ
لىدىغان شام كويۇپ، ئۇنىڭ پىلدىرلىغان قىزىل نۇرى ئاQ نىڭ
ئوچۇق ئاغزىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

Q ئا چۇشەكەپ، تۇيۇقسىز:

ــــھا ــ ھا! ــ دەپ ۋاقىرىۋەتتى ۋە قەيەردە ياتقانلىغىنى
بىلمىگەن ھالدا بېشىنى كوتەردى. ئۇنىڭ كوزى كويۇپ تۇرغان
شامغا كېلىپ توختىدى ــ دە، دەررۇ باشقىدىنلا ئۇخلاپ قالدى.

ئەرتىسى ئاQ ۋاخچە تۇرۇپ، تالاغا چىقىپ قارىدى: ئەتــ
راپتا ھېچقانداق ئوزگورۇش يوق. قورسىغى ئاۋۋالقىدەكلا ئاچ
ئىدى. ئۇ بىرەر نەرسە ئويلاپ تېپىشقا ھەرىكەت قىلىپ كورــ
دى، لېكىن ھېچقانداق نېتىجە چىقمىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ ئويىغا
بىر نەرسە كەلگەندەك بولدى ۋە زوبلەنمۇ ياكى ئەمەسمۇ، ــ
ئەيتەۋىر بىلە ــ بىلىنمەس، خانىقاغا قاراپ ماڭدى.

دېرىزىلىرى ئاق قاپقاقلىق ۋە دەرۋازىسى قاراسىرلىق خاــ

نقا، ئاQ «ئوزۇق ئىز دەپ» ئاتـلانغان ئەرتىياز كۆنـلىرىنىڭ بىرىدىكىدەك جىم-جىتلىقتا چوككەن ئىدى. ئۇ يېتىپ كېلىپ دەرۋازىـسىنى قاقـتى. ھويلىدا ئىت ھاۋشۇدى. ئاQ دەررۇ بىر نەچچە خىشنىڭ پارچىلىرىنى ئېلىپ، ئۇلار بىلەن تېخىمۇ قاتـتىغىراق ئۇرغىلى باشلىدى، بىر پەستە قاراسىر ئۇستىدە نۇرغۇنـلىغان ئىزلار پەيدا بولدى. ئاخىرى قورادىن بىرىنىڭ كېلىۋاتقان تىۋىشى ئاڭلاندى.

ئاQ كېسەكنى مەكـكەم تۇتۇپ، پۇتلىرىـنى كەڭ كېرىپ، بەك بىسىپ، ئىت بىلەن ئېلىشىشقا تەييارلىنىپ تۇردى. لېكىن ئىشىك قىيا ئېچىلدىدە، قارائىت ئەمەس، قېرى بۇۋى كورۇندى.

ـــسەن يەنە نىمگە كەلدىڭ؟ــدەپ سورىدى ئۇ چۆچۈـگەن ھالدا.

ـــئىنقىلاپ بولۇۋاتىدۇ... بىلەمسەن؟ ـــدېدى ئاQ.

ـــئىنقىلاپ!... بۇيەردە ئىنقىلاپ بوالدىغۇ... يەنە نىمە قىلاي دەيسىلەر بىزنى؟ـــدەپ سورىدى قېرى بۇۋى قىزىرىپ كەتكەن كوزلىرىنى چىمىلدىتىپ.

ـــنىمە؟ـــئاQ ئەجەبلەندى.

ـــبۇيەرگە كېلىشىپ، بىزدە ئىنقىـلاپ قىلغانلىرىنى بىلمەمـسەن تېخى؟

ئاQ تېخىمۇ ھەيران بولدى:

ـــكىم كەلدى؟

شىۋسەي بىلەن «ئەجنەبىي شەيتان!»

ئاQ مەڭدەپ قالدى. مۇماي ئۇنىڭ ھاسىرىشىنى كۆرۈپ،
شۇ زامان ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ كەتتى، ئاQ ئىشىكنى ئىشـ
تىردۋېدى - ئېچىلمىدى. ئۇ يەنە ئۇرغىلى باشلىدى. لېكىن
ھېچكىم جاۋاپ بەرمىدى.

بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئەتىگەنلىكى يۈز بەردى. شىۋسەي
يېڭىلىقلارنى بىلىۋېلىشقا ئۇستا ئىدى، ئۇ ئىنقىلاپچىلارنىڭ
شەھەرنى بېسىپ ئالغان خەۋىرىنى ئاڭلىشى بىلەنلا، دەررۇ چېـ
چىنى تۈرۈۋېلىپ، سەھەردىلا چەننى، «ئەجنەبىي شەيتاننى»
يوقلاپ كېلىشكە ماڭدى. مۇشۇ كۈنگىچە ئۇلار بىلەن چىقىـ
شالماي ژۈرەتتى، لېكىن ئەمدى، «پۈتكۈل يېڭىلىنىشلار» ۋاقتى
كەلگەندە، ئۇلار دەررۇ يېقىن دوستلارغا ئايلاندى ۋە بىرلىـ
شىپ، ۋىجۇاڭدا ئىنقىلاپ قىلماقچى بولۇشتى.

ئۇلار ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، ئاخىرى بىر نەتىجىگە
كەلدى. خانىقادا «پادىشا ياشىسۇن!» دېگەن يېزىق نەقىش
قىلىنغان شاھانە تاختا بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئويىچە ئەڭ ئاۋال
مانا مۇشۇ تاختاينى يوق قىلىش كېرەك ئىدى. ئىشنى كېچىكـ
تۈرمەي، بۇلار خانىقاغا قاراپ كەتتى.

قېرى بۇۋى ئۇلارغا قارشىلىق كورسەتمەكچى بولدى، لېكىن
ئۇلار مۇماينى «مانجۇ ھوكۇمىتىگە ئايلاندۇرۇپ»، خېلىلا دۇمـ
بالىدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئېسىنى ژىغىۋېلىپ قارىسا،

شاھانە تاختاينىڭ يەردە سۇزۇپ ياتقانلىقىنى ۋە ئايال سەنەم-
نىڭ ئالدىدا تۇرغان شىۋەن دە پادىشاسى زامانىسىدىكى مىس
ئىسرىقدانىنىڭ غايىپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى كوردى.

بۇۋەقەلەر ئاQغا خېلى كېيىن مەلۇم بولدى. ئۇ ئۇخلاپ
قالغىنىغا ناھايىتى پۇشايمان يېدى ۋە ئۇلارنىڭ چاقىرماستىن
كەتكەنلىكلىرىگە ئاچچىقى كەلدى: «مېنىڭ ئىنقىلاپقا قوشۇلماقچى
بولغىنىمنى تېخىچىلا بىلمەي ۋۇرەەدىكىنە ئۇلار؟» — دەپ ئوي-
لىدى ئۇ.

## VIII

## ئىنقىلاپقا قوشۇلۇشقا رۇخسەت قىلمىدى

ۋېيجۇاڭلىقلارنىڭ ئەنسىزلىنىشى ئاستا — ئاستا بېسىلدى.
ئۇلار، ئىنقىلاپچىلار شەھەرنى بېسىپ ئالغان بولسىمۇ، ئۇيەردە
ھېچبىر جىددىي ئوزگورۇشلەرنىڭ بولمىغانلىقىنى بىلدى: ئامبال
ئوز ئورنىدا قاپتۇ، پەقەت ئۇنىڭ ئۇنۋانى ئوزگورۇپتۇ؛ جۇيرېن
جاناپ يەنە بىرگى ئۇنۋانغا ئىگە بوپتۇ، لېكىن ۋېيجۇاڭلىقلار بۇ
بىرگى ئۇنۋانلارنىڭ مەنىسىنى بىلمەيتتى. سولداتلارغا ئاۋالقى-
دەك مىڭبېشى باشچىلىق قىلغىدەك. لېكىن بىر كېلىشمەسلىك
بوپتۇ: بىر نەچچە بولمىغۇر ئىنقىلاپچىلار ئىنقىلاپنىڭ ئەرتىسى-
گىلا زورلۇق بىلەن ئەرلەرنىڭ چاچلىرىنى قىرقىشقا باشلاپ-

تۇ*. مىش-مىش پاراڭلارنىڭ ئۇرانىغا قارىغاندا، خوشنا يېزىنىڭ قېيىقچىسى چى جىڭ شۇلار قولىغا چۈشۈپ قىلىپ ئادەم تەخـلىتىنى يوقۇتۇپ-چاچىسىز قاپتۇدەك. ۋەجۇاڭلىقلار ئۇچۇن، بۇ ئانچىلا خەۋپلىك نەرسە ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلار شەھەرگە تولا قاتنىمايتتى. ئەگەر بىرەر كىشى بارماقچى بولغان بولسا، چېچىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۇ نىيىتىدىن قايتمىغىمۇ ئوڭاي ئىدى. ئوزىنىڭ شەھەردىكى كونا دوستلىرىغا بارماقچى بولغان ئاQ ، بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىشى بىلەنلا سەپەردىن يالتايدى.

ھەر ھالدا ۋەجۇاڭدا ھېچنەرسە ئوزگەرمىدى دەپ ئېيتىشقا بولمايتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن چېچىنى تۇرۇۋالغان ۋەجـۇاڭلىقلارنىڭ سانى كوپەيدى ۋە ژۇقۇرىـدا كورسۇتۇلگەندەك، بۇ ئىشتا بىرىنچىلىكنى ئالـغان شيۇسەي ئىدى؛ ئۇنـىڭغا قاراپ ئىش تۇتـقان جاۋسى چىڭ بىلەن جاۋبەييەن بولدى، ئۇلار-دىن كېيىن، ئاQ مۇ شۇنداق قىلدى. يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى ھەممە ئاھالى چېچىـنى تۇرۇپ ياكى باغلاپ ژۇرەتـتى ۋە بۇ ھال ھېچكىمگە غەلىتى بولۇپ كورۇنمەيتتى. لېكىن ئەمدى، كەچـكۇز پەسلىدە، مۇنداق «يازقايىدىلىـرىنى ئوز ۋاختىدا ئورۇنـ

* جوڭگودا مانجۇ خانلىغىنىڭ ھوكۇم سۇرۇشى بىلەنـلا، ئەرلەر چاچ قويغىلى باشلىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن كوپچىلىك خەلـق مانجۇلارغا قارشـى ئىنقىلاپ باشلانغاندا، مىللىي تەھقىرلىق بەلگـسى بولغان بۇ ئادەتنىمۇ يوق قىلىش تېگىش دەپ چۈشۈنەتتى. تەرجىمان.

لىماسلىق»نى قەھرىمانلىق بىر ئىش دەپ ھېساپلاشقا بولاتتى.
بۇ ـــ توغرىدىن ـ توغرى ئىنقىلاپنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى ۋەتەن ـ
ۋاكىلىقلارغا ئاشكارە بولدى.

جاۋسى چىڭ يالىڭاچ گەدىنىنى كورسۇتۇپ كوچىدا كې ـ
تىپ بارغاندا، كورگەنلەر:

ـــ قاراڭلار! ئىنقىلاپچى كېلىۋاتىدۇ!... دەپ قاتتىق
ۋاقىرايتتى.

بۇ ۋاقىراشلار ئاQ نى ناھايىتى قىزغاندۇردى. شىيۇسەي چې ـ
چىنى تۇرۇۋاپتۇ دېگەن يېڭىلىقنى ئاڭلىغاندا، ئاQ نىڭمۇ
شۇنداق قىلىشى يادىغىمۇ كەلمىگەن ئىدى. لېكىن جاۋسى
چىڭنىڭ چېچىنى تۇرىۋالغانلىقى ئاQ نى: بۇ يېڭىلىق ـ ئوزلەش ـ
تۇرۇشكە لايىق يېڭىلىق ئىكەن دېگەن ئويغا كەلتۇردى. ئۇ
چېچىنى چوكا بىلەن چوققىسىغا تۇردى ۋە خېلى ۋاختىقىچە
ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاخىرى ئوزىنى توختىتىپ، كو ـ
چىغا چىقتى.

ئوتۇپ كېتىپ بارغانلار ئۇنىڭغا قارىسىمۇ، كەينىدىن ھېچ ـ
نىمە دەپ ۋاقىرىمايتتى. ئاۋال ئاQ بۇنىڭغا خاپا بولدى، كېيىن
ناھايىتى تېرىكىپ كەتتى.

ئاخىرقى ۋاختىلاردا، ئاQ نىڭ تۇرمۇشى ئىنقىلاپتىن ئىلگىر ـ
كىگە قارىغاندا يامان بولمىسىمۇ، ئۇ ئوڭايلا تېرىكىپ قالاتتى.
ئاQ بىلەن ئۇچراشقانلار ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلاتتى، مەي دۇ ـ

كىشىنىڭ ئىگىسى مەي ئۇچۇن نەخ تىيىن سورىمايتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ كوڭلى ئاغرىپ ژۇرەتتى: ئىنقىلاپ بولغان بىلەنمۇ ھەممە نەرسە بۇرۇنقىدەكلا! مۇنداق بولۇشى مۇمكۇن ئەمەس! ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ، شياۋ D بىلەن ئۇچرۇشۇپ قېلىپ، ئاچچىغىدىن يېرىلىپ كېتىشكە ئاز قالدى: شياۋ Dمۇ چېچىنى چوكا بىلەن تۇرۇۋاپتۇ. ئاQ شياۋ D نى مۇنداق قىلىدۇ دەپ، ھېچقاچان ئويلىمىغان ئىدى. ئۇ مۇنداق ئەدەپسىزلىككە چىدالمىدى. شياۋ D! نىمە ئۇ؟ ئاQ نىڭ دەررۇ ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ چوكىسىنى سۇندۇرۇپ، چېچىنى چۇگۇۋەتكۇسى ۋە ئۇنىڭ ئوزىنىڭ ئېتىۋارسىز كېلىپ چىقىشىنى ئۇنتۇپ، ئىنقىلاپچى بولۇۋالغىنى ئۇچۇن، كاچىتىغا نەچچىنى قويغۇسى كېلىپ كەتتى. لېكىن بىر ئاز ئويلۇنۇپ، شياۋ Dنىڭ ئەدەپسىزلىگىنى كەچۈردى-دە، كوزىنى بىر ئالايتىپ قاراپ، تۇكۇرۇۋەتتى.

ئاخىرقى كۇنلەردە پەقەت «ئەجنەبى شەيتان»لا شەھەرگە بېرىپ كەلدى. شيۇسەي جۇيرىنىنىڭ ئامانەت ساندۇقلىرىنى باھانە قىلىپ، جۇيرىن جاناپلىرىنى كورگىلى شەھەرگە بارماقچى بولۇۋېدى، لېكىن ئوزىنىڭ تۇرۇۋالغان چېچىنى يوقۇتۇپ قويۇشتىن قورقۇپ، بۇ سەپەرنى كېيىنگە قويدى. ئۇ، جۇيرىنگە «سىرىق كۇنلۇك»* شەكلىدە خەت يېزىپ، ئاپىرىپ تاپشۇرۇش

* «سىرىق كۇنلۇك» شەكلىدىكى خەتلەر ژۇقۇرقى ئورۇندا ئولتۇرغان شەخسلەرگە يېزىلاتتى. بۇ خەتتىكى سوزلەر ئېچىلغان كۇنلۇك شەكلىدە يېزىلىدۇ.

ئۇچۇن «ئەجنەبى شەيتان»غا بەردى. خەتتە ئۇ ھۆرىيەت پارتىيىسىگە ئوتتۇشكە كىيىلىك سوراپ يازغان ئىدى. «ئەجنەبى شەيتان» قايتقاندا شىيۇسەيدىن تورت دوللار ئالدى، شىيۇسەي بولسا، ئۇنىڭ شاپتۇل شەكلىدىكى ئىزنىسىگىنى ئالدى ۋە ئۇنى مەيدىسىگە قادىۋالدى. پۈتكۈل ۋىجۇاڭلىقلار ھەيران بولۇپ، «ھۆرىيەت»* پارتىيىسىنىڭ نىشانى خانلىن** ئۇنىۋاندىن كام بولمىسا كېرەك دېيىشتى. بۇ دەۋرەم جاۋ ھەزرەت ئوزىنىڭ ئوغلى شىيۇسەي بولغان ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئارتۇق ھۆرمەتكە ئىگە بولدى. ئۇ ناھايىتى تەكەببۇر ۋە ئەتراپتىكىلەرنى زادىلا كوزگە ئىلماس بولۇپ كەتتى. ئاQغا بولسا، قاراپمۇ قويماس بولدى.

بۇ بولۇۋاتقان ۋەقەلەر ئاQنى غەزەپلەندۈرەتتى، ئۇكوپتىن بىرى ئوزىنىڭ يالغۇزلىقىنى سېزىپ ژۈرەتتى، شىيۇسەينىڭ «كومۈچ شاپتۇل» قادىۋالغىنىنى ئاڭلىشى بىلەن دەررۇ ئوزىنىڭ يالغۇزلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى: ئىنقىلاپچى بولۇش ئۇچۇن ئىنقىلاپقا قوشۇلۇمەن دېيىش، چېچىنى تۇرۇۋېلىش كىپايە ئەمەس ئىكەن. ئەڭ ئاساسىي نەرسە — ئىنقىلاپچىلار بىلەن تونۇشۇش كېرەك ئىكەن. ئاQ بولسا، ئوز ئومرىدە ئۇلارنىڭ ئىككىسىنىلا

* بۇ يەردە «ھۆرىيەت» دېگەن سوز بەزى ساددا ئادەملەرنىڭ ئاغزىدا بۇزۇلغانلىقىنى كورسۇتۇدۇ.

** خان لىن — ژۇقۇرى ئىلمىي دەرىجە.

كوردى: بىرى ــ ھېلىقى شەھەردە بېشى چېپىلغان كىشى؛ يەنە بىرى ــ ھېلىقى «ئەجنەبىي شەيتان». ئاQ نىمە قىلارىنى بىلمەي، دەررۇ «ئەجنەبىي شەيتاننىڭ» يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى بولدى.

بەختكە يارىشا، چەن ھەزرەتنىڭ ئۆيىنىڭ دەرۋازى ئوچۇق ئىدى؛ ئاQ ئاستا كىردى، بىراق شۇ زامانىلا قورقۇپ كەتتى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاپ ــ قاراكىيىم كېيگەن، ــ ئېھتىمال چەتئەل كەستۇمى بولسا كېرەك، ــ «ئەجنەبىي شەيتان» تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ مەيدىسىدە «كۇمۇچ شاپتۇل»، قولىدا قاچاندۇر بىر ۋاختىتا ئاQ دۇمبا يېگەن تاياق. «ئەجنەبىي شەيتاننىڭ» ئوسۇپ قالغان چېچى دۇمبىسى بىلەن مۈرىلىرىگە چۇشۇپ، چۇگۇلۇپ، ئۇنى دەرۋىش لوخەيگە ئوخشۇتۇپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا جاۋبەيىيەن بىلەن يۇچۇن 3 كىشى تۇراتتى. ئۇلار چوڭ ئىززەت بىلەن ئۇنىڭ سوزىنى تىڭشىماقتا ئىدى.

ئاQ تۇيغۇزماي كىرىپ، جاۋ بەيىيەننىڭ كەينىگە ئوتتۇۋالدى؛ ئۇ، خۇجايىنغا مۇراجىەت قىلماق بولۇۋىدى، لېكىن نىمە دېيىشنى بىلمىدى: «ئەجنەبىي شەيتان» دېيىش كېرەكمۇ؟ ياق، بۇ، ئەلۋەتتە، ياردىمايدۇ؛ «چەتئەللىك» ــ بولمايدۇ؛ «ئىنقىلابچى» دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. بەلكى «ئەجنەبىي جاناپ» دېسەمىكىن؟ «ئەجنەبىي جاناپ» شۇۋاختىقىچە ئاQ نى كورمەي، كوزلىرىنى چەكچەيتىپ، روھلانغان ھالدا ۋالاقلىماقتا ئىدى:

—...مەن چوست ئادەم. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا، مەن ئۇنىڭغا توغرىدىن - توغرى: «يولداش خۇن، *باشلىشىمىز كېرەك!» - دېدىم. لېكىن ئۇ«No!» ** دەپ تۇرۇۋالدى. بۇچەتتىلدىن ئېلىنغان سوز، سىلەر ئۇنىڭغا، ئەلۋەتتە، چۈشەنمەيسىلەر! ئەگەر مۇشۇ سوز بولمىسا، بىز ئاللىقاچان ييگىپ چىققان بولار ئىدۇق... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىشتا ناھايىتى ئېهتىياتچىلىق... ئۇماڭا خۇبىگە بارغىن دەپ نەچچە قېتىم ئېيتقان، لېكىن مەن ئۇنۇمىدىم، شۇنداق تۇرۇپ كىمنىڭ بۇنداق كىچىك جايدا ئىشلىگىسى كېلىدۇ؟...

ئا Q «ئەجنەبى جاناپ» سوزىنى تۇگەتكىچە كۈتۈپ تۇرۇپ، ئەيمىنمەستىنلا «ھىم!» دېدى، لېكىن، نىمىشكىدۇر، بۇ دۇرەممۇ ئۇنى «ئەجنەبى جاناپ» دەپ ئاتىمىدى. تىڭشاپ تۇرغان تورتى چوچۇپ كەينىگە قارىدى ۋە ئا Q نى كوردى:

—نىمە دەيسەن؟

—مەن...

—يوقال نېرى!

—مەن ئىنقىلاپچىلارغا قوشۇ...

— يوقال!...—دەپ «ئەجنەبى جاناپ» ئۇنىڭغا «ماتەم ھا-

* خۇن - ئۇچاڭ قوزغىلىڭىداخۇبېي ئارمىيىسىگە قوماندان بولغان لى يۈەنخۇڭ بولسا كېرەك.

** No - ئېنگلىزچە «ياق» دېگەن سوز.

سىسىنى» كوتەردى. جاۋ بەيیەن ۋە يوچۈن كىشىلەر:

—جاناپ سېنى كەت داۋاتىدۇ، نىمشكە ئىتائەت قىلمايسەن!—دەپ ۋاقىراشتى.

ئاQ قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ، ئوزىــنى يوقاتقان ھالدا داۋۋز تەرەپكە ئېتىلدى، لېكىن «ئەجنەبى جاناپ» كەينىدىن قوغلاپ ماڭمىدى. ئاتمىش چامدامچە ژۈگەرگەنــدىن كېيىن، ئاستامېڭىپ كەتتى. شۇچاغدا قايغۇ ھەسرەت ئۇنىڭ ژۈرىگىنى قىسىپ ئالدى؛ «ئەجــنەبى جاناپ» ئۇنــڭغا ئىنقىلاپقا قوشۇلۇشقا رۇخسەت قىلمىدى، ئەمدى ئۇنىڭ باشقا ھېچبىر ئامالى يوق ئىدى. شۇكۈندىن باشلاپ، ئاQ ئاقفالپاق ۋە ئاق ساۋۇت كىيگەن كىشىلەر كېلىپ، مېنى چاقىرىۋالىدۇ دېگەن ئۇمۇتىنىمۇ قىلمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، ئۇمۇت-ئىنتىلىشلىرى ۋە پۈتكۈل ئىستىقبالى تاياقــنىڭ تېگىشى بىلەنلا تامام بولدى.

بىكار تەلەپلەرنىڭ بۇ خەۋەرنى خەلققە تارتىپ، شياۋD بىلەن ساقاللىق ۋاڭغا ئوخشاش ئادەملەرگە زاڭلىق قىلىپ كۇلۇش مۇمكۈنچىلىگىنى بېرىدىغانلىغىمۇ ئانچىلا ئەھمىيەتكە ئىــگە ئەمەس ئىدى. ئاQ ھېچقاچان مۇنداق ئۇمۇتسىزلىككە دۇچار بولمىغان. ئۇ ئوزىنىڭ تۇرۇۋالغان چېچىنىمۇ كوڭۇلسىز بولدى ۋە چېچىنى تۇرگەنلەرگە ئوچ بولۇپ كەتتى. ھەممىنىڭ زىتىغا ئۇ چېچىنى شۇ زامانلا چۇگۇۋەتمەكچى بولدى. لېكىن نىمشكىدۇر ئۇنداق

قىلمىدى. كەچكىرگىچە كوچا كېزىپ ژۈرۈپ، قەرزگە ئىككى پىيالە مەي ئىچىۋەتتىدە، يېگىلىۋاشتىن خوش كەيپكە كەلدى. ئۇنىڭ كوزىگە ئاق ساۋۇت ۋە ئاق قالپاق كېيگەن ئادەملەرنىڭ غۇۋا يوسۇنلىرى يەنە كورۇنۇشكە باشلىدى.

ئۇ مەي دۇكىنى يېپىلغاندىن كېيىن، ئىبادەتخانىغا قايتىپ كەلدى.

تۇيۇقسىز كوچا تەرەپتىن پوجاڭزا تاۋۇشىغا ئوخشىمايدىغان «بوم!» دېگەن ئەجەپ بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ۋاڭ-چۇڭ ۋە ھەر تۈرلۈك ۋەقەلەرنى ياخشى كورۇدىغان ئاQ شۇ زامان قاراڭغۇغا ئىنتىلدى. ئالدىدا بىر نەچچە كىشىنىڭ ماڭغان تىۋىشى ئاڭلانغاندەك بولدى، كېيىن يېنىدىن بىرى ژۈگرەپ ئوتۈپ كەتتى. ئاQ كەينىگە بۇرۇلۇپ شۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ژۈگەردى. ھېلقى ئادەم چەتكە بۇرۇلدى، ئاQ مۇ بۇرۇلدى. ئۇ توختۇۋىدى، ئاQ مۇ توختىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يېقىنلىشىپ كېلىپ، ئۇ ئادەمنىڭ شياۋD ئىكەنلىگىنى بىلدى.

—نېمە بولدى؟—دەپ ئاچچىغى بىلەن سورىدى ئاQ.

—جاۋ...جاۋ ھەزرەتنىڭ ئويىنى بۇلاۋاتىدۇ...—دېدى D ھەسرەپ تۇرۇپ.

ئاQ نىڭ ژۈرىگى دۈپۈلدەپ كەتتى. شياۋD تۇيۇقسىز قاراڭغۇلۇقتا غايىپ بولدى. ئاQ مۇ قاچاي دېۋىدى، لېكىن توختاپ قالدى. ئەسلى «كوپنى كورگەن»، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەد-

دىدىن تاشقىرى ژۇرەكلىك ئادەم بولغاچقا كوچىنىڭ بۇرجە-
كىگىچە يېتىپ باردىدە، دىققەت بىلەن قاراپ، ئاق قالپاق ۋە
ئاق ساۋۇتلار كىيىگەنلەرنىڭ ساندۇقلارنى، ئوي ۋە جابدۇق-
لىرىنى ۋەنكيۇ شەھرىنىڭ كارۋىنىنى ئەپچىقىۋاتقانلىقىنى كور-
گەندەك بولدى (ئەمما ئۇ ئوچۇق كورەلمىدى). ئۇ يېقىنراق
بارماقچى بولۇۋىدى، لېكىن ئايىغى ئالغا باسمىدى.

بۇكېچىسى ئاي يوق ئىدى ۋە قاراڭغۇلۇقتا شۇنداق جىم-
جىتلىق ھوكۇم سۇرەتتىكى، گويا فۇشى* پادىشانىڭ زامانى-
دىكى ئۇلۇق تېچلىق ۋاختىلىرى قايتىپ كەلگەندەك تۇيۇلات-
تى. ئاQ دەرمانى يەتكىچە قاراپ تۇردى، ئۇنىڭ كوز ئالدىدا
ساندۇقلارنى، ئوي-جابدۇق ۋەشيۇسەي ئايالنىڭ نىكيۇ شەھە-
رىدىن كەلتۇرۇلگەن كارۋىنىنى توشۇماقتا ئىدى. ئۇ ئوزكوزىگە
ئىشەنمىدى، لېكىن يېقىن بارماسلىققا قەتئىي سوز بەردىدە
ئاخىرى ئوز ئىبادەتخانىسىغا يېنىپ كەلدى.

ئىبادەتخانە قاپ-قاراڭغۇ ئىدى. ئاQ دەرۋازىنى مەككەم
بېكىتىپ، سىپاشتۇرۇپ ژۇرۇپ، ئوز ھوجۇرسىغا كىردى. بىر
ئاز ياتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كوڭلى ئىمىن تاپتى... شۇنداق
قىلىپ، ئاق قالپاق ۋە ئاق ساۋۇت كىيىگەن كىشىلەر كەپتۇ،
لېكىن مېنى قىچارماپتۇ؛ ئۇلار نۇرغۇن ياخشى جابدۇقلارنى تو-

* فۇشى - ھىكايىدە ئېيتىلىپ ژۇرگەن جۇڭگو پادىشاسى، ئۇنىڭ ھو-
كۇم سۇرگەن دەۋرى «ئالتۇن ئەسىر» دەپ ھېساپلىناتتى.

شۇپ كەتتى ، لېكىن ماڭا ھېچنېمە تەگمىدى...ھەممىگە سە-
ۋەپ - قاغىش تەككۈر «ئەجنەبى شەيتاننىڭ» ماڭا ئىنقىلاپقا
قوشۇلۇشقا رۇخسەت بەرمىگىنى...

ئاQ بۇ توغرۇلۇق قانچە ئويلىسا، شۇنچە تېرىكەتتى ۋە ئا-
خىرى كۆڭلى غەم - قايغۇغا تولدى. ئاچچىغىدا ئۇ بېشىنى بىر-
سىلكىپ ۋاقىرىۋەتتى:

— خەپ ئىنقىلاپ ماڭا بولمايدىمۇ، سىلەرگە بولۇدىكەندە؟
توختا سېنى. «ئەجنەبى شەيتان»! سەن ئىسيانچى، ئىسيانچى-
لارنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ! مانا توختا، مەن خەۋەر قىلىپ
قويايچۇ...كوردمىز شۇچاغدا، يامۇلغا سولاپ، جاڭ جۇڭ كال-
لاڭنى چېپىۋېتىدۇ...پۈتكۈل ئائىلەڭنىڭ بېشىنى چاپىدۇ!

## IX

## ئاقىۋەت

جاۋ ئويىنىڭ بولۇنۇشى ۋېجۇاڭلىقلارنى بىر قەدەر قانائەت-
لەندۇردى. ئىككىنچى تەرەپتىن چوچۇتتى. ئاQمۇ شۇ ھالدا
ئىدى.

تورت كۈن ئوتكەندىن كېيىن، يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز
قولغا چۈشكەن ئاQ شەھەرگە ھايدالدى.

شۇ قاراڭغۇ كېچىسى بىر ئەترەد سولدات، بىر ئەترەد قوغ-

لدىغۇچى، بىر ئەترەد ساقچى ۋە بەش جاسۇس تۈننىڭ قاراڭ-
غۇلىغىدىن پايدىلىنىپ، ۋىجۇاڭ يېزىسىغا كىرىپ، ئىبادەتخانىنى
قورشاۋالدى؛ داۋۇزىنىڭ ئۇدۇلىغا پۇلېميوتىلىرىدىنى ئورناتتى.
ئاQ كورۇنمەيتتى. خېلى ۋاختقىچە ئەترەدلەر جايلىرىدىن قوز-
غالمىدى. ئاخىرى تاقەتسىزلەنگەن ئەسكەر بېشى، كىم بىرىنچى
بولۇپ ئاQ ياتقان جايغا بېسىپ كىرسە شۇنىڭغا ژىگىرمە مىڭ
ياماق مۇكاپات بېرىشنى مەلۇم قىلدى. قوغدىغۇچىلار ئەترە-
دىدىن ئىككى سولدات تامدىن ئارتىلىپ چۇشۇشكە ماقۇل بول-
دى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەترەدلەر كۈچلىرىنى بىر قىلىپ،
ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇيقۇلۇقتا ياتقان ئاQنى
تۇتۇۋالدى. پۇلېميوتنىڭ يېنىدىن سورەپ ئوتكەندىن كېيىنلا،
ئاQ ئويغۇنۇپ، ئوزىگە كەلدى. ئاQ نى شەھەرگە چۇشلەر بىلەن
ئېلىپ كەلدى. سولداتلار ئاQ نى بۇزۇلغان كونا يامۇلىنىڭ
5 ـ 6 تار ئىشىكلىرىنى ياندۇپ ئوتۇپ، بىر كاتەككە ئىتتىرىپ
كىرگۇزۇۋەتتى. ئۇ پۇتلۇشۇپ كەتتى، ئەمدى ئورنىدىن تۇرماقچى
بولۇۋاتقاندا، يونۇلمىغان تاختايدىن ياسالغان ئىشىك تارسلا قىلىپ
يېپىلىپ ئاQ نىڭ تاپىنىغا كېلىپ تەگدى. كاتەك دېرىزىسى
يوق تۇتاش تامدىن ئىبارەت ئىدى: قاراڭغۇلۇقتا كوزى ئوگۇ-
نۇشكە باشلىغان ئاQ بولۇڭدا ئولتۇرغان ئىككى ئادەمنى كوردى.
ئاQ نىڭ ژۇرىگى ئەنسىزچىلىك ھەسرىتى بىلەن سوقۇشقا
باشلىدى، لېكىن ئۇ ئانچە غەم يېمەيتتى، چۇنكى ئۇنىڭ ئىبا-

دەتـخانىدىكى هوجۇرىسى بۇنىڭدىن يورۇقمۇ ئەمەس، كەڭمۇ
ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ خوشنىلىرى ئىككى سەرالىق ژىگىت ئىدى.
ئاQ ئاستا ـ ئاستا ئۇلار بىلەن پاراڭ قىلىشقا كىرىشتى. ئۇلار-
نىڭ بىرى جۇيرىن جاناپ ئۇنى بۇۋىسىدىن قالـغان سىپىلىقنى
تەلەپ قىلىۋاتقىنىنى؛ ئىككىنچىسى بولسا، نىمە ئۈچۈن سولان-
غانلىغىنى ئۆزىنىڭمۇ بىلمەيدىغانلىغىنى ئېيتىپ بېرىشتى. ئەمدى
ئۇلار ئاQ دىن سورۇغاندا، ئۇ يوشۇرماستىن:

—چۈنكى مەن ئىنقىلاپقا قوشۇلماقچى بولۇۋېدىم، —دەپ
جاۋاپ بەردى.

شۇكۇنى كەچقۇرۇنلىغى ئاQ نى ھېلىقى كاتەكتىن سورەپ
چىقىپ، سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىشتى، بۇيەردە ئىشىكنىڭ ئۇدۇ-
لىدا بېشىنى تاپ ـ تاقىر قىلىپ پاقىرىتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن
بوۋاي ئولتۇراتتى. ئاQ بۇ بوۋاينى سوپىمىكىن دەپ ئويلىۋىدى،
لېكىن شۇ زامان سولداتلارنىڭ ئۇنى گۆزۈتۈپ تۇرغىنىنى كۆ-
رۈپ قالدى. يوغان زال ئىچىدە ئۇستىگە پېرىجە كېيىۋالغان
يەنە ئونچە ئادەم بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ چاچ-
لىرى بوۋاينىكىدەك چۈشۈرۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ خۇددى «ئەج-
نەبى شەيتانىنىكىدەك» ئۇزۇن چاچلىرى مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇ-
راتتى. ھەممىسىنىڭ چىرايىدىن زەھەر چىقىپ ئاQ غا يامان
كوز بىلەن قارايتتى. ئاQ ئالدىدىكى بوۋاينىڭ چوڭ ئەھمىيەتكە
ئىگە ئىكەنلىگىنى سەزدى-دە، پۇتلىرى ئىختىيارسىز پۇكلۇنۇپ،

تىزلىنىپ قالدى.

—ئورە تۇرۇپ سوزلە! تىز پۈكمە! — دەپ ۋاقىراشتى پىرىـ
جە كىيىگەنلەر. ئاQ ئۇلارنىڭ سوزىگە چۈشەندى، لېكىن ئورە
تۇرالمىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسى ئىختىيارسىز توۋەن تارتىپ تۇر-
غاندەك بولدى: ئاخىرى ئۇ يەنە تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى.

—پەس دىل ئادەم! — دېيىشتى نەپرەت بىلەن پىرىجە كىيىـ
گەنلەر، لېكىن ئۇنى يېڭىۋاشتىن ئورە تۇرغۇزۇشقا ھەركەت
قىلىشمىدى.

تاقىر باش بوۋاي ئاQ نىڭ يۈزىگە توغرى قاراپ تۇرۇپ:

—بولغان ۋەقەنى راستى بىلەن ئېيت! راستلىقنى ئېيتىـ
شىڭ بىلەن، ئوزەڭنىڭ گۇناھىڭنى يېنىكلىتىسەن. ماڭا ھەممىـ
سى مەلۇم. ئىقرار كەلسەڭ ـ قويۇۋېتىمىز، — دېدى ئاستا، لېكىن
ئۇقۇملۇق ئاۋاز بىلەن.

—ئىقرار كەلگىن! — دەپ ۋاقىراشتى پىرىجە كىيىگەنلەر.

—مەن راستىنى ئېيتاي... مېنىڭ... مېنىڭ ئىنقىلاپقا قوشۇلـ
غۇم... — دەپ دۇدۇقلىدى مەڭدەپ كەتكەن ئاQ .

—نېمىشكە قوشۇلمىدىڭ؟ — دەپ تېخىمۇ سىلىق يوسۇندا
سورىدى بوۋاي.

—«ئەجنەبى شەيتان» رۇخسەت قىلمىدى...

—يالغان ئېيتىسەن! ئەمدى ئالداپ قۇتۇلالمايسەن... قېنى
سېنىڭ يولداشلىرىڭ؟

— نىمە؟...

— جاۋنىڭ ئۆيىنى بۇلىغان شىرىكلىرىڭ نەدە؟

— ئۇلار مېنى چاقىرمىدى. ھەممىسىنى ئۆزلىرى ئېلىپ كېتىپتۇ. — ئەلەم بىلەن جاۋاپ بەردى ئاQ.

— ئۇلار نەگە كەتتى؟ ئېيتىپ بەرسەڭ، بىز سېنى قويۇۋېتىمىز — دېدى. بوۋاي تېخىمۇ سىلىغىراق.

— ھەي تاڭ، ئۇلار مېنى چاقىرمىدى...

ئاQ بۇ سوزنى ئېيتقاندا، بوۋاي بېشى بىلەن ئىشارەت قىلدى ۋە بىر مىنۇتتىن كېيىن، ئاQيەنە ھېلىقى كاتەككە بېرىپ چۈشتى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ئاQ نى يەنە كەڭ زالغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ يەردە ھەممە نەرسە تۇنۇگۈنكىدەك ئىدى. ئىگىز جايىدا شۇ تاقىرباش بوۋاي ئولتۇراتتى؛ ئاQ يەنە تىز پۈكۈپ ئولتۇردى.

— يەنە نىمە گەپ - سوزۇڭ بار؟ — دەپ سىلىق-لىق بىلەن سورىدى ھېلىقى بوۋاي.

ئاQ بىر ئاز ئويلىنىپ قارىدى، لېكىن ھېچ سوز تاپالمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ:

— يوق! — دەپ جاۋاپ بەردى.

پىرىنجە كېيگەنلەرنىڭ بىرى قەغەز ئېلىپ كەلدىدە، يازىدىغان قەلەمنى ئاQ نىڭ قولىغا تۇتقۇزماقچى بولدى، ئاQ

قورققىنىدىن، ژۇرىگى يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالدى، چۈنكى ئۇ قولىغا قەلەم تۇتارمەن دەپ ھېچقاچان ئويلىمىغان ئىدى ۋە ئۇقەلەم تۇتۇشنىمۇ بىلمەيتتى؛ ھېلىقى كىشى قەغەزدە جاي كۆرسۈتۈپ قول قويۇشقا بۇيرىدى.

ئۇ مەڭدىگەن ھالدا قولىدىكى قەلەمنى ئەپسىز تۇتۇپ تۇرۇپ:

—مەن...مەن...يېزىشنى بىلمەيمەن، —دېدى.

—ھاجىتى يوق. بىلمىسەڭ، چەمبەرسىزىق سىزساڭ بولدى!

ئاQ چەمبەر سىزىق سىزماقچى بولىۋىدى، لېكىن قوللىرى تىترەپ كەتتى؛ ھېلىقى ئادەم قەغەزنى يەرگە يايىدى، ئاQ ئېڭىشىپ تۇرۇپ بارلىق كۈچىنى ژىغىپ، چەمبەر سىزىشقا كىرىشتى. ئۇ كورگەنلەرنىڭ زاڭلىق قىلىشىدىن قورقۇپ، پۈتۈنلەي دىققىتىنى جەملەپ تۇرۇپ، دۈپ-دۈگىلەك قىلىپ ياساشقا تىرىشاتتى، لېكىن كاساپەت قەلەمنىڭ ئېغىرلىغى بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇ زادىلا بېقىنمايدىغان گېزەندە بولۇپ چىقتى. تىترەك بېسىپ، ئەمدى چەمبەر سىزىپ بولاي دېگەندە، قەلەمنىڭ ئۇچى بىر ياققا تېيىلىپ، قىيپاچ چىقىپ كەتتى ۋە چەمبەر قوغۇننىڭ ئۇرۇغىغا ئوخشاپ قالدى.

ئاQ چەمبەر سىزىق ياسالمىغىنىغا ئىزا تارتىپ كەتتى، لېكىن ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا ھېچ كوڭۈل بولمەستىن قەغەز ۋە قەلەمنى قولىدىن تارتىپ ئالدى؛ كېيىن ئاQ نى زالدىن سورەپ چى-

قىلىپ، يەنە قاراڭغۇ كاتەككە ئاپىرىپ سولاپ قويىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم سولانغان ئاQ ئانچىلاغەم يېمىدى. بۇ دۇنيادا ئادەمنى بەزىدە ئاللىقايەرگە كىرگۈزۈش-نى ۋە ئاللىقايەردىن سورەپ چىقىرىشنى — ئۇ ئادەتتىكى ئىش، لېكىن چەمبەرنىڭ سىزىق بولۇپ قېلىشى، بارلىق «نامە-ئەمالىغا» داغ كەلتۈرۈش مۇمكىن دەپ ئويلايتتى ئۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى بېسىلىپ: «لېكىن مې-نىڭ نەۋرىلىرىم چەمبەرنى دۈپ-دۈگىلەك قىلىپ ياسىيالىغان بولىدۇ...» دەپ ئويلىدىدە، ئۇيقىغا كەتتى.

لېكىن جۈيرىن جاناپ شۇكۈنى كېچە زادىلا ئۇخلىمىدى: ئۇمىگبىشى بىلەن بىر ئاز سۆز تالىشىپ قالغان ئىدى. جۈيرىن جاناپ ئەڭ ئاۋال ئوغۇرلانغان ساندۇقلىرىنى تېپىشنى تەلەپ قىلاتتى، مىگبىشى بولسا، سازايى قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ جۈيرىن جاناپنى زادىلا كۆزىگە ئىلماس بولۇپ قالدى؛ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە ئۇستەلنى مۇشتۇمى بىلەن ئۇرۇپ، ئاخىرى:

— بىرىنىڭ ئەدەبىنى بېرىش—يۈزىنى قورقۇتۇش دېگەن گەپ! مانا قارا، مېنىڭ ئىنقىلابچى بولغىنىمغا ژىگىرمە كۈن بولدى، شۇ ئارىلىقتا ئوندىن ئارتۇق بۇلاڭچىلىق يۈز بەردى ۋە تېخى ئۇلارنىڭ بىرىمۇ تېپىلمىدى... بۇ مېنىڭ ئابرۇيۇمغا قانداق تەسىر قىلىش مۇمكىن؟ ئاران مەن بىر جىنايەتچىنى

تۇتۇۋالغاندا، سەن ماڭا كاشلا قلسەن. قوي ئەمدى! مەن نمە قلشنى ئۆزەم بلمەن! ــ دېدى.

جۇيرن جاناپنڭ ئۇنڭ بلەن سۆز تالاشمغى ناھايتى تەس بولدى، لېكن ئۇ ئۆز پكرىدە مەككەم تۇرۇپ: ئەگەر ساندۇقلرم تېپلمايدغان بولسا، يېڭى خزمتمدن ــ ئچكى ئشلار ئدارسدكى مۇئاۋنلق ۋەزپسدن باش تارتمەن دېدى. بۇنڭغا مكېيشى:

ــ مەرھەمەت! ــ دەپ جاۋاپ قايتۇردى.

مانا مۇشۇ سەۋەپلەرگە بنائەن، جۇيرن جاناپ كېچچە ئۇخلماي چقتى. لېكن ئەتسى ئۆزنڭ يېڭى خزمتدنمۇ باش تارتمدى.

جۇيرن جاناپنڭ ئۇيقۇسز ئۆتكەزگەن كېچسنڭ ئەتەگەنلگى ئاQ نى يەنە بر قېتم كاتنگدن سورەپ چقشتى. كەڭ زالنڭ ئچدكى ئگز جايدا ھېلقى تاقر باش بوۋاي ئولتۇراتتى، ئاQ يەنە تز پۇكۇپ ئولتۇردى.

بوۋاي سلقلق بلەن:

ــ يەنە قوشۇمچە سۆزۈڭ بارمۇ؟ ــ دېدى.

ئاQ بر ئاز ئويلاندى، لېكن ئۇنڭ باشقا ئېيتدغان سۆزى يوق ئدى. شۇنڭ ئۈچۈن:

ــ يوق! ــ دەپ جاۋاپ بەردى.

پېردجە ۋە كالتە چاپان كېيگەن ئاللقانداق كشلەر ئاQ

نىڭ يېنىغا كېلىپ، قارا خەتلەر يېزىلغان بىر پارچە چەتئەل
رەختىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئاستى. ئاQ ناھايىتى رەنجىدى،
چۈنكى بۇ ھادىسە ماتەمگە ئوخشايتتى، ماتەم بولسا يامانلىق-
نىڭ بەلگىسى. ئۇنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا باغلاپ، ياموُلدىن
تالاغا ئېلىپ چىقىشتى، سورەپ ھارۋىغا سېلىپ، بىر نەچچە
كالتا چاپان كىيگەن ئادەملەر ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇشتى. ھار-
ۋۇ دەررۇ مېڭىپ كەتتى. ئالدىدا چەتئەل مىلتىقلىرىنى تۇت-
قان ئەسكەرلەر بىلەن قوغدۇغۇچىلار ئەترىدى كېتىپ باراتتى.
كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تاماشىبىنلار تولغان ئىدى. كەينىدە
نىمە بولىۋاتقىنىنى ئاQ كورەلمىدى. شۇ زامان ئاQغا: «بۇلار
مېنى چېپىشقا ئېلىپ كېتىپ بارامدۇ-نىمە؟» دېگەن خىيال
كەلدى. ئۇنىڭ كوزلىرى قاراڭغۇلۇشۇپ، قۇلاقلىرى پۇتۇپ،
ھوشىدىن كەتكەندەك بولدى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ
بېشىغا، بۇ دۇنيادا ئادەم بالىسىنىڭ ئولۇم جازاسىدىنمۇ قۇتۇ-
لالمايدىغان پەيتى بولۇدۇ، دېگەن ئوي چۈشتى.

ئاQ يولنى ياخشى بىلەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنى جازا جايىغا
ئېلىپ كېتىپ بارغانلىقىغا ھەيران قالدى. ئاQ كوچىلاردا
سازايى بولۇپ ژۇرۇشلىرىنى تېخى ئوزى چۈشەنمىگەن ئىدى.
چۈشەنگەن ھالەتتىمۇ بەربىر ئۇ: بۇ دۇنيادا بەزىدە ئادەم
بالىسى شۇنداق مىنۇتلارغىمۇ دۇچار بولۇدۇ...... دەپ ئويلىغان
بولار ئىدى.

ئاخىرى ئۇ، بۇ ئەگىر - توقاي يولـلارنىڭ جازامەيـدانىغا
ئېلىپ بېرىشىنى بىلدى، ئۇ يەرگـە بارغانـدىن كېيىن كالـلا
كېتىدۇ...

ئۇ هاڭتاڭ بولۇپ يان - يېنىغا قارايتتى. ھەممە ياقتا خۇد-
دى چۇمۇلىدەك ئادەملەر مىغىلـدىشىپ ژۇرەتتى، ئا Q تۇيۇق-
سىز يولنىڭ چېتىدە، توپنىڭ ئارىسىدا كېلىۋاتقان ئۇمانى كو-
رۇپ قالدى. ئۇلار كورۇشمىگىلى خېلى ۋاختىلار بولغان ئىدى.
«ھە، ئۇ، شەھەردە ئىشلەيدىكەندە!» دەپ ئويلىدى ئا Q.

بىردىن ئا Q شۇ كەمگىچە ئوز باتۇرلىغىنى كورسۇتۇپ، بىرمۇ
ناخشا ئېيتمىغىنىغا ئىزا تارتىپ قالدى. ھەر خىل ئويلار ئۇنىڭ
بېشىدا قۇيۇندەك ئايلىنىپ كەتتى: «ياش ئاززىل قەبرىدە»...
ياق بۇ ئانچە ھەيۋەتلىك ئەمەس؛ «يولـۋاس بىلەن ئەژدىـھار
چەڭلىرى» ، «مەن سېنى ئايايـمەن» ... ياق بۇمۇ كۇچـلۇك
ناخـشا ئەمەس. «قولۇمـدا سىم قامچا» چۇ؟ـــ مانا بۇ توغرى
كېلىدۇ... ئا Q ئەمدى قولىنى كوتۇرەي دېۋىدى، قولـىنىڭ
باغلاقلىقلىغى يادىغا چۇشتى ۋە ناخشىنىمۇ ئېيتمىدى...

ـــژىگىرمە ژىـل ئوتكەندىن كېيىن يەنە بىرسى ...ـــ ئا Q
شۇ جىددىي پەيتتە، ھېچقاچان قىلمىغان سوزنى بىردىنلا «دىلى
يورۇپ كەتكەندەك» سوزلىدى.

كوپچىلىك ئارىسىدىن بەجايىكى بورىنىڭ هۇلىشىغا ئوخشاش:
ـــ يارايسەن!!!ـــ دېگەن سوزلەر ئاڭلاندى. هارۋۇ ئىلگـ

رىلمەكتە ئىدى. كوپچىلىكنىڭ ماختاشلىرى ئاستىدا ئاQ كوزلىرى بىلەن ئىزلەپ ئۇمانى تاپتى؛ لېكىن ئۇ ئاQغا سەپ-سالماستىن، قوللىرىغا چەتئەل مىلتىقلىرى تۇتۇۋالغان ئەسكەرلەرگە قاراپ قالغان ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاQ ۋاقىرىشىپ كېلىۋاتقان كوپچىلىككە قارىدى.

نەچچە تۇرلۇك ئوي-خىيالدىن ئۇنىڭ بېشى گاڭگىراپ كەتتى. ئۇ بۇنىڭدىن تورت ژىل ئىلگىرى تاغ باغرىدا ئاچ بورىنى ئۇچراتقان ئىدى؛ بورە ئۇنىڭ كەينىگە چۇشۇۋېلىپ، ئۇنى يەۋەتمەكچى بولغان ئىدى. مانا شۇ چاغدا ئاQ ناھايىتى قورققان. بەختىگە، قولىدا پالتىسى بولۇپ، ئۇ پالتا ئاQغا مەدەت بېرىپ، ئامان-ئىسەن ۋىجۇاڭغا يېتىۋالغان ئىدى. لېكىن بورىنىڭ خۇددى ئالۋاستىنىڭ كوزلىرىگە ئوخشاش يېنىپ تۇرغان رەھىمسىز ئىككى كوزى ئاQ نىڭ ژۇرىگىدە ئۇنتۇلمايدىغان ئىز قالدۇرغان ئىدى. ئەمدى مانا كوپچىلىككە قاراپ، بار بەدىنىدىن ئوتۇپ، دىلىنى پارە-پارە قىلىۋاتقان دەھشەتلىك كوزلەر، بۇ كوزلەر ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي، ئۇنىڭ سوزلىرىنى يەپ بولۇپ ئەمدى ئىزىنى يېمەكچى بولۇۋاتقاندەك كورۇنەتتى. بۇ كوزلەرنىڭ ھەممىسى ئاجايىپ قورقۇنۇچلۇق بىر كوزگە ئايلىنىپ، توپ-توغرى ئاQ نىڭ ژۇرىگىگە قادىلاتتى.

ئاQ «قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار!» دەپ ۋاقىرماقچى بولدى. لېكىن

ۋاقىرمىدى، چۇنكى ئۇنىڭ كوزلىرى قاراڭغۇلۇشۇپ، قۇلاقلىرى زىڭىلداپ كەتتى، گويا بارلىق بەدىنى توزىغان چاڭدەك ئۇچۇپ كەتكەندەك بولدى...

بۇ ۋەقەنىڭ ئاقىۋىتىگە توختايلى. ئەڭ چوڭ كېلىشمەسلىك جۇيرىن جاناپنىڭ بېشىغا كەلدى: ئوغۇرلانغان ساندۇقلارنىڭ بىردىمۇ تېپىلمىدى، بارلىق ئائىلىسى ژىغلاپ، قايغۇ - ھەسرەت چەكتى. جاۋ ھەزرەتنىڭ ئائىلىسىگىمۇ چوڭ كېلىشمەسلىك كەلدى: شيۇسەي شەھەرگە كېتىپ بارغاندا (ئۇ ھوكۇمەتكە شىكايەت قىلماقچى ئىدى) دەھرى ئىنقىلاپچىلار ئۇنىڭ چېچىنى قىرقىۋەتتى، جاۋ يەنە ئۇ ئىنساپسىزلارغا ژىگىرمە مىڭ ياماق تەقدىم قىلىشقا مەجبۇر بولدى؛ شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭمۇ ئائىلىسى قايغۇغا، ھەسرەتكە چوككەن ئىدى. شۇ كۇندىن باشلاپ ئۇلار بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلار قاتارىغا ئوتۇشكە باشلىدى.

كوپچىلىكنىڭ پىكرىنى ئالساق، ۋىجۇاڭدا ھەممىسى بىر ئېغىزدىن، ئەلۋەتتە، ئا Q نى ئېيىپلىك دەپ ھېساپلايتتى. چۇنكى ئا Q نىڭ ئولۇم جازاسى - ئۇ پىكرىگە شۇبھىسىز دەلىل ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭدا گۇنا بولمىسا، ئۇ ئولۇم جازاسىغا تارتىلارمىدى؟ شەھەر جامائىتىنىڭ پىكرى ئۇنى ياخلىمايتتى. خەلقىنىڭ ھەممىسى دېگىدەكلا ئا Q نىڭ ئولتۇرۇلۇشتىكى تاما-

شىفا رازى بولمىدى، چۈنكى ئۇلار ئۈچۈن ئېتىپ ئولتۇرۇش، باش چېپىشتەك قىزىق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قانداق جىنايەتچى! كوچىلاردا شۇنچە سازايى قىلىنسىمۇ، بىرمۇ ناخشا ئېيتمىدى! بىكاردىن ــ بىكار ئۇنىڭ كەينىدىن ژۈرۈپ ئاۋارە بولۇپ، ۋاختىمىزنى يوقۇتۇپتىمىز...

1921 ــ ژىل، دېكابىر.

# ياز بايرىمى[1]

فاڭشۇەنچاۋ كېيىنكى ۋاقىتلاردا: «پەرقى چوڭ ئەمەس»، دەپ ئېيتىشنى ياخشى كورۇدىغان بولـدى ، بۇ ئىبارە ئۇنىـڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان بولۇپ قالـدى. ئۇ بۇ سوزنى ھېمىشەم تەكرارلايتتى ۋە بۇ سوز ئۇنىڭ مىڭىسىگە مەككەم ئورۇنلۇشۇپ قالدى .

ئاۋال ئۇ ھەر بىر سوز ئۈستىدە «بەرىبىر» دەيتتى. لېكىن كېيىنرەك بۇنى ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس دەپ تاپتى ، «بەرىبىر» نىڭ ئورنىغا «پەرقى چوڭ ئەمەس» دېگەن ئىبارىـنى ئويـلاپ چىقاردى ۋە بۇنى تاھازىرغىچە ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

فاڭشۇەنچاۋ بۇ ئاددىي ھېكمەتلىك سوزنى تاپقاندىن كېيىن پات ـ پاتلا قايغۇلۇق ئويغا چومەتـتى ، لېـكىن يەنە بىر مۇنچە يېڭى تەسەللىلەرنى تاپاتـتى، مەسىلەن : ئۇ ئاۋال قېرىلارنىـڭ ياشلارغا يامان مۇئامىلىدە بولغىنىنى كورسە بۇ ھالـغا مەيۇسلىـنەتتى. لېكىن ئەمدى: ھازىر قېرىلار ياشلارغا قاتتىق مۇئامىـلىدە بولسا، كەلگۈسىدە بۇ ياشلارمۇ پەرزەنتلىك بولغاندا بالا ـ چاقىغا ۋە نەۋرە ـ چەۋرىلىرى خۇددى شۇنداقلا قاتتىق مۇئامـ

لىدە بولۇدۇ، ئۇ چاغدا تەڭشىلىپ كېتىدۇ، دەيدىغان بولدى.
ياكى، مەسىلەن: ئۇ، ئەسكەرنىڭ ھارۋىكەشنى ئۇرۇشىنى كورۇپ ناھايىتى خاپا بولاتتى، لېكىن ئەمدى: ئەگەر بۇ ھارۋىكەش بىردىنلا ئەسكەر بولۇپ قېلىپ، ئەسكەر ھېلىقى ھارۋىكەشلىك قىلسا، ئۇ چاغدا ئاۋالقى ھارۋىكەش ئوزى تاياق يېگەندەكلا، ھارۋىكەش ئەسكەرنى ئۇرۇشى مۇمكۇن، دېمەك، بۇ توغرۇلۇق خاپا بولۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، تەڭشىلىپ كېتىدۇ دەپ ئويلاي-دىغان بولدى.

فاڭشۇەنچاۋدا بۇ ئويلار پەيدا بولغاندىن باشلاپ، بەزىدە ئۇنى گۇمان قىينايتتى. ئۇ، مەن ئوزەمنى ئالداش ئۇچۇنلا بۇ خۇلاسىلارنى چىقىرىۋالدىممىكىن ۋە بۇ ۋەقە ئوزىمىزنىڭ بۇ-زۇلغان جەمئىيىتىمىز بىلەن ئەركىن كۇرەش ئېچىشقا غەيرىتىمىزنىڭ يەتمىگەنلىگىدىنمىكىن؟ نېتىجىدە، ياخشىلىقمۇ پەرۋا قىلماس بولۇپ قېلىشىم مۇمكۇن، ياخشىسى، بۇ يېڭى كوز قاراشلاردىن باش تارتىش ئەۋزەلرەك — دەپ ئويلايتتى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئويلار ئۇنىڭ مېڭىسىگە مەككەم ئورۇنلۇ-شۇۋالدى.

ئۇ بىرىنچى قېتىم ئوزىنىڭ «پەرقى چوڭ ئەمەس» دېگەن نەزەرىيىسىنى بېيجىڭنىڭ «خەيرىيە» مەكتىۋىدە خەلق ئالدىدا لېكسىيە ۋاختىدا ئېلان قىلدى. ئۇ تارىخىي ھەققەتلەر ھەققىدە سوزلەۋېتىپ: «قەدىمقى زامان ئادەملىرى بىلەن ھازىرقى ئادەملەر

بىر ـ بىرىدىن ئاز پەرق قىلىدۇ»، ھەممە ئادەملەر «ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي بويىچە بىر ـ بىرىگە يېقىن تۇرۇدۇ»، دېدى؛ ئاخىرىسىدا ئۇ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئەمەلدارلار ھەققىدە سوزلەپ كەتتى. ئۇ ئوز پىكرىنى كېڭەيتىپ مۇنداق دېدى:

«ھازىــر جەمئىيەتــتە ئەمەلــدارلارنى ھاقارەتــلەش رەسىم بولۇپ قالغان؛ بۇ ۋەقە بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ناھايىتى كۈچــلۈك. ئەمما لېكىــن ئەمەلدارلار تەبىــەت تەرىپىدىن قانــداقــتۇر بىر ئالاھىــدە بولۇپ يارالــغان قەبىلە ئەمەس؛ ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەردىن چىققــقان؛ ھازىر ئەمەلدارلار ئارىسىدا ئوقۇغۇچىلارمۇ بار، لېــكىن ئۇلار كونا ئەمەلــدارلاردىن بىرەر نەرسىسى بىلەن پەرق قىلىنامــدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن: بۇ مەسىــلىگە قايسى تەرىپىدىن كەلمىگىن، ئىلگىرىكىدەكلا قالىۋېرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ پىكىرلەشلىرىــدە، ئۇلارنــىڭ ئىش ـ ھەركەتلىرىدە، ھەتــتا ئۇلارنىڭ چىرايــلىق، نازۇك كورۇنۇشلــرىدە ۋە باشقا ھەممە يېرىدە ھېچقانداق چوڭ پەرق يوق... ئېيتقاندەك، ئوقۇغۇچىلار تەشكىــلاتلىرىدا مۇنداق خىيانەت قىلىشلار بولمايدۇ دەمسىلەر؟ ۋە بۇ خىيانەتلەر، كونىلار ئېيتقاندەك، گويا ئوتقا ئوخــشاش ئوچۇپ، ئىسقا ئوخــشاش تاراپ كەتــتىمۇ؟ مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنــكى بۇلارنىڭ پەرقى چــوڭ ئەمەس... لېكىن تەشۋىش تۇغدۇرۇدۇ...».

لېكسىيە ئوقۇلغان جايدا تارقىلىشىپ ئولتۇرغان ژىگىرمىدىن

ئوشۇغراق كىشىنىڭ بەزى بىرلىرى ھاڭقىتىپ قالدى، بەزىلىرى بۇ سوزنى توغرى تاپتى. بەزىبىرلىرىگە بۇ لېكسىيە كۈتمىگەن ھادىسىدەك سېزىلدى ۋە ئۇلار فالڭشۇەنچاۋ ھازىرقى زامان زىيالىيلىرىغا ھاقارەت قىلىۋاتىدۇ دېگەن پىكىردە بولدى. بىر قانچىسى مەنالىق ھالدا كۈلۈمسىرەيتتى، ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئۇ پەقەت ئوز-ئوزىنى ئاقلاش ئۇچۇنلا ئېيتىۋاتماقتا ئىدى؛ چۇنكى فالڭشۇەنچاۋچۇ مۇئەللىملىك ئىشىنى ئەمەلدارلىق خىزمىتى بىلەن تەڭ ئېلىپ باراتتى.

ھەقىقەتەنمۇ ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پىكرى توغرى ئەمەس ئىدى. شۇ كۇنى فالڭشۇەنچاۋنى پەقەت يېڭى بىر ئەنە سىزچىلىك باسقان ئىدى. بىز «ئەنسىزچىلىك» دېدۇق، لېكىن ئۇنىڭدىكى بۇ «ئەنسىزچىلىك» خۇسۇسەن ئوز تەغدىرىدىن ئوزى نىڭ قانائەتلەنگەنلىكى ئاشكارە چىقىپ تۇرغان، قۇرۇق پىكىرلەردىن ئىبرى كەتمەيتتى، بۇ قۇرۇق سوزلەرنىڭ ئوزىنىڭ ھورۇنلىقى ياكى ھېچبىر ئىشقا يارامسىزلىقى نېتىجىسىدە يۈز بېرىدۇ ۋاتقانلىقىنى ئويلىمايتتى. ئۇ ئوزىنى قەتئىي ھەركەتلەرگە مەيلىسىز، قەيدى — قانا، شۇكرى — سانا ئادەم دەپ ئويلايتتى. مائارىپ مىنىستىرى ئۇنى ئەسەبىي كىسەل دەيتتى. لېكىن ئۇ ئەمەلدارلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ قالمىسىلا بولدى، دەپ ئويلايتتى، شۇڭا مۇئەللىملىك مائاشى يېرىم ژىلدىن بۇيان قولىغا تەگمىگەن بولسىمۇ، باشقا ئەمەلدارلىق مائاشى بولغاچقا، ئۇ ھەققە زادىلا

ئاغزىنى ئاچمايتتى. ئېغىز ئېچىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بارلىق مۇئەللىملەر مەسلىھەتلىشىپ، ئىش ھەققىنى تولەشنى تەلەپ قىلغان چاغدا، ئۇ ئوز ئىچىدە، مۇئەللىملەر ھەددىدىن تاشقىرى ۋاقىرىشىپ كەتتى، دەپ ھېساپلايتتى. لېكىن ئۇ ئەمەلدارلارنىڭ مۇئەللىملەرگە قىلىۋاتقان ھاقارەتلىرىنى ئاڭلىغان چاغدا، مەيۇسلىنىپ قالاتتى، ئەمما يەنە: «بەلكىم بۇنىڭ بارلىغى مۇئەللىملەرنىڭ ئالغان ئىش ھەققى ئوزلىرىگە يەتمىگەشكە بولۇۋاتىدىغاندۇ، چۈنكى ئۇلار ماڭا ئوخشاش ھەم مۇئەللىملىك ھەم ئەمەلدارلىق قىلمايدىغۇ» دەپ ئويلايتتى.

ئاقچىغا ناھايىتى مۇھتاج بولغانلىغىغا قارىماستىن، ئۇ مۇئەللىملەر تەشكىلاتىغا كىرمىدى، لېكىن مۇئەللىملەر دەرسكە چىقماسلىغىنى ئېلان قىلغان چاغدا، ئۇ ھەم ئىشقا چىقمىدى. ناماييشقا جاۋاپ رىۋىشىدە، ھوكۇمەت «ئىشقا چىقىڭلار - ئاخچا بېرىمىز» - دەپ ئېلان قىلدى، مۇئەللىملەرگە بولغان مۇنداق مۇناسىۋەت فالڭشۇەنچاۋنى بىر ئاز خاپا قىلدى: ھوكۇمەت مۇئەللىملەرنى خۇددى مايمۇنغا ئانارنى كورسۇتۇپ ئومۇلدۇرۇپ قىينىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ بېشىدا قاندىقتۇر بىر مەشھۇر پىداگوكنىڭ: — «ئەگەر مۇئەللىم بىر قولىدا بىر توپ كىتاپ تۇتۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئاقچا تەلەپ قىلسا — بۇ مەردانىلىققا ياتمايدۇ» دېگەن سوزى ئايلىنىپ ژۇرمەكتە ئىدى. ئۇ شۇ ئاخشىملا كەچكى تاماق ئالدىدا، بۇ ھېكمەتلىك سوزلەرگە ئوزىنىڭ

رازى ئەمەسلىگىنى ئايالىغا ئېيتىپ بەردى ۋە:

— ھوي، بىزدە تاماق ئىككىلا خىلمۇ ـ گۇرۇچ بىلەن سەيـ لىمۇ؟ — دېدى.

فالڭشۇەنچاۋ ۋە ئۇنىڭ ئايىلى ھازىرقى زامان بىلىمىدىن بىخەۋەر ئىدى. ھەتتا ئايىلىنىڭ ئىلمىي نامىمۇ ياكى ئادەت بويىچە مەكتەپتە قىزلارغا قويۇلىدىغان بىرەر چىرايلىق لەقىمىمۇ يوق ئىدى، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ئايىلىنى نىمە دەپ ئاتىشىنى بىلمەيتتى. كونا قايىدە بويىچە «خېنىم» دەپ قىچقىرىشقا مۇمكۇن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كونىلىقنى ئانچە ياقتۇرمايتتى. شۇڭا «ھوي» دېگەن سوزنى ئاپىرىدە قىلدى. ئايىلى ئۇنىڭغا «ھوي»مۇ دېمەستىن، پەقەت يۈزىگە قاراپلا سوزلەۋېرەتتى. ئادەت قانۇنى بويىچە، فالڭشۇەنچاۋ بۇ سوزنىڭ ئوزىگە قىلىنىۋاتقانلىقىنى چۇشۇنەتتى.

ئايىلى ئۇستەلنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئىرىگە قاراپ:

— ئوتكەن ئايدا ئالغان ئون بەش پىروتسېنتنىڭ ھەممىسى تۇگىدى... تۇنوگۇن قەرزگە گۇرۇچ ئېلىشمۇ تەس بولدى. — دېدى.

— ئەگەر مۇئەللىم ھەققىنى تەلەپ قىلساـــئۇ مەردانىلىق ئەمەس، دېيىشىدۇ، تېخى. تەتۇر پىشانىلەر ئىنسان ئۇچۇن تاماق كېرەك ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇچۇن گۇرۇچ كېرەك، گۇرۇچنى سېتىپ ئېلىش ئۇچۇن بولسا ئاقچا كېرەك ئىكەنلىـ كىنى چۇشەنمەيدۇ. ھەتتا مانا مۇشۇ ئاددىي مەسىلىگە ئەقلى يەتمەيدۇ... — دېدى فالڭشۇەنچاۋ.

—توغرى ئېيتىسەن، ئاقچاڭ بولمىسا، گۇرۇچ سېتىۋالالماي-سەن، گۇرۇچسىز تاماق تەييارلاش مۇمكۈن ئەمەس. — دېدى ئايىلى.

فالڭشۇەنچاۋنىڭ مەڭىزلىرى كۆيۈپ كەتتى، گويا ئايىلىنىڭ جاۋاۋى ئۆزىنىڭ «پەرقى چوڭ ئەمەس» دېگەن پىكرى بىلەن توغرى كېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ سوزىنى تەكرارلىغاندا ئاچچىق قىلغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ بۇرۇلدى. ئۆزلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە، ئايىلىغا پاراڭ تۈگىگەنلىگىنى بىلدۈرەتتى.

مۇئەللىملەر تولەنمىگەن ئىش ھەققىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ھوكۈمەت بىناسىغا قاراپ ماڭغان كۈنى كۈچلۈك شامال چىقىپ، سۈغۈق - يامغۇر يېغىۋاتاتتى؛ ئۇلار شىنخۇا دەرۋازىسى② ئالدىدا مىللىي ئەسكەردىن دۇمبا يەپ، بەزىلىرىنىڭ باشلىرى يېرىلىپ، قان ئاختى. شۇ ۋەقەدىن كېيىنلا مۇئەللىملەرگە ئىش ھەققىنىڭ بىر قىسمى بېرىلدى. فالڭشۇەنچاۋمۇ، بېلىنى ئاغرىتماي ژۇرۇپ دېگەندەك، ھېچ ھەركەتسىز ئاقچىسىنى ئالدى. ئۇ بىر مۇنچە قەرزلىرىنى ئۆزمەكچى بولۇۋېدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن خېلىلا نۇرغۇن ئاقچىمۇ يەتمەيتتى، سەۋەبى ئۇزاق ۋاختىتىن بېرى ئەمەلدارلىغىمۇ ئىش ھەققى تولەنمىگەن ئىدى. شۇ چاغدا ئابروينى يوقاتمىغان ئەڭ ئادىل ئەمەلدارلارمۇ، ئىش ھەققىنى تەلەپ قىلماي - بولمايدۇ دەپ ئويلاشقا باشلىغان ئىدى. شۇ چاغدا ئەمەلدارلىق خىزمىتىنى مۇئەللىملىك ۋەزىپىسى بىلەن

بىللە ئېلىپ كېتىپ بارغان فالشىۋەنچاۋمۇ ئالاھىدە سەممىيەت بىلەن غۇلغۇي كۆتەرگەن مۇئەللىملەرنىڭ قەدىرىگە يېتىدىغان بولدى. ئۇ نامايىشنى داۋام ئەتتۈرۈش توغرۇلۇق توختام قوبۇل قىلغان ئۇمۇمىي مۇئەللىملەر ژىغىنىغا قاتناشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇمىي توختامنىڭ تەلىۋىنى ۋىژدانلىق ئورۇنلاپ، ئىشقا چىقمىدى.

ئاخىرى ھوكۈمەت مۇئەللىملەرگە ئىش ھەققىنى تولىدى ۋە مەكتەپلەردە ئوقۇش قايتىدىن باشلاندى. بۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلار ئىتتىپاقى ھوكۈمەتكە شىكايەت يازدى، ئۇنىڭدا: «ئەگەر مۇئەللىملەر ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشلىمىسا، ئۇلارغا تولەنمىگەن ئىش ھەققىنى تولەشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق»، دېيىلگەن ئىدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ شىكايىتى مۇۋەپپەقىيەتسىز ئىدى. لېكىن فالشىۋەنچاۋ دەررۇ ئوتكەن نوۋەت ھوكۈمەتنىڭ: «ئىشقا چىقىڭلار - ئاتچا ئالىسلەر» دېگەن جاكاسىنى ئەسلىدى. «پەرقى چوڭ ئەمەس» - بۇ ئوي خۇددى كولەڭگۈدەك ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ باستى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ھېچ نېرى كەتمىدى. مانا خۇددى شۇ چاغدا خەلق ئالدىدا ئوزىنىڭ يېڭى كوز قاراشلىرىنى ئېلان قىلدى.

ئەگەر «پەرقى چوڭ ئەمەس» دېگەن گۇناسىز نەزىرىيىسىنى قانۇنغا ئاساسەن چاتاشتۇرماقچى بولغاندىمۇ، زىر - زىۋىرى بىلەن تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن بەرىبىر ئۇ نەزىرىيىسىنى پەقەت ئە-

مەلدارلار سۈپىتىدىكى فالڭشۇەنچاۋنىڭ ئۆز مەكسۇتىنى ئاقلاش ئۈچۈن ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن نەزەرىيىسى دەپ نەتىجە چىقىرىشقا بولمايتتى. ئۇنىڭ «پەرقى چوڭ ئەمەس» دېگەن نەزەرىيىسى بۇنىڭغا قارىغاندا خېلى كەڭ مەنىلىك نەزەرىيە ئىدى. ئەمدى ئۇ جان - جىگەرى بىلەن جۇڭگونىڭ كېلەچىكى، ياكى قانداقتۇر شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ھەققىدە سوز قىلىدىغان بولدى. ھەتتا ئۆزىنى ئۆز ۋەتىنىگە جان - تېنى بىلەن ئېچىنىدىغان ۋەتەنپەرۋەر دەپ ھېساپلاشتىنمۇ قايتمايتتى، چۈنكى خەلق ھەر قاچان «ئۆزىنىڭ ئاگەسسزلىغىدىن» ئازاپ چېكىدۇ ئەمەسمۇ...

فالڭشۇەنچاۋ بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويدىنراق ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرە - ئۈلگۈرمەيلا، كوز ئالدىدا «پەرقى چوڭ ئەمەس»نى ھېساپلايدىغان ھەقىقىي دېلىللار كەينى - كەينىدىن پەيدا بو- لىۋەردى. ھەممىنى زىرىكتۈرگەن بۇ مۇئەللىملەرگە غەمخورلۇق قىلمىغان ھوكۈمەت، مۇئەللىملەرنىڭ ھېچقاچان قەدىرىگە يەتمىگەن ئەمەلدارلارنىڭ ئۈستىدە غەمخورلۇق قىلىشنى بىردىنلا توختۇتۇپ قويدى. خېلى ۋاختتىن بېرى ئەمەلدارلارغا ئىش ھەققىنى زادى تولىمەي كېلىۋەردى. ئىلگىرى پۇل سوراپ كەلگەن مۇ- ئەللىملەرگە نەپرەت كوزى بىلەن قارىغان ئەڭ سالاپەتلىك ئە- مەلدارلار ئارىسىدىن ژىغىندا ھەممىگە ئاگىلىنارلىق قىلىپ، ئىش ھەققىنى تەلەپ قىلغان باتۇرلارمۇ چىقتى. بۇ قېتىم بىر نەچچە گېزىتلار بۇ باشلىقلارنى زاڭلىق قىلىپ، تەنقىتلەش بىلەن مەشغۇل

بولدى. فاڭشۇەنچاۋ بۇنىڭغا زادىلا ئەجەبلەنمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «پەرقى چوڭ ئەمەس» دېگەن نەزىرىيىسىگە ئاساسلىنىپ، بۇ ۋەقە پەقەت گېزىتكە ماقالە يازغۇچىلارنىڭ هازىرقى قەلەم هەققىگە قانائەتلەنگەنلىكىدىن ۋە بۇ توغرۇلۇق هېچبىر قىيىنچىلىقنى كۆر-چۈرمىگەنلىكىدىن بولۇۋاتىدۇ؛ ئەگەر هوكۇمەت ياكى بايلار ئۇ-لارغا ئاقچا بېرىشنى توختاتسا، ئۇ چاغدا ئۇلارمۇ دەررۇ ژىغىن چاقىرغان بولار ئىدى، دەپ چۈشەندى.

فاڭشۇەنچاۋ ئۆز ۋاختىدا ئىش هەققىنى تەلەپ قىلغان مۇ-ئەللىملەرگە خەيرىخاهلىق كورسەتكەن ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئاقچا تولەشنى تەلەپ قىلغان ئەمەلدارلارغا قوشۇلۇپ كېتىشى تامامەن تەبىي نەرسە. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى، خۇددى هېچنەرسە كورمىگەندەك، خاتىرجەملىك بىلەن ئۆز ئىدارىسىدا ئولتۇرىۋەردى ۋە ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە، باشقىلار بىلەن بىللە ئىش هەققىنى تەلەپ قىلىپ هوكۇمەت ئالدىغىمۇ بارمىدى. باشقىلارنىڭ ئۇنى ئۆزىنى ژۇقۇرى تۇتىدۇ دەپ گۇمان قىلىشىمۇ پەقەت بىر خىل چۈشەنمەسلىك دەپ هېساپلايتتى. بۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئۇ، دۇنياغا بىنا بولغاندىن باشلاپ، پەقەت باشقا كىشىلەرلا قەرز قىستاپ كەلدى، ئۆزەم بولسام، مۇنداق هېچكىمگە - هېچقاچان قەرز سۇيلەپ بارمىدىم ۋە بۇ ئىشقا تامامەن قابىلىيەتسىز مەن دەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ ئىختىسادىي هوقۇقنى ئۆز قولىغا ئالغان هوكۇمرانلار بىلەن هېچقاچان يۈزمۇ - يۈز ئۇچراش-

قانلىغىنىمۇ بىلمەيتتى؛ ئەگەر بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ هوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ، «ماخايان③ ھەققىدىكى ئىلمىي تەلىمات ۋە دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشى»نى قولىغا ئېلىپ، ھەقىقىي بۇددىزمنى ئۆگۈنۈشكە كىرىشكەن بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا، ئۇ، ئەلۋەتتە، مۇلايىم بولۇپ قالاتتى، لېكىن ئۇلار ھازىرغا ئۆز تەختىدە ئولتۇرغاندا، خۇددى ئەزرائىلدەك باشقىلارغا قوللارغا قارىغاندەك قارايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقا بارلىق ھالسىز ۋە بىچارە ئادەملەرنىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بىزگە تېگىشلىك دەپ ھېساپلايدۇ، دەيتتى. مانا مۇشۇ سەۋەپلەرگە ئاساسەن فاڭشۇەنچاۋ ئۇلار بىلەن يولۇقۇشقا پېتىنالمايدۇ ۋە خالىمايدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا ئۆز خۇلقى ـ مۇجەزىنىڭ بۇ بەلگىسى، ئۇنى ئەخلاقى جەھەتتىن باشقىلارغا قارىغاندا ژۇقۇرى تۇتۇپ تۇرغاندەك سېزىلەتتى، بەزىدە ئۇنىڭدا: ـ بۇ بەلگۇ، مېنىڭ ھەر قانداق قابىلىيەتتىن مەھرۇم ئىكەنلىگىمنى ئىسپاتلىمامدۇ؟ ـ دېگەن گۇمانلارمۇ پەيدا بولاتتى.

ئىش ھەقىقىنى تەلەپ قىلىش ئۇمۇمىي يۈسۈندا بولدى، لېكىن ئولەش قەرەللىرىمۇ كەينى ـ كەينىدىن ئۆتمەكتە ئىدى. فاڭشۇەنچاۋ ھېچقاچان مۇنداق تەس ئەھۋالغا دۇچار بولمىغان. ئۇنىڭ ژۇگۇ ـ ژىتىمىغا بۇيرۇيدىغان مالاي بالىسىلا ئەمەس، ھەتتا ئايىلى فاڭخېنىممۇ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ھۆرمەتنى ساقلىمايدىغان بولدى. ئاخىرقى كۈنلەردە ئايىلىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن

كېلىشمەي ژۇرگەنلىگى بىلەنلا ئىش تۈگۈمىدى. ياق، ئايىلى تېخى ئوزىنىڭ مۇستەقىل پىكرىنى ئوچۇق ئېيتىشقا باشلىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى ۋاختىلاردا ئۇ تامامەن ئەدەپلەرنىمۇ ئېتىۋارغا ئالماس بولۇپ قالدى. بەشىنچى ئاينىڭ 4 ـ كۈنى فاڭ شۇەنچاۋ ئىشتىن قايتىپ ئويىگە كىرىش بىلەن ئايىلى ئۇنىڭ كوزىگە قەرزگە ئالغان نەرسىلەرنىڭ بىر توپ ھۆججىتىنى تىقتى. مۇنداق ۋەقە ئىلگىرى ھېچقاچان بولمىغان ئىدى.

بۇ قېتىم ئۇ ئېرىگە قاردىماستىنلا:

— چەمنى بىر يۈز سەكسەن تەڭگە كېرەك... ساڭا ئاقچا بەردىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھىم ـ م، مەن ئەرتىدىن باشلاپ ئەمەلدار بولمايمەن. ئاقچا ئېلىش ئۈچۈن چەك ئېلىندى، لېكىن ئىش ھەققىنى تەلەپ قىلىش ژىغىنىنىڭ ۋەكىللىرى، بىردەم: بىللە بارمىغانلارغا بېرىلمەيدۇ، دەپ، بىردەم ئۆزلىرى كېلىپ ئالسۇن دەپ، بەرمەي قويۇشتى. بۈگۈن ئۇلار قولىغا چەكنى ئېلىپ، ئەزرائىل بولۇشۇۋالدى. ئۇلارنىڭ بېتىگە قاراشتىنمۇ قورقىمەن. مۇنداق چەكسىز ھاقارەت شارايىتىدا، ئاقچىنىمۇ خالىمايمەن، خىزمەت قىلمايمەن...

فاڭخانىم بۇنداق مەردانىلىقتا غەزەپلىنىشلەرنى ناھايىتى كام ئۇچراتقان ئىدى، ئۇ ئاۋال قورقۇپ كەتتى. ئەمما كېيىنرەك دەررۇ خاتىرجەم بولدى.

— ئوزەڭ بىرىپ ئالساڭ ياخشىراق بولاتتى، ئۇنىڭغا ھېچ-نەرسە بولمايدىغۇ؟ — دېدى ئايىلى، ئېرىنىڭ يۈزىگە قاراپ.
— بارمايمەن. بۇ سەدىقە ئەمەس، ئەمەلدارنىڭ ئىش ھەق-قى... تەرتىپ بويىچە، ئۇ بوغالتېرىيە ئارقىلىق بېرىلىشى كېرەك.
— ئەگەر ئۆزۈڭ-كېسەل بەرمەي قويسا-ئۇنىڭدا نىمە پايدا؟ مەن ساڭا تۇنوگۇن ئېيتىمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بالىلاردىن مەكتەپتە ئوقۇشلىرى ئۈچۈن ئاقچا تولەشنى بىر نەچچە قېتىم تەلەپ قېپتىدەك ۋە شۇنداق دەپ ئېيتىشىپتىكى، ئەگەر بىز بۇ قېتىملا تولىمەيدىغان بولساق...
— كاپشىما! ئاتىسى ھەم خىزمەت قىلدۇ ھەم ئوقۇتۇدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئۇ يەردىمۇ، بۇيەردىمۇ ئاقچا تولىمەيدۇ، ئوغلى كىتاپتىن بىر قانچە جۈملىنى ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئوچۈن بىردىنلا ئاقچا تەلەپ قىلامدىكەن؟
ئايىلى، ھازىر بۇنىڭ كوزىگە ھېچنەرسە كورۈنمەيۋاتىدۇ. ھازىر ئوزى مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ قالغاندەك قايىناۋاتىدۇ، چىشىغا تەگمەي دەپ، باشقا بىر ئېغىزمۇ سوز قىلمىدى.
چۈشلۈك تاماق ئۈستىدىمۇ ئىككىلىسى جىم-جىت ئولتۇردى. فاڭشۇەنچاۋ بىردەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، خاپا ھالدا چىقىپ كەتتى.
ئاخىرقى ژىللاردا، ياز بايرىمىنىڭ ئالدىدا ۋە يېڭى ژىل ھارپىسى كەلگەن مەزگىللەردە فاڭشۇەنچاۋ ئادەت بويىچە يېرىم

كېچىدە ئۆيىگە قايتتى ۋە ئۆيگە كىرە - كىرمەي قوينىدىن بىر بولاقنى چىقىرىپ: «ھوي، ئال مۇنۇنى!» دەپ قاتتىق ۋاقىرايتتى ۋە خوشال ھالدا ئايىلىغا جۇڭگو بانكىسىنىڭ ۋە يول قاتناش بانكىسىنىڭ ياپ - يېڭى بولاق دوللارلىرىنى سۇناتتى. بەشىنچى ئاينىڭ تۇرتىنچى كۈنىدە* كونا ئادەتنىڭ بۇزۇلۇشىنى — فاڭ شۇەنچاۋنىڭ كەچكى سائەت يەتتە بولمايلا ئۆيگە قايتىپ كېلىشىنى كىم بىلسۇن. فاڭخانىم ئېرىنى كورۇپ، تەشۋىشلەندى ۋە ئۇنى خىزمەت قىلىشنى رەت قىلدىمىكىن دەپ ئويلىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ، ئاللاھىدە بىر ئۆزگۈرۈشنىڭ بەلگىسىنى كورمىدى.

— نىمە ۋەقە؟ ... نىمە ئانچە ئەتىگەن قايتتىڭ؟ — دەپ سورىدى ئايالى ئېرىگە دىققەت بىلەن قاراپ.

— ھېچنەرسە ئالمىدىم. ئاقچا بېرىشكە ئۈلگۈرمىدى... بانكىنى سەككىزىنچى كۈنگىچە كۈتۈش كېرەك.

— بەلكىم، ئۆزەڭنىڭ بېرىپ سورۇشۇڭ كېرەكتۇ؟ — دەپ چوچىگەن ھالدا سورىدى ئايالى.

— ياق. ئۆزەم بېرىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، ئاۋالقىدەك بۇغالتېرىيە ئارقىلىق بەرگىدەكمىش. لېكىن بانكا بۈگۈندىن باشلاپ ئۈچ كۈن ئىشلىمەيدۇ؛ ئەمدى سەككىزىنچى كۈنگىچە كۈتۈشكە توغرى كېلىدۇ. — ئۇ تۇۋەن قاراپ بىر ئاز ئولتۇردى. بىر ژۇتۇم

*ئاي ھېساۋى بويىچە، — ياز بايرىمىمىزنىڭ باشلىنىش مەزگىلى.

چاي ئىچكەندىن كېيىن، ئاستا پاراڭ قىلدى. ــــ بەختىمىزگە، بۇنىڭ ھەممىسى پات يېقىندا تۈگەيدۇ... سەككىزىنچى كۈنى ئاقچا بولۇدۇ... ئىلگىرى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولمىغان ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىش ـ ھەقىقەتەن ئېغىر ئەھۋال. مەن چۈشتىن كېيىن ئۇزاق ۋاختىقىچە جىن يۇنىسكىنى ئىزدەپ ژۈردۈم. بىز پاراڭ قىلىشىپ قالدۇق، ئۇ ئاۋال مېنى ئىش ھەققى تەلەپ قىلمىغىنىم ۋە ۋەكىللەر بىلەن بارمىغىنىم ئۈچۈن ماختىدى. ئۇ مېنىڭ تولىمۇ ئادالەتلىك، ئالىجاناپ ئادەم ئىكەنلىگىمنى ۋە مۇنداق مۇجەز پەقەت ماڭا ئوخشاش ئەخلاقلىق ئادەملەرگىلا مۇناسىپ ئىكەنلىگىنى ئېيتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭدىن ئەللىك تەڭگە قەرز سورۇشۇم بىلەن، خۇددى مەن ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر ئوچۇم تۇز تىققاندەك، بىردىنلا ئوگى ئوچۇپ ئوزگۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈز ـ كوزى، مۇمكۈن بولغىنىچە، قورۇلۇپ كەتتىدە، ئوزىنىڭ ئاقچا مەسىلىسىدە بولغان بارلىق قىيىنلىشلىرىنى ئالدىراش ـ تىنەش ساناشقا باشلىدى: ئۇ كىمدۇر بىرىدىن تېخى ئىجارە ھەققىنى ئالماپتۇ دەكمىش. سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا زىيان تارتىپتىمىش... قىسقىسى، ئۇ ماڭا بىللە ئىشلەيدىغان يولداشلىرىمدىن قەرز سورىشىمنى مەسلىھەت قىلىپ، دەرھال كەشىمنى توغرىلاپ، يولغا سالدى.

ــــ بايرام ئالدىدا كىم قەرز بەرسۇن؟ ــــ دېدى ئايىلى ناھايىتى سۇست رەۋىشتە.

فاڭشۇەنچاۋ يەنە بېشىنى توۋەن سالدى. ئويلاپ تۇرۇپ

ئۇ، بۇگۈنكى ۋەقەدە ھەيران قالغدەك ھېچنەرسە يوق دېگەن خۇلاسگە كەلدى، چۇنكى ئۇجن يۇنسڭ بلەن ھېچقاچان يېقن بر مۇناسۋەتتە بولمغان. شۇ ئاردا فاڭشۇەنچاۋ ئوتكەن ژىل بولغان بر ۋەقەنى ئەسلدى. يېڭى ژىلنڭ ئالددا ئۇنڭ بر ژۇتلۇغى كېلپ، ئون تەڭگە قەرز سورىغان ئدى، فاڭ شۇەنچاۋنڭ ئاقچسى بار ئدى، لېكن بۇ ئادەم ئالغان قەرزنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ دەپ قورقۇپ، ئوزنى خجل ئەھۋالدا قلپ كورسەتتى. ئۇ تېخى ئش ھەققنى ئالمغانلغنى، مەك-تەپتنمۇ ئاقچا بەرمگەنلگنى، ئۇنڭ ھالغا يېتدغانلغنى، لېكن ياردەم قلالمايدغانلغنى ئېيتپ، سۇنۇق تيننمۇ بەر-مەستن يولغا سالغان ئدى. شۇ چاغدا ئۇ ئوزننڭ چرايننڭ قانداق قياپەتتە بولغانلغنى ئوزى كورمگەن بولسمۇ، لېكن كالپۇكلرى تترەپ، بېشى چايقلپ كەتكەن ئدى.

لېكن فاڭشۇەنچاۋ ھازر بردنلا ئېسگە كەلگەندەك بو-لۇپ، خزمەتكار بالغا مەي ساتدغان دۇكانغا بېرپ، قەرزگە برششە ئاق ھاراق ئەپكلشنى بۇيردى. دۇكاندارلار ياز بايرمى ئالددا سېتپ ئالغۇچلار قەرزلرنى تولەيدۇ دەپ ئۇمتلندغانلغنى، شۇنڭ ئۇچۇن، ئەلۋەتتە ھاراقنى قەرزگە سېتپ بېرشتنمۇ باش تارتمايدغانلغنى، ئەگەر بەرمەيدغان بولسا، ئۇ چاغدا ئەرتلا ئۇلارغا بر تيينمۇ قەرز تولەنمەي، ئوز جا-زاسنى تارتشنى بلەتتى.

هاراق قەرزگە كەلتۈرۈلدى، ئىككى چىنە ئىچىشى بىلەن ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن يۈزلىرى قىزاردى، ئۇ كەچقۇرۇنلۇق تاماقتىن كېيىن بىر ئاز خۇش كەيىپ بولۇپ، «خادىمىن» ماركىلىق تاماكىنى راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ چەكتى. كېيىن ئۇستەل ئۇستىدىن شېرلار توپلىمىنى④ ئېلىپ، كارۋاتقا يېرىپ ياتتى.

فاڭخېنىم كارۋاتقا يېقىن كېلىپ، ئېرىنىڭ يۈزىگە قارىغان هالدا:

—ئەتە دۇكانلارغا قەرزلەرنى قانداق قىلىپ تولەيمىز؟— دەپ سورىدى.

—دۇكانلارغا؟... ئۇلارغا سەككىزىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن كەلدەيمىز.

—مەن مۇنداق دەپ ئېيتالمايمەن، ئۇلار ئىشەنمەيدۇ ھەم ئۇنىمايدۇ.

—قانداقچە ئىشەنمەيدۇ؟ ئىشەنمىسە، بېرىپ سورىسۇن! پۈتكۈل يامۇلدا ھېچكىم ئاقچا ئالمىدى، بارلىغى سەككىزىنچى كۈننى كۈتۈۋاتىدۇ...

فاڭ شۈەنچاۋ ئىشارەت بارمىغىنى ژۇقۇرى كوتەردى.

فاڭخېنىم ئۇنىڭ ھەركىتىگە دىققەت بىلەن قاراپ تۇردى؛ فاڭشۈەنچاۋ قولىنى ژۇقۇرى كوتۈرۈپ شىلتىدى-دە، بىردىنلا كىتاپنى ۋاراقلىدى.

ئايال ئوز ئېرىنىڭ ئارتۇقچە كاژ بولۇپ قالغانلىغىنى كورۇپ،

ۋاختىنچە ئېغىزمۇ ئاچمىدى.

— مېنىڭچە مۇنداق ئەھۋالنىڭ داۋام قىلىۋېرىشى مۇمكۈن ئەمەس... بىرەر چارە تېپىش كېرەك ھەم قانداقتۇر باشقا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇش كېرەك. — دېدى ئايىلى ئاخىرى سوزىنى يوتكەپ.

— نىمە چارە؟ مەن «موللا دېسە موللا ئەمەس، ئەسكەر دېسە ئەسكەر ئەمەس». باشقا نىمە بىلەن مەشغۇل بولۇش مۇمكۈن؟

— سەن شاگىخەينىڭ كىتاپ دۇكانلىرى ئۈچۈن ئەسەر يازمىغانىمىدىڭ؟

— شاگىخەينىڭ كىتاپ دۇكىنى ئۈچۈن؟ ئۇلار قول يازمىنى سېتىپ ئالغان چاغدا ھەر بىر ھەرپىنى ئالايتەن سانايدۇ، ھەرپلەرنىڭ ئارىلىغىدىكى بوش يەرلەر ئۇلاردا ھېساپقا ئېلىنمايدۇ. ئېغىزتىلى بويىچە شېئىرلىرىمنى كوردۇڭمۇ، ئۇنىڭدا بوش جايلار ناھايىتى نۇرغۇن. پۈتۈن بىركىتاپ ئۈچۈن ئۈچ يۈز داچەنمۇ ئالالمايسەن. يەنە قارىسامسەن، ئۇلاردىن ھېچبىر خەت ـ خەۋەر كەلمىگىنىگە ئالتە ئايچە بولۇپ قالدى. «ژىراقتىكى سۇ يېقىندىكى ئوتنى ئوچۇرەلمەيدۇ».

— ئۇنداق بولسا، مۇشۇيەردىكى رېداكسىيىگە بەرسەڭ بولامدۇ؟.

— مۇشۇيەردىكى رېداكسىيىگە دېمسەنا؟ بۇيەردىكى كېزىتخانىدا ئىشلەيدىغان ئوقۇغۇچىمنىڭ يۈزـ خاتىرىسى بولغانىدىمۇ

مىڭ ھەرپكە بېرىلدىغان ھەق ناھايىتى ئاز. كېچەيى — كۈندۈز ئىشلىگەن ھالەتتىمۇ، بۇنىڭ بىلەن سىلەرنى باقالمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ قۇرسۇغۇمدىنمۇ مۇنچىلىك ئەسەرلەر تېپىلمايدۇ.

— ئەمدى بايرامدىن كېيىن، نىمە قىلىشىمىز كېرەك؟

— بايرامدىن كېيىن؟ ... ئاۋالقىدەكلا ئەمەلدار بولۇپ خىزمەت قىلىمەن... ئەگەر دۇكاندار كەلسە، ئۇلارغا سەككىزىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن ئالسەن دەپ ئېيتقىن.

ئۇ يەنە كىتاپ ئوقۇشقا كىرىشتى. فاڭ خېنىم بۇ قولا يلىق پەيتنى ئوتكۈزۈشتىن قورقۇپ دەررۇ:

— مېنىڭچە بايرام ئوتۇپ بولغاندا ...سەككىزىنچى كۈندىن كېيىن...بىز... ئەگەر لاتارىيى بىلەتنى سېتىپ ئالساقچۇ؟

— دەپ سوزلەشكە باشلىدى.

— پوخ يەپسەن! خۇددى نادانلارغا ئوخشاش سوزلەيسەنغۇ...

ئۇ بىردىنلا جىم بولدى، چىن يۇنسىڭ ئۇنى ئۇزۇتۇۋەتكەندىن كېيىن، ئوز بېشىدىن قانداق ۋەقەلەرنىڭ ئوتكەنلىگى ئېسىگە چۈشتى. شۇچاغدا ئۇنىمە قىلارىنى بىلمەي، داۋشاڭ بازىرى ئالدىدىن كېتىۋېتىپ، دۇكانلارنىڭ ئىشىكلىرىدە يوغان ھەرپلەر بىلەن: «بىرىنچى ئوتۇق — ئون مىڭ تەڭگە» دىگەن ئېلاننى كوردى. ئۇ ژۇرۇگى دۇپۇلدەپ، مېگىسىنى ئاستىلاتتى، ئۇ پەقەت ئاخىرقى ئاتىمىش داچەننى دۇكاننىڭ پۇكىسىگە تاشلامىشىدىنلا،

جىددىي بېسىپ، دۇكان ئالدىدىن ئوتۇپ كەتكەن ئىدى.

بۇ ۋەقەنى ئەسلىشى بىلەن، فاڭشۇەنچاۋنىڭ ئوزىدىمۇ ئوز-گۇرۇش پەيدا بولدى. فاڭخېنىمغا «فاڭ شوەنچاۋ مېنىڭ نادانـلىقىمغا ئاچچىق قىلدى» دېگەن ئوي كەلدى ۋە پاراڭ قىلىشنى توختۇتۇپ، ئۇنىڭدىن نېرى كەتتى، شۇنداق قىلىپ، فاڭشۇەنـچاۋ باشلىغان جۈملىسىنى ئاياقلاشتۇرمىدى ۋە كارۋاتتا سوزۇلۇپ يېتىپ «تەجرىبىلەر» دېگەن توپلامدىكى شېئىرلارنى ئۇنلۇك ئوـقۇشقا كىرىشتى.

1922 - ژىلى، ئىيۇن.

# ئاق نۇر[1]

چىن سىچېڭ ناھىيە ئىدارىسىدە ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنىڭ تامغا چاپلانغان ئىسىملىرىنى كۆرۈپ ئۆيىگە قايتقاندا، كۈن چۈشتىن ئۆتكەن ئىدى.

ئۇ ئىدارىغا خېلىلا ئەتىگەن كەلدى ۋە دەرھال تىزىمدىن ئۆزىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ئىزلەشكە كىرىشتى. تامغا چاپلانغان ئىسىملىكتە چىن دېگەن ھەرپ كۆپ ئىدى. ئۇ ھەرپلەر، گويا بىر - بىرىدىن كېيىن قالغىسى كەلمىگەندەك، ئۇنىڭ كۆزىگە تىقىلاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە سىچېڭ دېگەن ئىسىم بىلەن بىللە كەلگەن چىن ھەرپى يوق ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى تېپىش ئۈمىدى بىلەن ھەر خىل ئىسىملار بىلەن تولدۇرۇلغان ئون ئىككى تاختا قەغەزنىڭ ھەممىسىنى يېنىپ - يېنىپ قاراپ چىقتى. تىزىمغا قارىغىلى كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاللىقاچان تارقاپ كېتىشتى، پەقەت چىن سىچېڭ ئۆزىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، ئىمتىھان ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى توغرى تام ئالدىدا تۇرۇپ قالدى.

قىش يېقىنلاشماقتا ئىدى. سالقىن شامال ئۇنىڭ ئالا چاچ-لىرىنى يەلپۈپ تۇراتتى، لېكىن كۈننىڭ ئىسسىق نۇرى ئۇنىڭ يۈزىنى قىزىتماقتا ۋە گويا كۈننىڭ تەپتى ئۆتكەندەك ئۇنىڭ يۈزى بارغانسېرى كۆكىرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ تالغانلىقتىن ئىششىپ، قىزى-رىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر ئاجايىپ نۇر چاقنايتتى. هازىر ئۇ هېچقانداق ھەرپكە قارىمايتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر مۇنچە قارا-قۇرا نەرسىلەر ئۇچۇپ ژۇرگەندەك قىلاتتى.

قانداق ياخشى! ئۆلكىگە بارسام، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئالىم-لىق دەرىجىسىنى ئالسام، بۇ ھەقتە خوش-خەۋەر كەينى-كەي-نىدىن تارقالسا...... ئۇچاغدا زۇرت موتىۋەرلىرى ماڭا يېقىنچىلىق قىلىدۇ، مېنى ئىززەتلەيدۇ، مەن بىلەن تۇققان تېپىشىدۇ ۋە ئىلگىرى مەنسىتمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئەمدى پۇشايمان قىلىشىدۇ ...خاراپ بولۇپ كەتكەن جايىمدا ئولتۇرۇشلۇق يات فامىلىلىك-لەرنى قوغلايمەن، ياق، قوغلاۋەتكىنىم نىمىسى، ئۇلار ئۆزلىرى كۆچۈپ كېتىدۇ، ئۆي-جايىم تامام يېڭىلىنىدۇ؛ دەرۋازام ئالدىغا ئەلەم، ھۆرمەت تاختىسى ئېسىلىدۇ... راھەتنى دېسەم، پايتەخت ئەمەلدارلىرىدىن بولۇشۇم مۇمكىن...پۇل تاپاي دېسەم يېزا ئەمەلدارلىرىدىن بولۇشۇم مۇمكىن، ئەگەر ئۇنداق بولمىسىچۇ؟ ياق! بۇ توغرۇلۇق ئويلىماي قوياي...

چىن سىچېڭنىڭ ئادەتتە بوداپ قويغان بوداقلىرى، گويا قەندىن ياسالغان مۇنار سۇدا ئېرىپ تۆكۈلگەندەك، بىردەمدىلا

يوقۇلۇپ كەتتى . ئۇ ئىختىيارسىز هالدا ئارقىسىغا بۇرۇلـدىدە، هوشىنى يوقاتقان هالدا ئويىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇئوينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېرىشى بىلەن، يەتتە ئوقۇغۇ-چىسى ئاۋازلىرىنى قويۇپ بېرىپ، دەرسلىرىنى يادلاشقا باش-لىدى. چىن سىچىڭ خۇددى دۇمباق چېلىنغانـدەك بىردىنلا قاتتىق چىققان بۇ ئاۋازلاردىن چۆچۈپ كەتـتى. ئورىمە چاچ-لىرى ساڭگىلاپ تۇرغان بۇ يەتتە بالىنىڭ باشلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، خۇددى ئوينى بىر ئالغانـدەك قىمىرلاشقا باشلىدى، چىن سىچىڭ بەلدىڭگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار دەرس-لىكلىرىنى كوتۇرۇپ كېلىشتى ۋە ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۇنى كوزىگە ئىلمىغانلىق كورۇنۇپ تۇراتتى.

—قايتىڭلار. —چىن سىچىڭ بىر ئاز قايغۇلۇق هالدا تۇر-غاندىن كېيىن سوزلىدى.

باللار ئالـدىراپ- ئۇشقۇراپ كىتاپـلىرىنى ژىغىشتۇرۇپ، خۇددى هاۋادىـكى ئىس تارقىغانـدەك غايىپ بولۇشتى. چىن سىچىڭنىڭ كوز ئالـدىدا باللارنىڭ باشلىرى تېخىچە مىدىرلى-غاندەك قىلاتـتى ۋە ئۇلار بىر تۇرۇپ قارا-قۇرا بىرنىملەرگە ئايلىنىپ، بىر تۇرۇپ قانداقتۇر بىر ئاجايىپ شەكىللەرگە كىر-گەندەك بولاتتى.

—بۇ قېتىممۇ ئۇمىت قالمىدى!

چىن سىچىڭ چۆچۈپ، سەكـرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ

قۇلىغى تۇۋىدە تاھايىتى ئوچۇق بىر ئاۋاز جاراڭلىغاندەك بول-
دى. ئۇ بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىدى - ھېچكىم يوق. بىردىنلا ئۇنىڭ
قۇلىغى تۇۋىدە گويا كىمدۇر بىرى دۇمباق ئۇرغاندەك قىلدى-
ئۇ ئۆزىچە سوزلەندى:

— بۇ قېتىممۇ ئۈمىت يوق.

ئۇ بىردىنلا قولىنى كوتۇرۇپ، بارماقلىرى بىلەن ساناشقا
باشلىدى...ئون بىر، ئون ئىككى...بۇ ژىلقىسىنى قوشسام ئون
ئالتى قېتىم ئىمتىھان بەردىم. ماقالىغا باھا بېرەلىگىدەك بىرمۇ
ئىمتىھانچى يوق؛ كوزى ئوچۇق تۇرۇپ تونۇمىسا، بۇ ئېچىنىشلىق-
دەك بىر ئىش!... چىن سىچىڭ ئىختىيارسىز كۈلدى. لېكىن
ئۇ يەنە شۇ زامانلا خاپا بولىدى - دە، جىلتىسىدىن ئىمتىھانغا
يازغان نەسرى ۋە نەزمىلىرىنى ئېلىپ، تاشقىرىغا قاراپ ماڭدى.
لېكىن بوسۇغىغا بېرىپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كوزىگە بىر يورۇق-
چۇلۇق كورۇندى، ئۇنى ھەممە نەرسە، ھەتتا توخۇلارمۇ زاڭ-
لىق قىلغاندەك تۇيۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ژۈرىگى دۈك دۈك
- دۈك سوقۇشقا باشلىدى، ئۇ ئارقىسىغا ياندى.

ئۇ ئويىگە كىرىپ يەنە ئولتۇردى، ئۇنىڭ كوزىدىن ئوت
چاقنىماقتا. ئۇنىڭ كوزىگە نۇرغۇن نەرسىلەر كورۇنمەكتە، لېكىن
ئۇنەرسىلەر ناھايىتى غۇۋا ئىدى، ئۇنىڭغا ئىستىقبال خۇددى ژى-
قىلىپ چۈشكەن قەنت مۇنارىغا ئوخشاش ۋەيرانە بولۇپ كورۇ-
نەتتى ۋە بۇ ۋەيرانلىق خارابىسى بارغانسىرى يوغۇناپ، ئۇنىڭ

يولنى توسقاندەك بولاتتى.

خوشنا ئويلەردە غىزا قىلىشقا يىقىلغان ئوتلار ئالىلىقاچان ئوچتى، ھەتتا ئۇلار قاچا - قۇمۇشلىرىنىمۇ ژۇيۇپ - ژىغىشتۇرۇپ بولدى. چىن سىچىڭ بولسا، كەچكى غىزا توغرۇلۇق ئويلاپمۇ باقمىدى. بۇيەردە ئولتۇرۇشلۇق ھەرخىل فامىلىيەدىكى كىشىلەر ئوتكەن ژىللاردىكى تەجرىبىلىرىدىن، ھەرژىلى ئىمتىھان ئاخىرلاشقاندا ئىمتىھاندىن ئوتكەنلەرنىڭ ئىسىملىكلىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن چىن سىچىڭنىڭ كوزىدە پەيدا بولۇدىغان نۇرنى كورۇپلا، بالدۇرراق ئىشىكلىرىنى تاقاپ يېتىشنى ۋە بىھۇدە ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئاۋازلىرى بېسىلدى، ئاندىن كېيىن چىراقلار كەينى - كەينىدىن ئوچتى، پەقەت ئاسماندىكى گۈگۈمدىن باشقا نەرسە قالمىدى.

چىن سىچىڭ ئىشىكنى ئېچىپ ھويلىغا چىقتى، دېڭىزگە ئوخشىغان كوك ئاسماندا بەزى بۇلۇتلار، خۇددى بىراۋلار سۇ بىلەن ژۇغان بور (ئاھاك) نىڭ دۇغى قاچىدا لەيلىگەندەك، ئۈزمەكتە ئىدى. ئاي ئوزىنىڭ سوغۇق شولىسىنى چىن سىچىڭغا چاچتى، ئۇ نۇر دەسلەپتە پاقىراپ تۇرغان تومۇردىن چىققان نۇرغا ئوخشايتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ چىن سىچىڭنىڭ بارلىق ئەزاسىغا سىرلىق چېچىلىپ، ئۇنىڭ گەۋدىسىدىن تومۇردىن چىققان نۇردەك ئەكسى ئېتەتتى.

چىن سىچىڭ ھويلىدا ئۇياق ـ بۇياققا ماڭدى. ئەتراپتا جىم ـ جىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئۇنىڭ كوڭلى بىر ئاز ئىمىن تېپىپ، كوزلىرى خىيالى يورۇدى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ تېچلىقنى يېڭىۋاشتىن بۇزۇۋالدى، ئۇ كىمدۇر بىرىنىڭ:

«سولغا ئېگىلىش، ئوڭغا ئېگىلىش...» دېگەن ئالدىراش چىققان ئۈنىنى ئاڭلىدى.

تەشۋىشلەنگەن چىن بېشىنى بىر تەرەپكە قىڭغايتىپ، دىققەت بىلەن تىڭشاشقا باشلىدى، ئۇ ئاۋاز:

«ئوڭغا ئېگىلىش...» دەپ تېخىمۇ قاتتىق تەكرارلاندى.

ئۇنىڭ ئويىنى بىر خاتىرە باستى، ئۇ بۇ ھويلىدىكى سالقىن يازكېچىلىرىنى ئەسكە چۈشۈردى. ئۇ دەۋردە چىننىڭ ئائىلىسى تېخى ۋەيران بولمىغان ئىدى، ئۇچاغدا، ئۇ ئون ياشلاردا ئىدى. تىنجىق كېچىلىرى ئۇ ھويلىدا ئۇخلاتتى، مومىسى ئۇنى بامبۇكتىن ياسالغان كارىۋاتقا ياتقۇزاتتى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان ئاجايىپ رىۋايەتلەرنى سوزلەپ بېرەتتى. مومىسى ئوزىنىڭ مومىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى تەكرارلاتتى: ئىلگىرى چىن ئەۋلادى ناھايىتى باي بولغان، ھازىر ئۇلارنىڭ ئويى تۇرغان جايغا چىننىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ھېساپسىز نۇرغۇن كۈمۈش كۆمۈپ قويغان ئىمىش، لېكىن بۇ دۇنيا تاھازىرغىچە تېپىلمىغان. پەقەت مۇنۇ تېپىشماقنى تاپقان ئەۋلاتقىلا تەئەللۇق ئىمىش: «سولغا ئېگىلىش، ئوڭغا ئېگىلىش، بىر قەدەم ئالغا، بىر قەدەم ئارتقا، مانا بۇجايدا

ئالتۇن، كۈمۈش چارەك ـ چارەكلەپ بار».

چىن بۇئىپپىشماقنى ئېيىشقا تىرىشىپ، ھەتتا ئادەتتىكى كۈنـ لەردىمـۇ پات ـ پاتـلا بېشىنى قاتۇراتـتى، لېكىن ئامال يوق، ھەردايىم ئۇئويلاپ ـ ئويلاپ ئاخىرى تاپتىم دېـگەن چاغـدا، ئۇنىڭ سىزىم تۇيغۇلىرى ئالدانغانلىقىنى ئېيتىپ تۇراتتى.

چىن بىر كۈنى بوغەزنە تاڭ ئائىلىسىگە ئىجارىگە بېرىلـگەن ئۆينىڭ ئاستىغا كومۇلگەن دەپ، ئوزىنى ـ ئوزى ئىشەندۈردى، لېكىن ئۇيەرگە بېرىپ كولاشقا پېتىنالمىدى. بىر نەچچە ۋاختلار ئوتكەندىن كېيىن ئۇئوزىنىڭ بۇ قېتىممۇ خاتالاشقانلىقىنى سەزدى.

ئوزى ئولتۇرغان ئويىنىڭ ھەممە يېرى ئورا ـ ئورا بولـۇپ كولۇنۇپ كەتكەن ئىدى. چىن ئۇلارنى مۇۋەپپىقىيەتسىز ئىمتىـ ھانلاردىن كېيىن خاپىلىقتا كولىغان ئىدى، كېيىن بۇ مەنىسىز ئىشلارنىڭ ئىزلىرىغا قاراشقا ئۇيۇلۇپ ژۈرەتتى.

مانا بۇگۈنمۇ تومۇردىن چىققان نۇر چىن سىچىڭگە تېچلىق بەرمەي، قىـزىقتۇراتتى، ئۇپەقـەت ئوز جاسارىتىنىڭ كۈچىنى بايقاپ كورۇش ئۇچۇنلا، توختاپ تۇراتتى. ئاخىرى ئۇچىدالـ مىدى ۋە بۇرۇلۇپ، ئوز ئويىنىڭ ئوچۇق ئىشىگىگە قارىدى.

ئۇ يەردە، ئاق نۇر گويا سوزۇق ئاق يەلپۇگۇچكە ئوخشاش يالتىراپ تۇراتتى.

«نىمىلا بولسا، ئۇ مۇشۇ يەردە!» دەپ ئويلىدى چىن ۋە شىردەك چاققانلىق بىلەن ئويگە ئېتىلدى، كىرىشى بىلەن ئاق

نۇر غايىپ بولدى. ئۇكونا، ئىگىسىز قالغان ئۆيىنىڭ ئىچىدە پەقەت بىر نەچچە كىتاپ قويۇلغان سۇنۇق جوزىلارلا تۇراتتى، چىن ناھايىتى دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، نۇر روشەنرەك ۋە تازاراق، ئەتكەنلىك تۇماندىنمۇ نازۇكراق بولۇپ، ئۆيىنىڭ شەرقىي تېمىغا يولەكلىك تۇرغان ئۇستەلنىڭ ئاستىدىن چىقاتتى.

چىن سىچىنىڭ خۇددى شىردەك سەكرەپ، ئىشىك تەرەپكە ئېتىلدى، ۋە بەلگۇجەك ئاختۇرۇشقا باشلىدى، ئۇ قانداقتۇر بىر قارا كولەڭگۈگە دۇچار بولۇپ، قورققىنىدىن چۇچۇپ كەتتى، چىراقنى ياندۇردى، بەلگۇجەك ئوز ئورنىدا ئىدى، چىن ئۇستەلنى نېرىراق ئىتتىرىۋېتىپ، بەلگۇجەك بىلەن يوغان تورت خىشنى ئۇرۇپ چىقىرىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇردى. خىشنىڭ تېگىدە تاپ-تازا سىبىرىق قۇم يېيىلغان ئىدى، چىن يېگىنى تۇرۇپ، قولى بىلەن قۇمنى چىقاردى، ئۇنىڭ ئاستىدىن قارا توپاچىقتى، ئۇدىمىنى قىسقان ھالدا ئېھتىيات بىلەن كولاشنى داۋام قىلماقتا، لېكىن تونىنىڭ جىم-جىتلىغىدا گۇجەكنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى ژىراقلارغا تارالماقتا ئىدى.

چىن يەرنى بىرگەزچە كولىدى، لېكىن كۇمۇش سىپىلىنغان قاچىلار تېخىچىلا كورۇنمەيتتى، ئۇغەزەپلىنىپ قالدى. شۇ ھالدا گۇگۇرلىغان بىر ئاۋاز چىققاندەك، ئۇنىڭ قولدىكى بىر نەرسىگە قاتتىق تەككەندەك بولدى. چىن گۇجەكنى تاشلاپ، دەررو قاتتىق

نەرسنى قولى بىلەن تۇتۇپ كوردى، بۇ يوغان بىرخىش ئىدى، چىننىڭ ژۇرىگى قاتتىق دۇپۇلدەپ كەتتى، ئۇ بارلىق كۇچىنى ژىغىپ، خىشنى تارتىپ چىقتى، ئۇنىڭ تېگىدە يەنە قارا توپا! چىن توپىنى قوللىرى بىلەن كۇرەشكە باشلىدى، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قولىغا قانداقتۇر بىر قاتتىق، كىچىكىنە نەرسە ئۇرۇندى. ئۇنىڭ كوزى دات يەپ كەتكەن كونا ياماقىغا چۇشتى، بۇ يەر-دىن بىر نەچچە چىنە سۇنۇقلىرىمۇ تېپىلدى.

چىننىڭ ژۇرىگى ئېغىپ كەتتى، ئۇتەرگە چوكۇپ، توپىنى تاشقىرىغا تاتىۋەردى. كوپ ئوتمەستىن يەنە قانداقتۇر بىر تاقىغا ئوخشاش نەرسە قولىغا ئۇرۇندى، لېكىن ئۇ تۇتۇپ بېقىپ، ئۇ نەرسىنىڭ ناھايىتى چۇرۇك ئىكەنلىكىنى بىلدى، چىن ئۇنى ئېھتىيات بىلەن قولىغا ئېلىپ، لامپىنىڭ يورۇغىدا دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى، بۇ چىرىپ كەتكەن ئىگەك سۇڭىكى ئىدى، ئۇنىڭدا تېخىچە چىشنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپتۇ. «بۇئىگەك سۇڭىكى» دەپ ئويلىدى چىن تېپىلغان نەرسىگە دىققەت بىلەن قاراپ. ئىگەك سۇڭىكىمۇ بىردىنلا تىرىلىپ، ئۇنىڭ قولىدا تورۇپ مىدىرلاشقا باشلىغانىدەك تۇيۇلدى، بە-جايىكى، ئۇ چىنگە قاقاخلاپ كۇلۇپ:

—مانا بۇ قېتىممۇ ھەممىسى تامام بولدى!—دەپ ئېيتقاندەك قىلاتتى.

بۇ دەھشەتلىك ئەھۋالدىن كېيىن، چىننىڭ پۇتۇن بەدىنى

تىترەپ كەتتى، ئۇنىڭ بارماقلىرى بوشاپ، قولىدىكى ئىگەك سۆڭگى ئورنىغا دوگۈلەپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپ، ئۆيىنىڭ ئىچىگە مارىلاپ قارىدى، ئۇيەردە ئاۋاقىلەكلا چىراقنىڭ ئوتى پىلدىرلىماقتا ۋە ئىگەك سۆڭگى ئادەمنىڭ قورقۇنۇسى كەلگۈدەك ھالدا قاقاخلاپ كۈلمەكتە ئىدى. ئۇ پىشايۋانغا يۈگۈرۈپ كوزىنى يۇمدى، تۈنىنىڭ جىم-جىتلىقى ئۇنى تىپچىلاندۇراتتى.

لېكىن شۇ تىپچىلىقتا يەنە بىردىنلا ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە تونجۇققان ئاۋاز بىلەن:

— بۇ يەردە ھېچنەرسە يوق... تاققا چىق... — دېگەن سوزلەر ئاڭلاندى.

چىنىنىڭ ھارغان مىڭىسىگە غۇۋا بىر خاتىرىنىڭ يالقۇنى كەلدى. كۈندۈزى كوچىدا، ئۇنىڭغا بۇ سوزلەر ئاڭلانغان ئىدى. شۇڭا ئۇ سوزلەر بىلەن ھەممىنى چۈشەندى، ئۇ كەسكىن رەۋىشتە بېشىنى ژۇقۇرى كوتەردى، ئاي شىگاۋفىڭ چوققىسىغا يېقىنلاشماقتا ئىدى. شەھەردىن 35 يول ژىراقلىقتىكى بۇ تاغ ئۇنىڭ كوز ئالدىدا پەيدا بولدى، تاغنىڭ قارا ۋە ئوركەشلىك چوققىلىرى ئاسمانغا تىرەلمەكتە، ئەتراپ بولسا چەكسىز ئاق نۇر بىلەن قاپلانغان ئىدى. ئەنە بۇ تۇتۇق بەرمەس نۇر!

— تاققا قاراپ مېڭىش كېرەك!

ئىشىكنىڭ ئېچىلىپ دەررۇ يەنە يېپىلغان ئاۋۇشى ئاڭلاندى،

يەنە ھەممە ئەتراپ تىپ ـ تىنچ بولدى، ھويلىدا ھېچكىم بۇزال ـ
ماس جىم ـ جىتلىق ھوكۇم سۇرمەكتە. ئوچۇق لاۋۇلداپ كەت ـ
كەن چىراق ئوتى بوش قالغان ئوينى ۋە ئۇنىڭدا كولانغان
ئورنىنى يورىتىۋەتتىدە، پىژىلداپ ئوچۇپ قالدى، ئەسلىدە چى ـ
راقنىڭ يىغى يېنىپ تۈگىگەن ئىدى.

تاڭ سەھەردە، شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسى تەرەپتىن:
«دەرۋازىنى ئېچىڭلار...» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، تىترەپ
چىققان بۇ ئاۋازدىن ھەم ئۈمىت، ھەم ئۈمىتسىزلىك ئىپادىلەندى.

ئىككىنچى كۈنى كىمدۇر بىرى غەربىي شەھەر دەرۋازىسىدىن
15 يول ژىراقلىقتىكى ۋەن ليۇ كولىدەلەيلەپ قالغان بىر جەسەدنى
كورگەنلىكىنى ئېيتتى، بۇ يېڭى خەۋەر دەرھال تارقىلىپ، ئاخى ـ
رى ئاقساقالنىڭ قۇلىغىغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاقساقال يېزا
خەلقىگە جەسەدنى قىرغاققا چىقىرىشقا بويرۇق بەردى، بۇ ـ يېشى
ئەللىكلەردىن ئاشقان، ئوتتۇرا بويلۇق، ساقالسىز ئەركىشى ئىدى.
ئۇنىڭ ئۈچىسىدا ئىشتان ـ چاپانمۇ يوق ئىدى، بۇنى چىنسىچىڭ
دېگۈچى كىشىلەرمۇ بولدى، لېكىن ئۇنىڭ خوشنا ـ خولۇملىرى ئۇنى
بېرىپ كورۇشكە ئېرىنىدى، ئۇرۇق ـ تۇققان، قومى ـ قېرىنداش ـ
لىرى چىقمىدى، ناھىيە باشلىقلىرى تەكشۇرۇپ بولغاندىن كې ـ
يىن، مۇردا ئاقساقال ئارقىلىق دەپىن قىلىندى.

بۇ ئولۇمنىڭ سەۋەبىنى ھېچبىر كىم سوراپمۇ باقمىدى، ئول ـ

گەن ئادەمنىڭ كىيىم - كېچىگىنى يەشتۈرۈپ ئېلىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلانغان ئىدى ۋە بۇۋەقە بولاكچىلار قولىدا ئۆلىدىكەن دېگەن گۇمانىنىمۇ تۇغدۇرمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلۈكنى تەك- شۈرگۈچى ئەمەلدار ئۆلگەن كىشىنىڭ تىماقلىرىنىڭ لاي بولۇ- شىدىن، ئۇ ئۆزىنى - ئۆزى ئۆلتۈرگەن دەپ تاپتى، چۈنكى ئۇ سۇنىڭ تېگىگە چۆكۈپ كېتىپ بېرىپ، جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قوللىرى بىلەن تىرمىشىپ، يامىشىپ، تىپىرلىغان بولۇشى كېرەك، دېيىشتى.

1922 - يىل ئىيۇن.

# توشقان بىلەن مۈشۈك ①

ئىچكەركى هويلىمىزدا ئولتۇرۇشلۇق سەن تەتەي يازدا ئوغلىغا بىر جۈپ ئاق توشقان سېتىۋېلىپ بەردى.

بۇ توشقانلار ئانىسىدىن ئايرىلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن ۋاخىت بولمىغان بولسا كېرەك. ناچىنىس بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر ــ بىرىگە ئىجىللىقى كورۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن كىچىككىنە قىزغۇش قۇلاقلىرىنى تىك تۇتۇپ، بۇرۇنلىرىنى قىمىرلىتىپ، ئۈركىگەندەك قاراشلىرى كىشىلەردىن يېتىرقىغانلىقىدىن، ئوز ئۇگىسىدىكىدەك خاتىرجەم بولالمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. بازار كۈنلىرىدە بۇنداق نەرسىنى ئوزى سېتىۋالسا، ھەر بىرىنى كوپ بولسا 20 داچەندىن ئېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن سەن تەتەي دۇكانغا كىشى بۇيرۇپ ئالدۇرغاشقا، بىر سەردىن تەڭگىگە سېتىۋالدى.

تەبىي، باللار ناھايىتى خوشال بولۇشتى، ئۇلار ۋاڭ ــ چۇڭ قىلىپ، توشقانلارنى ئوراپ ئېلىپ تاماشا قىلدى؛ چوڭ كىشىلەرمۇ كېلىپ كورۇشتى، S ناملىق بىر كىچىك ژوگورۇپ كېلىپ، بىر بۇراپلا بۇرنى بىلەن پۇرقۇپ، ئارقىسىغا بىر نەچچە قەدەم ياندى. سەن تەتەي:

— ھەي S. گەپ ئاڭلا! چىشلەپ سالما! — دەپ ۋاقىراپ، S نىڭ بېشىغا بىرنى ئۇردى، شۇنىڭ بىلەن S ئارقىسىغا قايتىپ، زادىلا چىشلىمەيدىغان بولدى.

بۇ بىر جۈپ توشقان كوپ ۋاخىت ئارقىدىكى كىچىك ھويلىغا قاماپ قويۇلدى. چۈنكى، ئۇلار تاملارغا يېپىشتۇرۇلغان قەغەزلەرنى تاتىلاپ، بەزىدە ياغاچ جابدۇقلارنى غاجىلاپ قويىدىكەن.

بۇھويلىدا بىر تۈپ ياۋا ئۈژمە بار ئىدى. ئۈژمە يەرگە تۆكۈلسىلا، توشقانلار شۇنى يەپ، ئەسلى ئوزۇغى بولغان پالەكنى يېمەيدىغان بولدى. قاغا، سېغىزخانلار يەرگە چۈشۈشكە ئۇرۇنسا، توشقانلار بىر تۇرۇلۇپ ئېلىپ، ئاندىن كېيىن ئارقا پۇتى بىلەن «تاق» قىلىپ سەكرەپ، قاغا، سېغىزخانلارنى قاچۇراتتى. بىر نەچچە قېتىم شۇنداق قىلىش بىلەن قاغا، سېغىز خانلارمۇ كەلمەيدىغان بولدى.

سەن تەتەي: قاغا بىلەن سېغىزخان كەلسە ھېچگەپ يوق، ئۇلار كەلسە، كوپ دېگەندە ئازغىنە ئوزۇقىنى يەپ كېتىدۇ، خالاس؛ ھەممىدىن يامىنى يوغان قارا مۈشۈك: ئۇھېمىشە پاكار تام توپىسىدىن مارايدۇ، بۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك؛ بەختىمگە S بىلەن مۈشۈك چىقىشالمايدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ بىرەر چاتاق چىقماس دەيتتى.

بالىلار ھېمىشە توشقانلارنى تۇتۇپ ئوينايتتى. توشقانلارمۇ

كونۇپ قالـدى. ئۇلار قولاقلىرىنى دىڭگايتىپ، بۇرۇنـلىرىنى مىدىـرلىتىپ، بالىلارنىڭ قورشاۋى ئىچىدە ياۋاش بولۇپ تۇ-راتتى. لېكىن پەيـت تاپسىلا قېچىپ كېتەتتى. ئۇلار تۇنـدە ئۆينىڭ ئارقا پىشايۋىنى ئاستىدىكى پاخال سېلىنغان كىچىككىنە ياغاچ ساندۇقتا ياتاتتى.

شۇنداق بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، توشقانلار بىر-دىنلا ئالـدى پۇتى بىلەن تارمىلاپ، كەينى پۇتـلىرى بىـلەن تېپىپ، توپاكولىغىلى تۇردى. ئۇلار توپىنى ناھايىتى چاپسان كولىدى، بىردەم كۈن ئىچىدە چوڭقۇر بىر ئازگال پەيدا قىلدى. بۇنىڭغا ھەممەيلەن ھەيران قالدۇق، كېيىن دىققەت بىلەن قارـساق بىرسىنىڭ قورسىقى بىرسىدىـن يوغىناپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئەتىسى خېلى ۋاقىتچە پـاخال ۋە غازاڭلارنى ئازگالغا توشۇش بىلەن شۇغۇللاندى.

ھەممەيلەن، توشقاننىڭ بالىلىرىنى كورۇدىغان بولدۇق، دەپ خوشال بولدۇق. سەن تەتەي: بۇنـدىن كېيىن توشقانـلارنى تۇتۇپ ئوينىماڭلار، دەپ بالىلارغا ھەربىري ھالەت بۇيرۇغى چۈ-شۈردى. ئانامـۇ ئۇلارنىڭ ئۇرۇغـىنىڭ كوپـۇيۇشىگە خوشال بولۇپ، تۇغۇلغان بالىلىرى ئەمچەكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بىزمۇ ئىككىنى سوراپ ئېلىپ ئۆزىمىز باقايلى، دېدى.

توشقانلار شۇندىن باشلاپ، ئۆزلىرى كولىغان ئورىدا تۇرىـدىغان بولدى. بەزـىدە ئۆزۈق ئىزلەپ چىقسىمۇ، كېيىن يەنە

كوزگە كورۈنمەيدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئىلگىرى ئوزۇق ئەكرىسۋالغانلىقى ياكى ئوزۇق يېمەس بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم ئەمەس ئىدى.

ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سەن تەتەي ماگا:

— تۇغۇلغان بولسىمۇ، يەنە ئولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ. چۈنكى چىشىسىنىڭ ئەمچەكلىرى ناھايىتى يوغان تۇرۇدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا بالىلىرىنى ئىمىتكىلى كىرگىنىنى كورمىدىم. — دېدى ۋە ئۇ سوز ئارىلىقىدا خېلىلا ھەسرەت يېدى. لېكىن ئۇنىڭغا نىمە ئامال بار!

بىر كۈنى كۈن ناھايىتى ئىسسىق، ھاۋادا شامالمۇ يوق ئىدى، ئۈژمىنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ شىلدىرلىمايتتى. بىردىنلا بىر مۇنچە كىشىنىڭ كۈلكىسى ئاڭلاندى. كۈلكە چىققان تەرەپكە قارىسام، بىر مۇنچە ئادەم سەن تەتەينىڭ ئويىنىڭ ئارقىسىدىكى پىشايىۋان ئاستىغا توپلۇشۇپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەسلىدە، ھويلىدا بىر كىچىك توشقان سەكرەپ ئويناۋاتقان ئىكەن. بۇ توشقان ئاتائانىسىنىڭ سېتىپ كېلىنگەن ۋاختىدىكىدىن خېلىلا كىچىك بولسىمۇ، ئارقا پۇتى بىلەن تاقلاپ، سەكرەپ ئوينىيالايتتى. بالىلار بەس- بەس بىلەن:

— بىر كىچىك توشقان ئازگالدىن بېشىنى چىقىرىپلا، يەنە ئىچىگە تىقىۋالدى، ئۇ بۇنىڭ ئۇكىسى بولسا كېرەك. — دېيىشتى ماگا.

كىچىك توشقان يۇڭۇرماقلارنى تېرىپ يېيىشكە باشلىسا، چوڭ توشقان روخسەت قىلمىغاندەك قىلىپ، پات ــ پات بۇلاپ ئالاتتى، لېكىن ئۆزى يېمەيتتى. باللار بۇنى كورۇپ، چۇرۇڭلۇشۇپ كۇلۇشـ تى. ھېلىقى كىچىگى ئاخىرى چۆچۈپ، ئورنىغا كىرىۋالدى. چوـ ڭىمۇ ئارقىدىن ئورنىنىڭ ئاغزىغا ژۇگۇرۇپ بېرىپ، ئالدى پۇتى بىلەن بالىسىنىڭ دۇمبىسىدىن ئىشتىرىپ كىرگۇزىۋەتكەنىدىن كېيىن يەنە توپا كولاپ ئورنىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋەتتى.

شۇندىن باشلاپ ئارقاھويلا تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كەتتى، بەزىلەر پات ــ پات دېرىزىلىرىدىن ماراپ قارايدىغان بولدى.

لېكىن بىردىن توشقانلارنىڭ كىچىگىمۇ ۋە چوڭلىرىمۇ كورۇنـ مەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇچاغلاردا ئۇدا يامغۇر يېغىۋاتاتتى. سەن تەتەي يەنە چوڭ قارامۇشۇكنىڭ توشقانلارغا ھۇجۇم قىلىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى. مەن، ئۇنداق بولماس، چۈنكى ھازىر ھاۋا سوغۇق، ھەممىسى سوغۇقتىن قېچىپ ياتـ قاندۇر، ھاۋا ئېچىلغاندا تاشقىرىغا چىقىپ قالار، دېدىم.

ھاۋامۇ ئېچىلدى. لېكىن ھېچبىرسى كورۇنمىدى. شۇنىڭ بىلەن توشقان ھەممەيلەننىڭ خاتىرىدىن كوتۇرۇلۇپ كەتتى.

لېكىن سەن تەتەي ئۇلارنى ھېمىشە پالەك بىلەن باقماشقا، ئۇلارنى زادىلا ئۇنتالمىدى. ئۇ بىر كۇنى ئارقا ھويلىغا كىرىپ، بىردىنلا تامنىڭ بۇلۇڭىدا باشقا بىر تۇشۇكنى كوردى. كونا ئورنىغا قارىسا، بىر مۇنچە تاتىلغان ئىزلار ئاندا ــ ساندا كورۇنۇپ

تۇرۇپتۇ. بۇ ئىزلارنى توشقاننىڭمىكى دېسە، ئىزدىن مەلۇم بولغان ئىرماقلار توشقاننىڭكىدىن چوڭ. شۇڭا سەن تەتەي ھېمىشە تام تۈپىسىدىن مارايدىغان قارا مۈشۈكتىن گۇمانلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنى كولاشقا بەل باغلاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بەل كەتمەننى ئېلىپ چىقىپ كولاۋەدى. بىر تەرەپتىن گۇمان قىلسىمۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن كىچىك ئاق توشقانلارنى كورەرمەن دەپ ئۈمىت قىلاتتى. ئۇ ئاخىرى توشقان تۈكلىرى ئارىلاش پاخاللارنى كوردى. بۇ پاخاللارنى توشقانلار تۇغۇش ۋاختىدا ئەكىرگەن بولسا كېرەك، چۈنكى پاخاللار سوغۇق ئىدى، ئۇ يەردە ئاق توشقانلارنىڭ ئىزىمۇ، ھېلىقى ئورىدىن بېشىنى چىقىرىپ، تاشقىرى چىقمىغان ئۈكىسىمۇ كورۈنمەيتتى.

خاپىلىق، ئۈمىتسىزلىك ۋە ھەسرەت سەن تەتەينى تام بولۇڭىدىكى يېڭى تۈشۈكنى كولاشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭ بەل كەتمەننى چېپىشى بىلەن ھېلىقى چوڭ ئىككى توشقان ئالدى بىلەن سەكرەپ چىقتى. سەن تەتەي بۇلار ئوي كوچكەن بولسا كېرەك دەپ، ناھايىتى خوشال بولدى. ئۇ كولاپ تېگىگە يەتكۈزگەندە، بۇ تۈشۈكتىمۇ پاخال ۋە توشقان تۈكلىرىنى، پاخال ئۈستىدە پۈتۈن ئەزايى قىپ-قىزىل گوش ھالىدا ياتقان ناھايىتى كىچىك 7 توشقاننى كوردى. دىققەت بىلەن قارىسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كوزى ئېچىلمىغان ئىكەن.

ھەممە مەلۇم بولدى. سەن تەتەينىڭ ئاۋالقى گۇمانى توغرى

بولۇپ چىقتى. ئۇ خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 7 كىچىك توشقاننىڭ ھەممىسىنى ياغاچ ساندۇققا سېلىپ، ئوز ئويىگە يوتكىدى، چوڭلىرىنىمۇ باللىرىنى باقسۇن دەپ ساندۇققا سولىدى.

سەن تەتەي شۇندىن باشلاپ قارا مۇشۇكنى يامان كورۇپلا قالماستىن، چوڭ توشقانلاردىنمۇ رەنجىدى. ئاڭلىشىمىزچە، ھېلىقى ئىككىسى ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ئىكەن. ئۇلار ھۇجۇمغا ئوچـ راشتىن ئىلگىرى ئولۇپ كەتكەنلەرمۇ بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇلار تۇققاندا پەقەت ئىككى ئەمەس، بىر نەچچىنى تۇغۇدۇ. ئەمما ھەممىسىنى تەكشى ئىستىمىگەنلىكتىن، ئىمەلمەي ـ ئوزۇقـ لىنالماي قالغانلىرى بالدۇر ئولۇپ كېتىدۇ. ھازىرقى 7 سىنىڭ ئىككىسى ناھايىتى ئورۇق ئىدى. شۇڭا سەن تەتەي قولى بوشـ سىلا ئانا توشقاننى تۇتۇۋېلىپ، كىچىك توشقانلارنى ئۇنىڭ قورسىقىغا قويۇپ نوۋەت بىلەن ئەمگۈزىدىغان بولدى.

ئانامنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، توشقان بېقىشتىكى بۇنداق ئاۋا- رىگەرچىلىكنى كورۇش تۇگۇل، ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىكەن؛ بۇ ئۇسۇلنى «تەڭدىشى يوق»لار قاتارىغا يېزىپ قويۇشقا ئەرزىيدۇ.

ئاق توشقاننىڭ ئۇرۇغى تېخىمۇ كوپىيىپ كەتتى؛ بۇنىڭغا ھەممەيلەن خوشال.

ئەمما شۇندىن كېيىن ھېمىشە ئېچىم پۇشۇدىغان بولۇپ قال- دى. يېرىم كېچىلەردە چىراق تۇۋىدە ئولتۇرۇپ ئويلايمەن:

ھېلىقى ئىككى كىچىك جان ئىنسى ـ جىنغا بىلدۈرمەستىن نەگە يوقالغاندۇر؟ ئۇلار مەخلۇقات تارىخىدا بىر ئاز ئىزمۇ قالدۇرمە‑ دى، S مۇ قاۋشمايدىغان بولۇپ قالدى. خىيال سۇرۇپ ئولتۇ‑ رۇپ، كونا ئىشلار يادىمغا چۈشتى. ئىلگىرى ژۇرتداشلار سارى‑ يىدا ئولتۇرغاندا، سەھەر تۇرغاندىلا يوغان قارىياغاچ تۈۋىدە چېچىلىپ ژۇرگەن كەپتەر تۈكلىرىنى كورەتتىم؛ بۇنىڭدىن لاچىن‑ نىڭ كەپتەرنى يەم قىلغانلىغى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. چۈش ۋاختىدا سارايۋەن ھويلىنى سۈپۈرگەندە ھېچنەرسە قالمايتتى، ئۇچاغدا بۇ ھويلىدا بىر جاننىڭ يوقالغانلىغىنى كىم بىلەتتى؟مەن يەنە شىمسىپەيلۇدىن ئوتكەندە ئات ھارۋىسى بېسىۋەتكەن بىر كۈچۈك‑ نىڭ جان تالىشىپ ياتقىنىنى كورگەن ئىدىم، قايتار ۋاختىمدا، ئۇ كۈچۈكنىڭ ھېچنىمىسى كورۈنمىگەن. بىراۋ ژىراققا تاشلى‑ ۋەتكەن بولسا كېرەك. رەستىدە ئۇياق ـ بۇياققا كېتىۋاتقان ئادەم كوپ بولسىمۇ، بۇ يەردە بىر جاننىڭ يوقالغانلىغىنى كىم بىلسۇن؟ يازكېچىسى دېرىزە تېشىدا چىۋىنلەرنىڭ غىڭشىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى، ئېھتىمال چىۋىننى ئۆمۈچۈك تۇتىۋالغان بولسا كېرەك. ئەمما مەن بۇلارنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمايتتىم، باشقىلار بولسا قۇلاقمۇ سالمايتتى......

ئەگەر خۇدانى ئەيىپلەشكە مۇمكۈن بولۇدىغان بولسا، مې‑ نىڭچە، خۇدايىم مەخلۇقاتلارنى ھەقىقەتەن بىھۇدە ياراتقان ۋە بىھۇدە خاراپ قىلىۋاتىدۇ.

«مىغ غ غ غ ......»ــــ يەنە ئىككى مۈشۈك دېرىزە تېشىدا تۇتۇشۇپ قالدى.

ــــ شۇن! مۈشۈكنى ئۇرۇۋاتامسەن؟

ــــ ياق، ئۆزلىرى تالىشىۋاتىدۇ. ئۇلار ماڭا ئورغۇزۇپ قو- يارمىدى.

ئانام مېنى مۈشۈكنى ئۇرۇدۇ دەپ خاپا بولاتتى. هازىر مېنى توشقانلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن دەپ، مۈشۈكنى ئۇرۇ- ۋاتسا كېرەك دېگەن گۇمان بىلەن، ئورنىدىن تۇرۇپ سورى- دى. مەنمۇ ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ئاغزىدا، ھەقىقەتەن مۈشۈكنىڭ رەقىبى ئىدىم. مەن بىر نەچچە مۈشۈكنى هالاك قىلغان ئىدىم، ئادەتتە مۈشۈكنى بولۇپمۇ تېپىشىپ قالغان چاغلىرىدا ئۇراتتىم. لېكىن ئۇلارنى تېپىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، تولامىياڭ- لاپ ــ مىغ ــ مىغ قىلىپ، ئۇخلاتقىلى قويمىغانلىقىدىن، تېپىشىپ قالسا، بۇ قەدەر جېدەل قىلىشىنىڭ نېمە هاجىتى باردەپ ئۇراتتىم.

قارا مۈشۈكنىڭ كىچىك توشقانلارنى هالاك قىلغانلىقى مېنىڭ مۈشۈكنى يامان كۆرۈشۈمنى پۈتۈنلەي قانۇني ئاساسقا ئىگە قىلغان. ئانامنى ھەددىدىن تاشقىرى رەھىمدىل ئادەم دەپ هېساپلايتتىم، شۇڭا مەن ئانام ئانچە ماقۇل كۆرمەيدىغان ئىككى بىسلىق جاۋاپ بەردىم.

ياراتقۇچىمىز تولىمۇ ئويلىماي ئىش قىلدۇ. گەرچە ئۇنىڭ

ئىشىغا ياردەم بېرىشىم ئېھتىمالدىن ژىراق بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا قار-
شى تۇرماي تۇرالمايمەن...

ھېلىقى قارا مۇشۇك پاكار تامدا ھېمىشە گەردىنىنى چىقىرىپ تۇرۇۋۇەمىسۇن! مەن شۇنداق قەتئىي پىكىرگە كەلدىمدە، كىتاپ ساندۇغىدا تۇرغان بىرشىشەكىسلۇتاغا ئىختىيارسىز كۆزسالدىم.

1922 - ژىل ئوكتەبىر.

# ئوردەكنىڭ كومېدىيەسى[1]

روسسىيىنىڭ قارغۇ شائىرى يارۇشىنكو[2] گىتارىنى ھەمراقىلىپ، بېيجىڭگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ۋاخىت ئوتمەستىن ماڭا:

— ئىچىم پۇشتى، ئىچىم پۇشۇپ كەتتى. ئىچىم خۇددى چولدە تۇرغاندەك پۇشتى! — دەپ ھەسرەت توكۇشكە باشلىدى.

بۇ ھەقىقەتەن راست؛ لېكىن مەن ھىس قىلمىدىم. چۇنكى مەن ئۇزۇندىن بۇيان بېيجىڭدە تۇرۇۋاتىمەن. «قىزىل گۇل ئارىسىغا كىرگەن كىشى، ئۇيەردە ئۇزۇن تورسا گۇلنىڭ شېرىن ھىدىنى سەزمەس بولۇپ قالىدۇ» دېگەندەك، يارۇشىنكونى ئانىچىكى ۋايساۋاتسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. لېكىن مېنىڭ «ۋايساۋاتسا كېرەك» دېگىنىم، ئېھتىمال، ئۇنىڭ «ئىچىم پۇشتى» دېگىنىدىن ئىبارەت ئوخشايدۇ.

لېكىن مەن بېيجىڭدە ئەتىياز، كۇز پەسلى بولمىسا كېرەك دەپ ھىس قىلىمەن. بېيجىڭدە كوپ تۇرغان كىشىلەر، كېلىمات ئوزگۇرۇپ كەتتى، بۇ يەردە ئىلگىركى چاغلاردا بۇنداق ئىسسىق بولمايتتى دېيىشىدۇ. مەن بۇ يەردە ئەتىياز ۋە كۇز بولمىسا كېرەك دەيمەن؛ چۇنكى قىشنىڭ ئاخىرلىششى بىلەنلا ياز

باشلىنىدۇ، يازنىڭ تۈگۈشى بىلەنلا، يەنە قىش باشلىنىدۇ.

بىر كۈنى، يەنى قىش ئاخىرلىشىپ، ياز باشلانغان چاغدا، ئاخشىمى بىكار بولۇپ قېلىپ، يارۇشىنكونى يوقلاپ باردىم. ئۇ جۇگەي ئەپەندىنىڭ ھويلىسىدا تۇراتتى. مەن بارغان ۋاقىتتا ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ قالغان ئىكەن. تۈن. جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. يارۇشىنكو ئۆزى يالغۇز كارۋاتتا يۆلۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ساپ-سېرىق چاچلىرى چۈشۈپ تۇرغان دوڭ قاپغىنى تۈرۈپ، ئىلگىرى ساياھەت قىلغان بىرمىنى، بىرمىنىڭ ياز كېچىسىنى خىيال قىلىپ ئولتۇرغان ئىكەن.

— مۇشۇنداق تۈندە، — دېدى ئۇ، — بىرمىنىڭ ھەممە يېرىدە سازياڭرايدۇ. ئۆيدە، ئوت-چۆپلۈكتە، دەرەختلەردە تۈرلۈك ھاشارەتلەر تۈرلۈك ئاۋازلاردا سايرايدۇ؛ ئۇ ئاۋازلار قوشۇلۇپ، قۇلاققا ھەيۋەت مۇڭلۇق ئاڭلىنىدۇ. ئۇ ئاۋازلارنىڭ ئارىسىدا ژىلالىنىڭ «كۈش-كۈش» قىلغان ئاۋازى بولسىمۇ، لېكىن باشقا ھاشارەتلەر ئاۋازىغا جۆر بولۇدۇ... — ئۇ خۇددى ئۆز ۋاختىدىكى ئەھۋالاتلارنى ئەسلىگەندەك، چوڭقۇر خىيالغا كەتتى.

مەن ئېغىز ئاچالمىدىم. مەن بېيجىڭدە ئۇنداق ئاجايىپ سازلارنى ھەقىقەتەن ئاڭلىمىغان ئىدىم. شۇڭا ۋەتەننى ھەر قانچە سۆيسەممۇ، لېكىن بېيجىڭنى ئاقلاپ بىر نەرسە دېيەلمىدىم. چۈنكى يارۇشىنكونىڭ كۆزى كۆرمىسىمۇ، لېكىن قۇلىقى پاڭ ئەمەس ئىدى.

— بىيجىندە پاقىلارمۇ كۇرۇلدىمايدىكەن......— ئۇ يەنە ئۇلۇق كىچىك تىنىپ سوزلىدى.

—پاقا كۇرۇلدايدۇ! —ئۇنىڭ ئۇلۇق كىچىك تىنىشى ماڭا غەيرەت بەردى، شۇڭا نارازىلىق بىلدۇرۇپ سوزلىدىم،—ياز كۇنلىرى يامغۇردىن كېيىن نۇرغۇن پاقىلارنىڭ كۇرۇلدىغىنىنى ئاڭلىيالايسىز. ئۇ پاقىلار ئوستەڭلەردە ياتىدۇ. بىيجىندە قەيەر-دىلا بولمىسۇن ئوستەڭلەر بار.

—ھە......

بىر نەچچە كۇن ئوتكەندىن كېيىن، مېنىڭ سوزۇم ھەقىقەتكە چىقىپ قالدى. چۇنكى يارۇشىنكۇ ئەپەندى 10 نەچچە قۇمۇچاق سېتىۋېلىپ، ھەممىسىنى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كولچەككە سېلىپ قويغان ئىكەن. ئۇ كولچەكنىڭ ئۇزۇنلىقى بىر يېرىم گەز، كەڭلىگى بىرگەز بولۇپ، جۇڭمى ئەپەندى لەڭخا گۇلى ئوستۇرۇش ئۇچۇن كولاتقۇرغان ئىدى. بۇ كولچەكتە بىر توپ-يېرىم تۇپ لەڭخا گۇلى يېتىشتۇرۇلگەنلىگىنى كورمىگەن بولساقمۇ، لېكىن پاقا بېقىش ئۇچۇن ناھايىتى مۇۋاپىق جاي ئىدى.

قۇمۇچاقلار توپ-توپ بولۇپ، سۇ ئۇستىدە لەيلەپ ئوي-نايتتى؛ يارۇشىنكۇ ئەپەندىمۇ پات-پات كېلىپ ئۇلارنى يوخ-لاپ قوياتتى. بەزىدە باللار ئۇنىڭغا:

— ياروشېنكو ئەپەندى، ئۇلار يوت چىقىرىپتۇ. — دېسە، ئۇ خۇرسەن بولۇپ:

— ھە، شۇنداقمۇ! — دەپ كۈلۈپ قوياتتى.

لېكىن كولچەك سازەندىلىرىنى يېتىشتۇرۇش ئىشى پەقەت ياروشېنكو ئەپەندىدىنلا ئوتتى. ئۇ ئەزەلدىن ئوز كۆچى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ھېمىشە: ئايالىلار مال - ۋاراڭ باقسا بولۇدۇ، ئەركەكلەر دىخانچىلىق قىلىش كېرەك دەيتتى. شۇڭا تونۇش بۇرادەرلىرىنى كورگەندە، ئۇلارغا: ھويلاڭلارغا بەيسەي تىرىڭلار، دەپ مەسلىھەت بېرەتتى. جۇڭمى ئەپەندىنىڭ خانىمىغىمۇ ھەرە بېقىڭ، توخۇ بېقىڭ، قوي بېقىڭ، كالا بېقىڭ، توگە بېقىڭ، دەپ بىر نەچچە قېتىم مەسلىھەت بەرگەن ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا، دەرۋەقە، جۇڭمىنىڭ ئويىدە بىر مۇنچە چۇجە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ چۇجىلەر ھويلىنى بىر ئالاتتى، ئۇلار يەردىكى ياپ - يېشىل يوپۇرماقلارنى چوقۇلاپ تۈگەتتى. بۇ ئېھتىمال ھېلىقى مەسلىھەتنىڭ نېتىجىسى بولسا كېرەك.

شۇندىن تارتىپ چۇجە ساتىدىغانلارمۇ پات - پات كېلىپ، بىر نەچچىدىن چۇجىسىنى سېتىپ كېتەتتى. چۇجىلەرنىڭ يوكۈنى ئاسان يوغۇناپ، دانچۇغى قېتىپ قېلىپ، ئۇزۇن ئومۇر كورۇشى ناھايىتى قېيىن ئىدى. ھەتتا چۇجىلەرنىڭ بىرسى ياروشېنكو ئەپەندىنىڭ بېيجىندە يازغان بىردىن - بىر ھېكايىسى «چۇجە-

نىڭ پاچىئەسى»نىڭ قەھرىمانى بولۇپ قالغان ئىدى.

بىر كۈنى چۈشتە ھېلىقى سەرالىق كىشى، كۈتۈلمىگەندەك، ئوردەكنىڭ باللىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار «ۋىس ــ ۋىس» قىلىپ سايراپ تۇراتتى. ئەمما جۇگمى ئەپەندىنىڭ خانىمى ئال-مايمەن دېدى. يارۇشىنكو ئەپەندىمۇ ئۆيىدىن چىقتى. ئۇلار ئوردەكنىڭ بالىسىدىن بىرنى ئۇنىڭ قولىغا سېلىپ بەردى. شۇ چاغدا ھېلىقى ئوردەك ئۇنىڭ قولىدا تۇرۇپ «ۋىس ــ ۋىس» قىلىپ سايراشقا باشلىدى. يارۇشىنكو بۇنىمۇ ياقتۇرۇپ، ھەر بىرىگە 80 داچەندىن پۇل تۆلەپ تۆرتنى ئالدى.

كىچىك ئوردەكلەر ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك ئىدى. پۈتۈن ئە-زايى سېرىق، تۈك؛ يەرگە قويسا ئېغىناپ مېڭىپ، بىر ــ بىرىنى ئىزدىشىپ، ھېمىشە بىر يەرگە ۋىغىلىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەن «ياخشىكەن»دېيىشتى ۋە ئەرتە يېمىگىگە سازاڭ ئەكىلىپ بېرەيلى دېيىشتى.

ــــ بۇنىڭ پۇلىمۇ ماڭا ھېساپ بولسۇن. ــــ دېدى يارۇشىنكو ئەپەندى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرسكە كەتتى، باشقىلارمۇ تارقىلىپ كەت-تى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، جۇگمى ئەپەندىنىڭ خانىمى ئوردەكلەرگە بېرىش ئۈچۈن سوۋۇپ قالغان گاڭپەن ئېلىپ كېلىپ، ژىراقتا سۇچاچقان ئاۋازنى ئاڭلىدى. ژۈگۈرۈپ بېرىپ قارىسا، ھېلىقى 4 ئوردەك لەگەن كولچىگىدە سۇغا چۈ-

مۇلۇپ، موللاق ئېتىپ، بىر نەرسە يەۋېتىپتۇ. ئۇلارنى قاشقا ھايداپ چىقارغاندا، كولچەك سۈيىنىڭ دۇغ بولۇپ كەتكەنلىكى بىلىندى. كېيىن سۇ سۈزۈلگەندە، سۇنىڭ تېگىدىكى لايدىن بىر نەچچە تال ئىنچىكە لەگلەك ژىلىدىزى كۆرۈندى؛ لېكىن ئايغى چىققان قۇمۇچاقلارنىڭ بىرسىمۇ كۆرۈنمىدى.

— يارۇشىنكۇ ئەپەندىم، يوق، پاقىنىڭ بالىسى يوق. — كەچقۇرۇندا باللار يارۇشىنكۇ ئەپەندىنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، ھەممىدىن كىچىك بىرسى دەرھال سوزلىدى.

— ھە. پاقا؟

جۇگمى ئەپەندىنىڭ خانىسىمۇ چىقتى. ئۇ كىچىك ئوردەكلەرنىڭ قۇمۇچاقلارنى يەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئىسست، ئىسست... خەير!...... — دېدى ئۇ.

كىچىك ئوردەكلەر سېرىق تۈكلىرىنى تاشلاپ تولۇگەندە، يارۇشىنكۇ ئەپەندى بىردىنلا ئوزىنىڭ «رۇس ئانىسى*»نى سېغىنىپ، چىتاغا ژۆرۈپ كەتتى.

ئەتراپتا پاقىلار كۆرۈلداشقا باشلىغاندا، ئوردەكلەرمۇ چوڭۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىككىسى ئاق، ئىككىسى ئالا. ئۇلار «ۋىس — ۋىس» قىلىپ سايرىماستىن، «غات — غات» قىلىپ سايرايدىغان بولدى. لەگلەك كولچىكىمۇ ئۇلارنى سىغدۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى.

* رۇسلار ئۆز ۋەتىنىنى شۇنداق ئاتايدۇ.

بەختكە يارىشا، جوڭمى ئەپەنـدىنىڭ هويلىسى ئويمان ئىدى، يازدا بىر ئاز يامغۇر ياغسا، هويلىدا سۇ توختاپ قالاتتى. شۇـ نىڭ بىلەن ئوردەكـلەرمۇ خوشال بولۇپ، چۇمۇپ، ئۈزۈپ، قاناتلىرىنى قېقىپ، «غات ـ غات» قىلىپ سايرايتتى.

هازىر يەنە ياز ئاخىرلىشىپ، قىش باشلاندى. لېكىن يارۇـ شىنكۇ ئەپەندىدىن زادىلا خەۋەر يوق، ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىـ گى مەلۇم ئەمەس.

پەقەت 4 ئوردەك يەنە چولـدە «غات ـ غات» قىلىپ سايـ رىماقتا.

1922 ـ ژىل ئوكتەبر.



يېزا ئويۇنى　　　　لى گېرەن ئىشلىگەن

# يېزا ئويۇنى [1]

ئەگەر قايتۇرۇپ ھېساپلىسام، ئۆتكەن 20 ژىل ئىچىدە پەقەت ئىككى قېتىم ئويۇن (چاڭـچىلە) كوردۇم. دەسلەپكى 10 ژىل ئىچىدە زادىلا كورمىدىم، چۈنكى ئويۇن كورۇشكە ھەۋەسلەممۇ بولمىدى، پۇرسەتمۇ بولمىدى. ئىككى قېتىم ئويۇن كورۇشۇم كېيىنكى 10 ژىل ئىچىدە بولدى، لېكىن ھېچنىمىسىگە چۈشەنمەستىن قايتىپ كەتتىم.

بىرىنچى نۆۋەت ئويۇن كورۇشۇم مىنىڭ بىرىنچى ژىلى بېيجىڭگە بىرىنچى قېتىم كەلگەن ۋاختىمدا بولدى. ئۇ چاغدا بۇرادەرلىرىمدىن بىرسى، بېيجىڭ ئويۇنى ناھايىتى ياخشى بولۇدۇ، ئىچى ـ قارىڭىزنى ئېچىپ كەلمەمسىز؟ دەپ دالالەت قىلدى. مەنمۇ، ياخشى مەسلىھەت ئىكەن، بولۇپمۇ بېيجىڭ ئويۇنىنى كورۇپ ھوزۇرلۇنۇش كېرەك، دېگەن پىكىرگە كېلىپ، بۇرادىرىم بىلەن خوشال ھالدا، قايسى بىر ئويۇنخانىغا باردىم؛ ئويۇن ئاللىقاچان باشلانغان ئىكەن. جاڭ ـ جۇڭ، داڭ ـ دۇڭ ئاۋازلار تاشقىرىدىنمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىشىكتىن كىرىشىمىز بىلەنلا، كوز ئالدىمدا قىزىل ـ يېشىل نەرسىلەر يال ـ يۇل قىلىپ كەتتى،

كېيىن سەھنە ئاستىدا سان ـ ساناقسىز باش كورۈندى. دىققەت بىلەن ئەتراپقا سەپ سالسام، ئوتتۇرىدا بىر نەچچە كىشىلىك بوش ئورۇن تۇرۇپتۇ. قىستىلىپ ئوتۇپ، بوش ئورۇندا ئولتۇ‑راي دەپ تۇرسام، بەزىلەر ماڭا غوتۇلدىغىلى تۇردى. جاڭ ـ جۇڭ، داڭ ـ دۇڭ، ئاۋازلار ئەتراپنى بىر ئالغاشقا، قۇلۇغۇم يېنىمدىكى بىراۋنىڭ «ئادەم بار، بولمايدۇ!» دېگەن سوزىنى ئارانلا ئاڭلىدى.

بىز ئارقىمىزغا ياندۇق، شۇ چاغدا يالتىراپ تۇرغان چېچى‑نى بىرتال قىلىپ ئورۇۋالغان بىراۋ كېلىپ، بىزنى يان تەرەپكە باشلاپ بېرىپ بىر ئورۇننى كورسەتتى. بۇ يەردىكى ئورۇن ئەسلىدە بىر ئۇزۇن بەلدىك ئىدى، ئۇ بەلدىكنىڭ تاختىسى شۇنچە تار ئىدىكى يوتامنىڭ 4 دىن بىردىگە تەڭ كېلەتتى، پۇتى‑نىڭ ئۇزۇنلىغى بولسا پاقالچىقىمدىن 2 ھەسسە ئۇزۇن ئىدى. مەندە ئۇنىڭغا يامىشىپ چىققۇدەك ھەپسىلە بولمىدى، كېيىن بۇ سوراقتا قىينايدىغان قىيناق جابدۇقلىرىنى ئەسلەتتىمدە، چاچلى‑رىم ئىختىيارسىز تىك تۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيەردىن قايتىپ چىقتىم.

خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن، بىردىنلا بۇرادىرىمنىڭ «نىمە بولدى؟» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقامغا قارىسام بۇرادىرىممۇ مېنىڭ كەينىمدىن چىققان ئىكەن.

——شۇنچە قىچقىرسام، گەپ ـ سوز قىلماي كېتىۋەدىڭىزا؟——

دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ.

— بۇرادەر، ئېپىپكە بۇيرىماڭ. قۇلۇغۇم جاڭ - جۇڭ قىلىغان ئاۋاز بىلەن پاكلىداپ، قىچقىرغىنىڭىزنى ئاڭلىماپتىمەن. — دېدىم.

كېيىنكى چاغلاردا بۇنى ھەر بىر ئەسلىسەم، خۇددى بۇ ئويۇن ناھايىتى ناچار ئويۇندەك، ياكى ماڭا يېقىنىدىن بۇيان سەھنە ئاستىدا تۇرۇشقا بىشەپ بولۇپ قالغاندەك، ناھايىتى ھەيران بولۇپ قالىمەن.

ئىككىنچى نوۋەت ئويۇن كورۇشۇم قايسى ژىلدا بولغانلىغى ئېسىمدە يوق. ھەر ھالدا، خۇبېي ئولكىسىدە سۇئاپىتىگە ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن ئىئانە توپلاش ئۇچۇن تەن جياۋتيەننىڭ② ئوينىغان ئويۇنى بولسا كېرەك. ئۇچاغىدا تەن جياۋتيەن تېخى ھايات ئىدى. ئىئانە توپلايدىغان بولغاشقا، بىر بىلەت ئىككى يۇەن ئىدى، بۇنداق بىلەت بىلەن بىرىنچى ئويۇنخانىغا بېرىپ ئويۇن كورگىلى بولاتتى. ئارتىستلەرنىڭ تولىسى داڭلىق ئارتىستلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى شياۋجياۋتيەن ئىدى. مەن بىر بىلەت سېتىۋالدىم، ئەسلى مەخسىدىم ئىئانە توپلىغۇچىلارغا ھە - ھۇ قىلىش ئىدى. لېكىن بەزى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر شۇپەيتتىن پايدىلىنىپ، جياۋتيەننىڭ ئويۇنىنى كورمىگەن كىشى ئەرماندا قالىدۇ، دەپ مېنى قىزىقتۇرغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇندىن بىر نەچچە ژىل ئىلگىرىكى جاڭ - جۇڭ، داڭ - دۇڭ بەلاسىنى ئۇنتۇپ، بىرىنچى ئويۇنخا-

نىغا باردىم. لېكىن بۇ ئويۇنغا بىر نىشىمغا كوپۇنچە قىممەت باھا-
لىق بىلەتنى زايە قىلدۇەتسەم كوڭلۇمنىڭ ئارام تاپمايدىغانلىقى
سەۋەبچى بولدى. ئاڭلىسام، جىياۋتىيەن سەھنىگە ۋاخىچەرەك
چىقىدىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە، بىرىنچى ئويۇنخانە يېڭى ئۇسخىدا
سېلىنغان، ئۇيەردە ئورۇن تالىشىدىغان ئەھۋاللار يوق ئىكەن.
شۇڭا خاتىرجەم ژۇرۇپ، سائەت 9 بولغاندا باردىم. بۇ كېلىشمەس-
لىكنى نەدىن بىلەي، ئويۇنخانىغا ئادەم لىق تولۇپ كېتىپتۇ، ھەتتا
دەسسەپ تۇرغىدەك ئورۇنمۇ يوق؛ نائىلاج، سەھنىگە ھەممە-
دىن ژىراق يەردە توپلۇشۇپ تۇرغان كىشىلەر ئارىسىدا قىستى-
لىپ تۇرۇپ، سەھنىدە غەزەل ئوقۇۋاتقان ئارتىستنى —موماي
رولىنى ئورۇنداۋاتقان ئارتىستنى كوردۇم. ئۇ ئارتىست ئاغ-
زىغا ئوت ياندۇرۇلغان ئىككى تال قەغەز پىلىكنى چىشلىۋاپتۇ،
ئۇنىڭ يېنىدا بولسا بىر مۇئەككەل تۇرۇپتۇ. ئويلاپ - ئويلاپ،
ئاخىرى ئۇ مومايىنى مۇلىيەنىنىڭ③ ئانىسى بولسا كېرەك دەپ پەرەز
قىلدىم، چۇنكى كېيىن يەنە بىر شەيخ چىقتى. لېكىن مەن ئۇ
مەشھۇر ئارتىستنىڭ كىملىگىنى بىلەلمىدىم، شۇڭا سول يېنىمدا
قىستىلىپ تۇرغان سېمىز بەگدىن سورۇدۇم. ئۇ كوزىگە ئىلمىغان
ھالدا، ماڭا بىر ئالىيىپ، «گۇڭ يۇنپۇ!④» دېدى. بۇ پەسلىك
ۋە قوپاللىقتىن كوڭلۇم غەش بولۇپ، يۇزۇم ئوت ئېلىپ كەت-
تى. مىگەمدىمۇ ئەمدى ھەرگىز سورىماسمەن، دېگەن قەتئىي
نىيەت پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ، جۇگانىنىڭ،

بوۋاينىڭ ئويىنىشىنى كوردۇم، ناخشىلىرىنى ئاڭلىدىم، ئۇلارنىڭ قانداق روللارنى ئورۇنداۋاتقانلىقىنى چۈشۈنەلمىدىم؛ بىر گۇ-رۇھ ئادەمنىڭ سەھنىدە بىر-بىرى بىلەن سوقۇشىۋاتقانلىقىنى، گايىدا ئوچۈيلەننىڭ بىر-بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالىغانلىقىنى كوردۇم. كوره-كوره، سائەت 9دىن 10غا، 10دىن 11غا، 11دىن 11 يېرىمغا يەتتى، 11 يېرىمدىن12گە يەتتى. لېكىن جياۋتيەن زادىلا سەھنىگە چىقمىدى.

مەن ئومرۇمدە ھېچقانداق نەرسىنى بۇنداق سەبىرسىزلىك بىلەن كۇتۇپ باقمىغان ئىدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە يېنىمدا تۇرغان سېمىز «بەگ»نىڭ پۇش-پۇش قىلىپ نەپەس ئېلىشى، سەھنىدىن چىقىۋاتقان جاڭ-جۇڭ، داڭ-دۇڭ ئاۋازلار، يالت-يۇلت قىلىۋاتقان ئالا-يېشىلچىلىقلار، يەنە ئۇنىڭ ئۇستىگە سائەتنىڭ 12گە بېرىپ قېلىشى مېنى ماڭا بۇيەردە تۇرۇشقا ئورۇن قالمى-دى، دېگەن ھىسياتقا كەلتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئارقامغا خۇد-دى ماشىنىدەك بۇرۇلۇپلا، كۇچاپ تۇرۇپ تاشقىرىغا قاراپ قىس-تاپ سۇرۇلۇپ باقتىم، ئارقامدا غىچچىدىلا ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئېھتىمال-ھېلىقى سېمىز «بەگ» مېنىڭ قىستىشىم بىلەن چىققان بوش يەرگە گەۋدىسىنىڭ يېرىمىنى جايلاشتۇرۇ-ۋالغان بولسا كېرەك. ئارقامدىن يول ئېچىلمىغاشقا، ئۇستى-ئۇس-تىگە قىستاپ ژۇرۇپ، ئاخىرى دەرۋازىدىن چىقىۋالدىم. كوچىدا تاماشاچىلارنى كۇتۇپ تۇرغان ھارۋىلاردىن باشقا، ھېچكىم كو-

رۇنمەيتتى، پەقەت دەرۋازا ئالدىدا 10 نەچچە ئادەم باشلىرىنى كوتۇرۇپ، ئويۇننىڭ ئىپلانلىرىنى كورۇپ تۇراتتى، يەنە بىر نەچچە ئادەم ئۇنىڭغىمۇ قارىماستىن ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. بۇلار ئويۇن تارقالغاندىن كېيىن چىقىدىغان ئاياللارغا كوز تاشلاش ئۇچۇن تۇرغان بولسا كېرەك ... جياۋتيەن تېخىچە چىقمىدى... ــ دەپ ئويلىدۇم.

تۈن ھاۋاسى، خۇددى «ساپ ھاۋا، جانغا داۋا» دېگەندەك، ناھايىتى يېقىملىق تۇيۇلدى. بېيجىندە بۇنداق ئوبدان ھاۋانى ئۇچرۇتۇشۇم، بىرىنچى قېتىم بولسا كېرەك.

بۇكېچە، مەن ئۇچۇن جۇڭگو ئويۇنى بىلەن خوشلاشقان كېچە بولۇپ ھېساپلاندى. شۇندىن كېيىن ئېسىمگە كەلتۇرۇپمۇ باقمىدىم، ھەتتا بەزىدە ئويۇنخانا ئالدىدىن ئوتۇپ قالغىنىمدىمۇ، خۇددى ئۇنىڭ بىز بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتەك ھىس قىلىدىغان بولدۇم. جۇڭگو ئويۇنى مېنىڭ پىكرى ــ خىيالىم بىلەن ئۇدۇنيا ــ بۇدۇنيالىق بولۇپ كەتتى.

لېكىن بۇندىن بىر نەچچە كۇن ئىلگىرى، كۇتۇلمىگەندەك، بىر ياپونچە كىتاپنى كورۇپ قالدىم، ئەپسۇسكى، ئۇ كىتاپنىڭ ۋە ئاۋتورىنىڭ ئىسمى ئېسىمدىن كوتۇرۇلۇپ قاپتۇ؛ ئۇ جۇڭگو ئويۇنى توغرىسىدا يېزىلغان كىتاپ ئىكەن. ئۇنىڭ بىر بابىدا: جۇڭگو ئويۇنى ناغرا، ۋاقىراش ۋە سەكرەشلەر بىلەن تاماشاچىلارنىڭ بېشىنى گاڭگىرىتىۋېتىدۇ، ئۇ ئويۇن تىياتىرخانىلاردا

ئويناشقا ناھايىتى ئەپسىز، لېكىن دالىدا ئوينۇلۇدىغان بولسا، ژى-
راقتا تۇرۇپ كورسە، پەيزى بار، دېگەندەك مەزمۇنىدا سوز-
لەيدۇ. مەن ئۇنى كورۇپ، خۇددى ئوزەم ئاڭسىز ھىس قىلىپ
ژۇرگەن، لېكىن خىيالىمغا كەلتۇرۇپ باقمىغان گەپنى قىپتۇ، دەپ
ئويلاپ قالدىم. چۇنكى دالىدا ھەقىقەتەن ناھايىتى ياخشى
ئويۇنلارنى كورگەنلىكىم ئېسىمدە بار. بېيجىڭگە كەلگەندە ئىككى
قېتىم ئويۇنخانىغا كىردىممۇ، ئېھتىمال، شۇ چاغدىكى ياخشى
ئويۇنلارنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك. شۇ كىتاپنىڭ ئىسمىنى
ئۇنتۇپ قالغانلىقىمغا ئېچىنىمەن.

مېنىڭ ئۇ ياخشى ئويۇننى كورگىنىمگە، ھەقىقەتەن «ئۇزۇن
زامان» بولدى. ئۇ چاغدا، ۋاللاھىئەلەم، ئون بىر-ئون ئىككى
ياشتا بولسام كېرەك. بىز لۇجېڭ كەنتىدىكىلەرنىڭ ئادىتى بويى-
چە، ياتلىق بولغان ئاياللار ئەگەر ئائىلە ئىشلىرىدا خوجا-
يىنلىقنى ئوز قولىغا ئالمىغان بولسا، ياز ۋاقىتلىرىدا تولىسى
ئانىسىنىڭ ئويىگە قايتىپ يازلايدۇ. ئوز ۋاقتىدا چوڭ ئانام
تېخى تىتىك بولسىمۇ، ئويى ئىشىنىڭ بىر قىسمىنى ئانام ئوز
ئۇستىگە ئالغان ئىدى، شۇڭا ئانام ياز ۋاقىتلىرىدا ئويىگە ئانچە
كوپ قايتالمايتتى، پەقەت تۇپراق بېشىغا چىقىپ دۇئايى-خەي-
رىنى تۇگەتكەندىن كېيىن، بوش ۋاقىت چىقىرىپ، بىر نەچچە
كۇن تۇرۇپ كېلەتتى. شۇ چاغلاردا مەن ھەر ژىلى ئانام بىلەن
بىللە چوڭ ئانامنىڭ ئويىگە باراتتىم.

چوڭ ئانام بار كەنت دەرياغا ئانچە ژىراق بولمىغان، ناھا-
يىتى پايىناپ، پىنـچاۋ دەپ ئاتىلـىدىغان بىر كىـچىك كەنت
ئىدى. ئۇ كەنتتە ياشايدىغان ئاھالى 30 ئويلۇكتىن ئاشمايتتى،
ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېخانچىلىق، بېلىقچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك
قىلاتتى. پەقەت بىر ئويلۇكى ناھايىتى كىچىك بىر مىلىش مال
دۇكىنىنى ئاچاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ كەنت ماڭا بىر جەن-
نەت ئىدى. چۈنكى مەن بۇيەردە ئەركە ئىدىم، ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە «دەريا بويىدا ئايلىنىدۇ، ژىراقتىكى تاغدا تۇرۇدۇ»[5] دې-
گەنلەرنى ياتقا ئوقۇپ بېرىشتىن قۇتۇلۇپ قالاتتىم.

نۇرغۇن كىـچىك بۇرادەرلەر مەن بىـلەن بىللە ئويتايتـتى؛
ئۇلار ژىراقتىن بۇرادىرىمىز كەلـدى دەپ، ئاتا- ئانىلىرىـدىن
رۇخسەت ئېلىپ، ئۆز ئىشلىرىنى سىلىكتۈرۈپ، مەن بىلەن بىللە
ئوينايتتى. كەنتتە بىرەر ئائىلىگە مېھمان كەلسە، ئۇ شۇ كەنتتىكى
ھەممەيلەنـگە ئورتاق مېھمان بولاتتى. بىز تەڭ- تۇش ئىدۇق،
لېكىن ئۇرۇق- نەسەپ جەھەتـتىن ئالغاندا، بەزىـسى ماڭا تاغا
بولاتتى، بىر نەچچىسى تېخى «ئاتا» بولاتـتى. چۈنكى پۈتۈن
كەنتتىكىلەر بىر فامىلىيەلىك بولۇپ، بىـر نەسەپتىن ئىدى. بىز
بىر- بىرىمىزگە ياخشى ئىلىپەت ئىدۇق، شۇڭا توساتتىن جىدەل-
لىشىپ، «ئاتا» بولغۇچى تاياق يەپ قالسا، كەنتتىكى چوڭ-
كىچىك ھەممە ئادەمنىڭ بىرەرتىسىدىنمۇ «چوڭغا قول ياندۇ-
رۇپ ھۆرمەتسىزلىك قىپتۇ» دېـگەن گەپ- سوز چىقمايتـتى،

ئۇلارنىڭ يۈزدە توقسان توققۇزى ساۋاتسىز ئىدى.

بىزنىڭ كوندۇلۈك مەشغۇلىيىتىمىز، كوپۈنچە سازاڭ تۇتۇش ئىدى. ئۇنى تۇتقاندىن كېيىن، سىمدىن ياسالغان قاماقغا ئىلىپ، دەريا بويىدا يېتىۋېلىپ راك تۇتاتتۇق، راك سۇ دۇنياسىنىڭ ئەڭ گول مەخلۇقى. ئۇ ئوزىنىڭ ئىككى تال قىسقۇچى بىلەن سازاڭنى ئاغزىغا تىقاتتى، شۇڭا يېرىم كۇنگە قالماستىن يوغان بىر تاۋاق تۇتۇپ ئالاتتۇق. بۇ راكلار ئادەتتە ماڭا قالاتتى. ئۇندىن قالسا بىللە پادا باقىلى باراتتۇق. كالا ئالىي دەرىجىلىك ھايۋانلاردىن بولغىنى ئۇچۇن بولسا كېرەك، ئىنەك بىلەن قوتازلار مېنى ياتسىرايتتى، بوزەك قىلاتتى، شۇڭا مەن ئۇلارغا يېقىن بارالماي، ژىراق تۇراتتىم. شۇ چاغلاردا بۇھالىمنى كورگەن ئىلپەتلىرىم مېنىڭ «دەريا بويىدا ئايلىنىدۇ....»نى ئوقۇيالايدىغانلىقىمنى قايرىپ قويۇپ، ھەممىسى مازاخ قىلىشاتتى.

مېنىڭ ئۇيەردە بىردىن - بىر ئارزۇيۇم جاۋجۇاڭ يېزىسىغا بېرىپ ئويۇن كورۇش ئىدى. جاۋجۇاڭ يېزىسى پىنچاۋ كەنتىدىن 5 يول ژىراقتىكى چوڭراق يېزا ئىدى. پىنچاۋ كەنتى تولىمۇ كىچىك بولغاچقا، ئوزلىرى ئويۇن ئۇيۇشتۇرالماي، ھەر ژىلى جاۋجۇاڭ يېزىسىغا ئاز-تولا پۇل تولەپ، شېرىك ئۇيۇشتۇراتتى. ئۇچاغلاردا مەن ئۇلارنىڭ ھەر ژىلى ئويۇن ئۇيۇشتۇرۇشىنىڭ سەۋەپلىرى ئۇستىدە ئويلۇنۇپمۇ باقماپتىكەنمەن. ئەمدى ئويلىسام، ئۇ ئەتىياز بايرىمى ۋاختىدىكى - يېزا ئۇيۇنى بولسا كېرەك.

مەن ئويۇن كورۇش ئارزۇيۇمغا 11 ـ 12 ياشلارغا كىرگەن ژىلى يەتتىم. ئەپسۇسكى، ئۇچاغدا جاۋجۇاڭ يېزىسىغا ئاپىرد ـ دىغان كىمە تاپالمىدۇق. پىنچاۋ كەنتىدە سەھەردە يولغا چىقىپ، كەچقۇرۇندا قايتىدىغان بىرلا چوڭ كېمە بار ئىدى. چوڭ كې ـ مىدىن يەنە باشقىسى يوق ئىدى. قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى قېيىق بولۇپ، جانىغا ئەسقاتمايتتى. كىشىلەرگە يالۋۇرۇپ خوشنا كەنتلەردىنمۇ تاپالمىدۇق، چۈنكى ئۇ كەنتلەردىكى كېمىلەر ـ نىمۇ باشقىلار سوزلۇشۇپ قويغان ئىكەن. مومامنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ، ئويدىكىلەرنىڭ بالدۇرراق كېمە سوزلۇشۇپ قوي ـ مىغانلىقىغا تاپا ـ تەنە قىلغىلى تۇردى. ئانام: بىزنىڭ لۇجېڭ يېزىسىدىكى ئويۇن كىچىك كەنتلەردىكىدىن كوپ ياخشى، ژىلدا بىر نەچچە قېتىم كورۇپ تۇرۇمىز، بۇگۇنكىسى سالاۋات، دەپ موماغا تەسەللى بەردى. لېكىن مەن تەقەززا بولۇپ ژىغلىغىدەك بولدۇم. ئانام بولسا: بەگۋاشلىق قىلما، ئۇنداق قىلساڭ، يەنە موماڭنى كايىتىپ قويىسەن، دەپ بەزلىدى ۋە موماڭ ئەنسىدىشە قىلىپ قالدۇ، باشقىلار بىلەن بىللە كېتىپ قالما، دەپ تاپىلىدى.

قىسقىسى، ئۇمىدىم يەردە قالدى. چۈش بولغاندا، ئىلىپەت ـ لىرىمىنىڭ ھەممىسى كېتىپ قالدى، ئويۇن باشلىنىپ كەتكەندەك، قولۇغۇمغا ناغرا ۋە باڭ ئاۋازلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىلىپەتلىرىمىنىڭ سەھنە يېنىدا پۇرچاق شىرىسى ئىچىۋات ـ قانلىقىنى پەملىدىم.

شۇ كۈنى راك تۇتقىلىمۇ بارمىدىم، گېلىمدىن غىزامۇ ئۆتـ
مىدى. ئانامنىڭ كوڭلى يېرىم بولۇپ، قانداق قىلىشنى بىلەلـ
مەي قالدى. كەچكى غىزا ۋاختىدا موماممۇ پايقاپ قالدى ۋە:
مەيـۇسلىنىشـكە ھەقىقنىڭ بار، ئۇلار ئەدەپسىزلىك قىلىدى،
مېھماننى بۇنداق رەنجىتىش زادىلا بولمىغان گەپ، دېدى.
غىزادىن كېيىن، ئويۇن كورۇپ قايتقان باللار ژىغىلىپ، خوشال
ھالدا، ئويۇننىڭ پارىڭىنى باشلاپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە
پەقەت مەنلا گەپ ـ سوز قىلماستىن ئولتۇراتتىم. ئۇلار مېنىڭ
ھالىمغا ئېچىندى، ھەتتا ھېسداشلىق بىلدۇردى. بىردىنلا، ھەممـ
سىدىن زىرەگرەك كەلگەن شۇاكشى ئېسىنى تاپقاندەك سوزلىدى:
ــــ كېمە؟ باشۇ تاغامنىڭ كېمىسى قايتىپ كەلدىغۇ!
قالـغان ئون نەچـچە بالـىمۇ ۋاراڭ ــ چۇرۇڭ قىلىشـىپ،
سوزلىدى:
ــــ شۇ كېمىگە چۇشۇپ، بىز بىلەن بىللە بېرىڭ.
مەن خوشال بولدۇم. لېـكىن مومام، بۇلارنىـڭ ھەممىسى
كىچىك باللار، بۇلارغا قوشۇپ قويغىلى بولمايدۇ، دەپ ئەندىشە
قىلدى. ئانامىمۇ، چوڭلار بىللە بارسۇن دەيلى دېسەك، چوڭـ
لارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۈندۇزدە ئىشى بار، ئۇلارنى چالا قالغان
ئىشىنى كېچىدە ئىشلىۋالار دەيلى دېسەك، ئۇنداق قىلىش تېخى
توغرى بولمايدۇ، دېدى. ئەنە شۇنداق ئىككى خىيالدا تۇرغاندا،
شۇاكشى ئىشنىڭ يولىنى تاپقاندەك، يەنە ۋاقىراپ سوزلىدى:

— مانا مەن تىلىمىدىن خەت بېرەي! كېمە چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇن ئاكا شوخ بالىلاردىن ئەمەس، بىز ھەممىمىز سۇنىڭ مىجەزىنى بىلىمىز!

دەرۋەقە، بۇ ئون نەچچە بالا ئىچىدە سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان بىرسىمۇ يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ ئىككى — ئۈچى قايمانلارغىمۇ چۈشەلەيدىغان ئۇستىلاردىن ئىدى.

مومام بىلەن ئاناممۇ ئىشىنىپ، ئۇلارنىڭ سوزىنى رەت قىلمىدى ۋە كۈلۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىز چۇرۇڭلۇشۇپ، دەرھال ئويدىن چىقتۇق.

كوڭلۇم ئارامىغا چۈشتى، ئوزەممۇ تەسۋىرلەپ بولمايدىغان دەرىجىدە يەڭگىللىشىپ قالدىم. دەرۋازىدىن چىقىپلا، ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇرغان پىنچاۋ دەرياسىدا تۇرغان ئاق يەلكەنلىك چوڭ كېمىگە كوزۇم چۈشتى. ھەممىمىز كېمىگە سەكرەپ چۈشتۇك. شۇئاگشى كېمىنىڭ ئالدىدىكى ياغاچنى، ئاغا ئارقىسىدىكى ياغاچنى قولىغا ئالدى. يېشى كىچىكرەكلىرى ماڭا ھەمرا بولۇپ لەمپىدە ئولتۇردى، چوڭراقلىرى كېمىنىڭ ئايىغىدا ئولتۇردى. ئانام ئۈزۈتۈپ چىقىپ: «پەخەس بولۇڭلار» دېگەندە، بىز كېمىنى ئاللىقاچان ئورنىدىن قوزغاپ بولغان ئىدۇق. كوۋرۈكنىڭ تېشىغا ياغاچنى بىر تىرەپ، كېمىنى ئارقىسىغا بىر نەچچە گەزياندۇرۇپ، ئاندىن كېيىن كوۋرۈكتىن ئۆزاپ كەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئىككى پەلەقىنى توغرىلاپ، ھەر

بىر پەلەقنى ئىككۆيلەن تۇتتى. ھەر بىر يول ماڭغاندا، پەلەق تۇتقۇچلار ئالمىشىپ تۇردى. كېمىنىڭ بېشى سۇنى يېرىپ ماڭغاندا چىققان ئاۋازلار بالىلارنىڭ كۈلكە- پاراڭلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى، كېمە ئوڭ- سول تەرىپى ياپ- يېشىل مايسىلىق يۇرچاق ئېتىزلىرى بىلەن ئورالغان دەريادا، خۇددى ئۇچقاندەك، جاۋجۇاڭغا قاراپ ئۈزدى.

دەريانىڭ ئىككى لېۋىدىكى يۇرچاق، بۇغدايلارنىڭ ۋە سۇ ئاستىدىكى ئوسۇملۇكلەرنىڭ يېقىملىق ھىدلىرى دىماققا ئۇراتتى؛ ئاينىڭ كولەڭگىسى جىمىرلاپ تۇرغان سۇ ئۈستىدە ئويناتتى. بىر- بىردىگە ئۇلۇشۇپ كەتكەن قاپ- قارا تاغلار خۇددى غاقىراپ ژۇرگەن تومۇر ھايۋاننىڭ* دۇمبىسىگە ئوخشاش، بىر ئېگىز- بىر پەس بولۇپ، كېمىنىڭ ئارقىسى تەرەپكە قاراپ چاپاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، كېمە ماڭا ئاستا ئۈزگەندەك بىلىنەتتى. ھەمرالىرىم 4 قېتىم نوۋەت ئالماشتۇردى. چاۋجۇاڭ ئاستىلاپ غۇۋا كورۇنۇشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەزەللەر ئاڭلانغاندەك قىلاتتى، ئاندا- ساندا ئوتمۇ كورۇنەتتى. مەن ئويۇن سەھنىسىنىڭ چىراقلىرى بولسا كېرەك، ياكى بېلىقچىلارنىڭ گۇلخانلىرى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدۇم.

نەينىڭ ئاۋازى بولسا كېرەك، ئۇلەرزان- مۇڭلۇق چىقىپ، مېنىمۇ جەلىپ قىلدىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئوزەمنىمۇ ئۇنۇتقانـ

* بۇسوز پويىزدقا تەخلىت قىلىنغان- تەرجىمان.

دەك ۋە ئۇ ئاۋاز بىلەن بىللە بۇغداي، پۇرچاقلاردىن چىققان شېرىن ھىد تارقالغان تۈن ھاۋاسىغا چۆمۈپ كەتكەندەك بولدۇم.

ئوت بارغانسىرى يېقىنلاشماقتا، دەرۋەقە، بېلىقچىلارنىڭ گۇلخانلىرى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئىلگىرى كۆزۈمگە كۆرۈنگىنى جاۋجۇاڭ يېزىسى ئەمەس ئىكەن دەپ ئويلىدۇم. بىر ئاز ژۈرگەندىن كېيىن، ئالدىمىزدىن بىر قارىغاي ئورمانلىقى كۆرۈندى. بۇلتۇر بۇ ئورمانلىقتا تاماشا قىلغان ئىدىم، سۇنۇپ كەتكەن بىر تاش ئاتنىڭ يەردە ياتقانلىقىنىمۇ، بىر تاش قوينىڭ ئوتلاق ئىچىدە تىزلىنىپ تۇرغىنىنى كۆرگەن ئىدىم. ئورمانلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن كېمە بىر ئاراچقا قاراپ بۇرۇلدى، شۇچاغدا جاۋجۇاڭ يېزىسى كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولدى.

ھەممىدىن بەك دىققىتىمنى تارتقان نەرسە ئويۇن سەھنىسى بولدى. دەريا بويىدىكى بوشلۇقتا چوخچىيىپ تۇرغان سەھنە ئايدىڭدا ژىراقتىن قارىغاندا، خۇددى ئاسمانغا تۇتاشقاندەك كۆرۈنەتتى. مەن بۇنى كۆرۈپ، رەسىملەردە كۆرگەن مالائىكىلەر ماكانى مەشەدە پەيدا بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ قالدىم. كېمە بارغانسىرى ئىلدام ئۈزمەكتە، ئاز ۋاقىت ئۆتمەستىن، سەھنىدىكى كىشىلەر كۆزگە روشەن كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئۇلار ئالا ـ يېشىل كېيىنىپ، سەھنىدە ئويناماقتا. سەھنىگە يېقىن جايدا ـــ دەريادا ئويۇن كۆرۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ، كېمىلىرىنىڭ يەلكەنلىرى قاپ ـ قارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

—سەھنىگە يېقىن جايدا بوش ئورۇن يوق، ژىراقتا تۇرۇپ كورەيلى—دېدى ئاغا.

كىمە ئاستىلىدى. بىردەمدىلا يېتىپ كەلدۇق. دەرۋەقە، سەھنىگە يېقىنلىشىش مۇمكۇن ئەمەس ئىدى. بىز ئويۇن سەھنىسىنىڭ مەئبۇد مىھرابىدىنمۇ ژىراق جايدىلا توختاشقا مەجبۇر بولدۇق. ھەقىقەتتە بىز بۇ ئاق يەلكەنلىك كىمىمىزنى قارايەلكەنلىك كىمىلەر بىلەن بىر يەردە توختۇتۇشنى خالىمايتتۇق، ئۇنىڭ ئۇستىگە بوش يەرمۇ يوق ئىدى....

كىمىنى توختۇتۇش بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۇرغىنىمىزدا، سەھنىدە دۇمبىسىگە تورت بايراق قادىۋالغان، قولىدا ئۇزۇن نەيزە تۇتقان بىر ئۇزۇن قارا ساقال كىشىنىڭ بىر تۇركۇم كوينەكچان كىشىلەر بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلىقى كوزۇمگە كورۇندى.

—بۇ «تومۇر باشلىق باتۇر» رولىنى ئوينايدىغان ئۇستا ئارتىست؛ كەينى — كەينىدىن 84 قېتىم موللاق ئاتالايدۇ، بۇگۇن كۇندۇزدە كورگۇنۇمدە ساناپ باقتىم.—دېدى شۇاڭشى.

بىز ھەممىمىز كىمىنىڭ بېشىدا، سەھنىدىكى جەڭگە قاراپ تۇردۇق. لېكىن ھېلقى «تومۇر باشلىق باتۇر» موللاق ئاتمايتتى، پەقەت بىر نەچچە يېرىم يالىڭاچ كىشىلەر بىر نەچچە چوگۇلەپ كىرىپ كەتتى، ئاندىن ياش جوۋان رولىنى ئوينايدىغان ئارتىست سەھنىگە چىقىپ، ناخشا ئېيتقىلى تۇردى.

— ئاخشامدا تاماشاچىلار ئاز، «تومۇر باشلىق باتۇر»نىڭمۇ

پەيزى كەتكەن بولسا كېرەك. كىم باكاغا ئويۇن ئويناپ بەر-سۇن؟ — دېدى شۇۋاڭشى.

مەن بۇ سوزگە ئىشەندىم. چۇنكى شۇ چاغدا سەھنە ئاستىدا ئادەم ئاز قالغان ئىدى. يېزا ئادەملىرى ئەرتىكى ئىشلىرىنى كوزلەپ، كېچىنى بىكارغا ئوتكۇزۇۋەتمەسلىك ئۇچۇن، بالدۇر يېتىپ ئۇخلاپ قالغان. ئاندا-ساندا ئورە تۇرۇپ ئويۇن كورۇۋاتقانلار بولسا مۇشۇ يېزا بىلەن خوشنا يېزىلارنىڭ بىكارتەلەپلىرى ئىدى. قارايەلكەنلىك كېمىلەردىكى بايلارنىڭ بالا-چاقىلىرى كەتمىگەن ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئويۇن بىلەن كارى يوق ئىدى، تولىسى سەھنە ئاستىدا پېچىنە، مىۋە ۋە گازىر يېگىلى كەلگەن. شۇڭا ئويۇن بىكارغا ئوينۇلىۋاتقاندەك ئوينۇلاتتى.

لېكىن مېنىڭ مەخسىدىمۇ موللاق ئاتقانىنى كورۇش ئەمەس ئىدى. مەن ھەممىدىن بەكرەك، بىراۋلەرنىڭ يۇزىنى ئاق پەردە بىلەن ئوراپ، خۇددى كالتەككە ئوخشىغان سىھىرلىك ژىلاننى ئىككى قولى بىلەن بېشىدا تۇتۇشىنى، ئۇندىن قالسا، سېرىق ماتادىن كېيىنىپ يولۋاس بولۇپ سەكرەپ ئوينۇشىنى كورۇشنى ياخشى كورەتتىم. لېكىن خېلى ۋاخىت ساقلاپ، ھېچقايسىسىنى كورەلمىدىم. جۇۋان كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، دەرھال يەنە بىر قېرىپ كەتكەن ژىگىت چىقتى. بىر ئاز چار-چاپ قالدىم. كېيىن گۇيسىڭنى پۇرچاق شىرىسى سېتىپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم. ئۇ بىردەمدىلا قايتىپ كەلدى:

— يوق ئىكەن. پۇرچاق شىرىسى ساتىدىغان گاسمۇ قايتىپ كېتىپتۇ. كۈندۈزدە بار ئىدى، ئىككى چىنە ئىچكەن ئىدىم. بىرەر نوگاي سۇ ئەكىلىپ بەرسەم قانداق؟

سۇنى ئىچمىدىم. يەنە چىداشلىق بېرىپ ئويۇن كوردۇم. لېكىن ئىسلەرنى كورگەنلىگىمنىمۇ ئېيتالمايمەن. ئارتىستلارنىڭ يۈزلىرى بىر ئاز ئاجايىپ كورۇنۇشكە كىرىپ قالغاندەك ھىس قىلدىم. ئۇلارنىڭ قۇلاق – بۇرۇنلىرىمۇ روشەن كورۇنمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھەمراھلىرىمنىڭ ياشراق بىر نەچچىسى ئەسنىگىلى تۇر-دى، چوكىلىرىمۇ ئوز پاراڭلىرىغا چۇشۇپ كەتتى. كېيىن بىر-دىنىلا قىزىل كوينەكلىك بىر مەسخىرە سەھنىنىڭ تۇۋرۇكىگە باغلاندى، بىر چاساقال ئۇنى قامچىلىغىلى تۇردى؛ شۇ چاغدا ھەممىمىز يەنە قىزىقىپ، كۇلۇشۇپ قاراپ تۇردۇق. مەن بۇ-گۈن كېچىدىكى ئويۇن ئىچىدە، مۇشۇ كورۇنۇشنى ھەممىدىن ياخشى كورۇنۇش بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

ئاخىرى، سەھنىگە بىر موماي چىقتى. مەن ئەسلىدە موماي رولىدىن ناھايىتى قورقاتتىم، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئولتۇرۇۋېلىپ ناخشا ئوقۇشى-دىن قورقاتتىم. شۇ چاغدا ھەمراھلىرىمۇ ناھايىتى ئەندىشىگە چۈشتى، ئۇلارنىڭ پىكرىنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش ئىكەنلىگىنى بىلدىم. موماي دەسلەپتە ئۇياق – بۇياققا مېڭىپ تۇرۇپ ئوقۇدى، كېيىن سەھنى-نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردى. بۇنى كورۇپ بېشىمغا ئاغرىق كىردى؛ شۇاڭشى ۋە باشقىلار بولسا ئاغزىنى

بۇزۇپلا تىللىغىلى تۇردى. مەن خېلى ۋاقىتقىچە سەبىرلىك بىلەن قاراپ تۇردۇم. ھېلىقى موماي قولىنى كوتەردى، مەن تېخى، ئورنىدىن تۇرسا كېرەك، دەپ ئويلاپتىمەن. نەدىكىنى، ئۇ قولىنى ئاستا چۇشۇرۇپ، يەنە ئوقۇۋەردى. كېيىندىكىلەرنىڭ بىر نەچچىسىنىڭ كەيپى ئۇچتى، قالغانلىرىمۇ ئەسنەشكە باشلىدى. شۇئاڭشى سەبرى قىلالمىدى. ئۇ، بۇ تاڭ ئاتقىچىمۇ غەزىلىنى ئوقۇپ بولالمايدىغاندەك تۇرۇدۇ، قايتقىنىمىز ياخشى، دېدى. بۇ پىكىر ھەممەيلەنگە ياقتى. ھەممەيلەن كېيىنگە چۇشكەن ۋاقىتتىكىدەك تىتىكلىشىپ كەتتۇق، ئۇچ ـ تورتۇيلەن كېمىنىڭ قۇيرۇغىغا ئوتۇپ، ياغاچنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، كېمىنى قىرغاقتىن بىر نەچچە غۇلاچ ياندۇرۇپ، كېمىنىڭ بېشىنى بۇرىدى. ئاندىن كېيىن پەلەقلەرنى راستلاپ، مومايىنى تىللىغىنىمىزچە، يەنە قارىغاي ئورمانلىقىغا قاراپ ئالغا باستۇق. ئاي، خۇددى ئويۇن ئانچە ئۇزۇنغا سوزۇلمىغاندەك، تېخى ئولتۇرمىغان ئىدى. لېكىن بىز جاۋجۇاڭ يېزىسىدىن ئۇزاپ كېتىش بىلەن، ئاينىڭ نۇرى تېخىمۇ يورۇپ كەتتى. ئارقامغا قارىسام، سەھنە چىراقلىرىنىڭ يورۇقىدا يەنە خۇددى يېڭى كەلگەن ۋاقتىمىزدىكىدەك، مالالىكلەرنىڭ تاغ ئۇستىدىكى راۋاقلىرىغا ئوخشاش، قىزىل نۇرلارغا ئورۇلۇپ تۇراتتى. قۇلۇغۇمغا يەنە نەينىڭ لەرزان ئاۋازى ئاڭلاندى. موماي كىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدۇم، لېكىن «يەنە قايتىپ بېرىپ كورەيلى» دېيىشكە خىجىل بولدۇم.

ئۇزۇن ئوتمەستىن قارىغايلىق ئارقىمىزدا قالدى. كېمىمۇ خېلى ئىلدام كېتىۋاتاتتى، لېكىن ئەتراپ قاپ - قاراڭغۇ ئىدى. بۇ، تۈن ھەسسە بولغانلىقىنى ئۇختۇراتتى. ھەمراھلىرىم كېمىنى ھايداپ كېتىۋېتىپ، ئارتىستلار توغرىسىدا پاراڭغا چۈشۈپ، گايىدا تىللايتتى، گايىدا كۈلۈشەتتى. بۇ نوۋەت كېمىنىڭ بېشى ئۆرۈلگان سۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى شاۋقۇنلۇق چىقماقتا؛ كېمە خۇددى بىر مۇنچە ئۇششاق بالىنى ئوزىگە مىندۇرۇۋالغان ئاق بېلىقتەك، دولقۇن يېرىپ ئۈزمەكتە، ھەتتا كېچىدە بېلىق تۇتۇۋاتقان بىر نەچچە قېرى بېلىقچىمۇ، قېيىقلىرىنى توختۇتۇپ قاراپ، تەھسىن قىلدى.

پىنچاۋ كەنتىگە يەنە تەخمىنەن بىر يول قالغاندا، كېمە ئاستىلاپ قالدى. پەلەق تۇتقانلار، چارچاپ قالدۇق، دېيىشتى. چۈنكى ئۇلار بەك كۈچاپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورساقلىرى ئاچقان ئىدى. بۇ نوۋەت گۈيىسڭ بىر ئەقىل تاپتى.

— كوك پۇرچاق راسا پىشىپ قاپتۇ، ئوتۇنمۇ تەييار، بىر ئاز ئوغۇرلاپ كېلىپ، پۇشۇرۇپ يېمەيلىمۇ؟ — دېدى گۈيىسڭ.

بۇ پىكىر ھەممەيلەنگە ياقتى. كېمىنى دەرھال قىرغاققا ھايداپ بېرىپ توختاتتۇق. قىرغاقتىكى ئېتىزلىقلاردا كوك پۇرچاق راسا ئوبدان ئېرىشىغان ئىكەن.

— ئاغا، ئاغا! بۇ تەرەپتىكىسى سىلەرنىڭ، ماۋۇ تەرەپتىكىسى لىۇيى تاغىنىڭ. قايسى تەرەپتىكىسىنى ئوغۇرلايلى؟ — شۇاڭشى

كېمىدىن قىرغاققا سەكرەپ چىقىپ سوزلىدى.

بىزمۇ قىرغاققا سەكرەپ چىقتۇق.

— ئالدىرىماڭلار، مەن قاراپ باقاي. — ئاغا كېمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ۋە ئۇياق-بۇياققا بېرىپ تۇتۇپ كورگەندىن كېيىن بېشىنى كوتۇرۇپ سوزلىدى. — بىزنىڭكىنى ئوغۇرلايلى، بىزنىڭكىسىنىڭ دانلىرى يوغان ئىكەن.

بۇ جاۋاپ بىلەن، ھەممەيلەن ئاغانىڭ ئىتىزلىرىغا تارقىلىپ، بىرەر تۇتامدىن ژۇلۇپ، كېمىگە تاشلىدۇق. شۇئاڭشىنىڭ پىكرىچە كوپرەك ئوغۇرلىماقچى ئىدى. لېكىن ئاغانىڭ ئانىسى بىلىپ قالسا، زار قاخشايدىغانلىقىنى بىلەتتۇق. شۇڭا لىيۇيى تاغنىڭ پۇرچىغىدىن يەنە بىرەر تۇتامدىن ئوغۇرلىدۇق.

ئارىمىزدىكى بىر نەچچە چوڭراق باللار يەنە كېمىنى ئاستا ھايداپ ماڭدى. بىر نەچچىسى كېمىنىڭ قۇيرۇغى تەرەپكە ئوت ياقتى، بىز كىچىكرەكلىرىمىز پۇرچاق ئاقلىدۇق. پۇرچاق ئۇزۇنغا قالماستىن پىشتى؛ شۇنىڭ بىلەن كېمىنى سۇدا لەيلىتىپ قويۇپ، ھەممىمىز ئوۋلۇشۇپ قولىمىز بىلەن ئېلىپ پۇرچاق يېگەلى تۇردۇق. يەپ بولغاندىن كېيىن كېمىنى يەنە ھايدىدۇق. بەزىلەر قاچا-قۇچىلارنى ژۇيۇپ، پۇرچاقنىڭ شاخلىرىنى، پوستلىرىنى دەرياغا تاشلاپ، كېمىدە ھېچقانداق ئىزنىمۇ قالدۇرمىدى. لېكىن شۇئاڭشى: باشۇتاغامنىڭ كېمىدىكى ئوتۇنى بىلەن تۇزىنى ئىشلىتىپ قويدۇق، ئۇ ناھايىتى زىرەك ئادەم؛

بۇنى بىلمەي قالمايدۇ، بىلىپ قالسا، تىللىشى مۇمكىن، دەپ قايغۇرۇپ قالدى. كېيىن ھەممەيلەننىڭ گەپ-سۆزى بىلەن ئەندىشىدىن قۇتۇلدى. ئەگەر ئۇ تىللايدىغان بولسا، بىز ئۇنىڭغا، بۇلتۇر قىرغاقتىن تېپىۋالدىم دەپ ئېلىپ كەتكەن قورۇق سەرۋى دەرىخىنى قايتۇرۇپ بەر، دېمەكچى بولدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۈزىدىن-يۈزىگە «باشۇ قوتۇر» دەيمىز، دېگەن پىكىرگە كەلدۇق.

—قايتىپ كەلدۇق! قانداق، مەن تىلىمىدىن خەت بېرىمەن دېمىگەنمىدىم! —شۇۋاگشى كېمىدە تۇرۇپ، بىردىنلا ۋاقىرىدى.

ئالدىمغا قارىسام، پىنچاۋ كەتتىگە كېلىپ قاپتۇق. كوۋرۇك بويىدا ئانام تۇرغان ئىكەن. شۇۋاگشى ئانامغا گەپ قىلغان ئىكەن. مەن لەمپە ئاستىدىن چىقىشىمغا، كېمىمۇ قىرغاققا يېقىنلاشتى، كېمە توختىغاندىن كېيىن كەينى-كەينىدىن قىرغاققا چىقتۇق. ئانام، ۋاخىت ئۈچ جىگدىن ئۆتتى، تولىمۇ كېچىكتىڭ، دەپ بىر ئاز خاپا بولغاندەك قىلدى، لېكىن يەنە خۇشال بولۇپ، كۈلۈپ، ھەممەيلەننى قورۇغان گاگپەنگە تەكلىپ قىلدى.

باشقىلار، قۇرساقنى توقلاۋالدۇق، ئۇيقۇمىز كەلدى، بالدۇرراق قايتىپ ئۇخلايلى، دەپ، ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئورنۇمدىن تۇردۇم. باشۇ تاغىنىڭ تۈزى بىلەن ئوتۇنغا دائىر گەپ-سۆز ئاڭلىمىدىم، چۈشتىن

كېيىن يەنە راك تۇتقىلى باردۇق.

ــ شۇاڭشى، سەن شۇمتەكلەر تۇنوگۇن مېنىڭ پۇرچۇغۇمنى ئوغۇرلاشتىڭما؟ ئاۋايلاۋراق ژۇلماي، بىر مۇنچىسىنى زايا قىلىـ شىۋېتىپسەن.

بېشىمنى كوتۇرۇپ. قارىسام، ليۇيى تاغا. ئۇ قېيىغىنى هايداپ، پۇرچاق سېتىپ قايتىپ كەلگەن ئىكەن؛ قېيىغىدا يەنە سېتىلماي قالغان بىر دۆۋە پۇرچاقمۇ تۇرۇپتۇ.

ــ هەئە. ئاخشام مېهمانغا پۇشۇرۇپ بەردۇق، بىز دەسلەپتە سىزنىڭ پۇرچاقلىرىڭىزنى ياراتمىغان ئىدۇق. قاراڭا، راكلىـ رىمنى قاچۇرىۋەتتىڭىز! ــ دېدى شۇاڭشى.

ليۇيى تاغا مېنى كورۇپ، پەلىغىنى توختاتتى ۋە كۇلۇپ:

ــ مېهمانغا پۇشۇرۇپ بەردۇق؟ بۇ ئىشىڭلار دۇرۇست بوپتۇ. ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە ماڭا قاراپ، ــ شۇن ئۇكا، تۇنوگۇنكى ئويۇن ئوبدانمىكەن؟ ــ دەپ سورىدى.

مەن:

ــ ئوبدان ئىكەن. ــ دەپ بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم.

ــ پۇرچاق تېتىغاندۇ؟

ــ ناهايىتى ياخشى ئىكەن. ــ دەپ، يەنە بېشىمنى لىڭـ شىتتىم.

ليۇيى تاغا مېنىڭ جاۋابىمدىن ناهايىتى مىننەتدار بولدى. ئۇ بەشمالتىغىنى چىقىرىپ، مەمنۇن بولغان هالدا:

— چوڭ شەھەردە ئوسكەن، ئوقۇغان ئادەم ھەقىقەتەن مال تونۇيدۇ! مەن بۇ پۇرچاقنىڭ ئۇرۇقلىرىنى دانە-دانىلاپ تاللىغان. سەرالىقلار ياخشى-يامانىنى تونۇمايدۇ، ئۇلار تېخى مېنىڭ پۇرچۇغۇمنى باشقىلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ دەيدۇ. بۈگۈن ئاپىڭىزغا بىر ئاز پۇرچاق ئاپىرىپ بېرەي، تېتىپ باقسۇن... — دېدى ۋە شۇنىڭ بىلەن پالىقىنى ئۇرۇپ، قېيىقىنى ھايداپ كەتتى.

ئانام مېنى كەچكى غىزاغا قىچقىرغاندا، قارىسام، جوزىدا بىر چوڭ چىنە پوشۇرۇلغان كوك پۇرچاق تۇرۇپتۇ، ئۇ لىيۇيى تاغىنىڭ ئانام بىلەن ماڭا ئېلىپ كەلگەن پۇرچىقى ئىكەن. ئاڭلىسام ئۇ تېخى ئانامغا: «ئوزى كىچىك بولغان بىلەن ئەقلى-ھۇشى بار ئىكەن، ئەتە ئوگۈن ئالىم بولىدۇ، بەختىڭىزنىڭ ئوڭ ئىكەنلىكىگە تىلىمدىن خەت بېرىمەن» دەپ مېنى ناھايىتى كوپ ماختاپ بېرىپتۇ. لېكىن بۈگۈنكى پۇرچاق تۈنۈگۈن كېچىدىكىدەك تېتىمىدى.

راست گەپ، تا ھازىرغىچە شۇ كېچىدىكىدەك ئوبدان پۇرچاق يېمىدىم، شۇ كېچىدىكىدەك ئوبدان ئويۇنمۇ كورمىدىم.

1922 - ژىلى ئوكتەبىر.

# ئىزاھلار

## ئاۋتوردىن

① N — نەنجىن. K مەكتىۋى — جەنۇبىي چاڭجياڭ سۇچىلىرى مەكتىۋى.

② مانجۇ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئەنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان فىزىئولوگىيە كىتاپلىرى.

③ ئاۋتورنىڭ تىۋىپچىلىككە بولغان قاراشلىرى ھەققىدە «دادامنىڭ كېسىلى» دېگەن فىلىيەتونىغا قارالسۇن.

④ S سارىيى — شاۋشىڭلىقلار سارىيى، بېيجىڭ شۈەنۇ دەرۋازىسى سىرتىدا.

⑤ چيەنشەنتۇڭ. ئۇ ۋاختىدىكى «يېڭى ياشلار» نىڭ مۇھەررىرلىرىدىن بىرسى.

⑥ «يېڭى ياشلار» — 4-ماي ھەركىتى دەۋرىدە يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتىگە رەھبەرلىك قىلغان ئەڭ مۇھىم ژۇرناللارنىڭ بىرسى. ئۇ ماركسىزم ۋە ئوكتەبىر **ئىنقىلاۋىنى** دەسلەپ قىلىپ تونۇشتۇرغان.

## سەۋدايى خاتىرىسى

① بۇ ھېكايە بىرىنچى قېتىم 1918-يىلى مايدا «يېڭى ياشلار» («شىن چىڭنيەن») ژۇرنىلىنىڭ 4-5-سانىدا ئېلان قىلىنغان. جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا «ئادەم يېيىش ئەخلاقى» بولغان فېئوداليزم ئەخلا-

قىمغا بىرىنچى قېتىم ئەڭ قاتتىق ھۇجۇم قىلغان بۇ ئەسەر تـوغرىسىدا، يازغۇچى مۇشۇ توپلامغا يازغان «كىرىش سۆزىدە» توختۇلۇپ، ئۇنىڭ قانـداق مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بايان قىلغاندىن تاشقىرى، كېيىن «جۇڭگو يېڭـى ئـەدەبىياتىنىڭ تۈرلىرى، ھېكايىلـەر، 2 ـ تـوپلىمىغا كىرىش سۆز» دېگەن ماقالىسىدا يەنە توختۇلـۇپ، بۇ ھېكايىـدا بايان قىلىنغان تۈپ ئوي ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ ئۆتۈدۇ، ئـوقۇغۇچىلەر شۇ ئەسەرگە مۇراجىئەت قىلىشى مۇمكىن.

② بۇ سۆز بىلەن يازغۇچى جۇڭگودىكى فېئوداللىزم ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۇزۇن تارىخىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

③ «يەرلىك دورىلار تىزىمى»، جۇڭگودا دورىلارنى تەتقىق قىلىش بويىچە كلاسسىك خاراكتېردىكى كىتاب، جەمئىي 52 توم. مىن خاندانلىقى دەۋرىدە مەشھۇر لى شىجېن (1518 – 1593) تەرىپىدىن يېزىلغان.

④ «باللارنى تېگىشىپ يېيىش»، «گۆشىنى يەپ تېرىسىدە ئۇخـلاش» دېگەن ئىبارىلەر «زوجۇەن» دېگەن كىتابتا ئۇچرايدۇ. ئاۋالقى سۆز، مۇھاسىرىدە قالغان شەھەردىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى تەسۋىرلەشتە ئىشـلىتىلگەن: «چۇدۆلىتىنىڭ ئەسكەرلىرى سۇڭ دۆلىتىنىڭ ئەسكـەرلىرىـنى مۇھاسىرە قىلغانـدا، باللار تېگىشىپ يېيىلدى، سۆڭەكـلىرى ئـوتۇن قىلىپ قالاندى». كېيىنكىسى جىڭ خانلىقىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن جوجاۋچى بەگلىكىنىڭ بېگـى جۇاڭ گـۇڭغا قىلغان سۆزىـدە ئۇچـرايدۇ: «لېكىن ئۇ ئىككىيلەن ھـايۋاندىنمۇ بەتتەر، ئـۇلارنىڭ گۆشىنى يەپ تېرىسىدە ئۇخلىساممۇ غەزىۋىم يانمايدۇ.» (ئىككىيلەن دېگەن سۆز چـى دۆلىتىنىڭ جىژجاۋ، گوزۇي ناملىق ئادەملىرىگە قارىتىلغان، بۇ ئادەملەر ئىلگىرى جوجاۋغا ئەسىر چۈشكەن).

⑤ «كېپىنا» ــ گـوش بىلەن ئـوززۇقلىنىدىـغان بىر خىل زىرتقۇچ ھايۋان، ئۇ ھېمىشە شىر، يولۋاسقا ئوخشاش زىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ كەيـ نىدە ژۈرۈپ، ئۇلاردىن قالغان ئوزۇقلارنى يەپ كۈن كورۇدۇ.

⑥ يىيا ــ «چۇنچيۇ ــ باھـار ۋە كـۈز» دەۋرىدىكـى ئادەم. غىزا قىلىشتا ئۇستىلىق بىلەن داڭقى چىققان. چى بەگلىكىنىڭ بېگى «كا- ۋاپ قىلىنغان بالا گۆشى يەپ باقمىدىم» دېگەندە، يىيا ئوزىنىڭ ئوغـ لىنى كاۋاپ قىلىپ بەرگەن.

⑦ جيە ۋە جۇــ قېدىمقى شياۋەيىن سۇلالىلىرىنىڭ (مىلاددىن ئاۋالقى 2000 ژىللار) زالىملىق بىلەن داڭقى چىققان خانلىرى.

⑧ خەنسۇ ئەپسانىلىرىدا ئاسمان بىلەن يەرنى پەيدا قىلغۇچى.

⑨ شۈي شىلىڭ ــ چىن خانلىغىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئـوتكەن ئىنقىلاپچى. 1907 ـ ژىلى ئەنخۇينىڭ شۇنفۇسى (ئولكە باشلىغى) ئىن- مىننى مەخپى ئولتۇرگەندە قولغا چۈشۈپ قېلىپ، ئوزۈن ئوتمەي ئـولتۇ- رۇلگەن؛ ئىن مىننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئۇنىڭ ژۈرۈگىنى ئوزۈپ يېگەن.

## دورا

① بۇ ھېكايە دەسلەپ 1919 ـ ژىلى مايـدا «يېڭـى ياشلار» ژۇر- نىلىنىڭ 6 ـ جىلد، 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. ھېكايىدىكـى پېرسو- ناژلاردىن شيا يۈينىڭ ئەسلـى ئىسمـى چيوجىڭ ئىدى. چيوجىڭ شۈي شىلىڭ (سەۋدايى خاتىرىسىگە بېرىلگەن 9ـئىزاھاتقا قارالسۇن) ئـولتۇ- لۈرۈپ ئۇزۇن ئوتمەيلا چىڭ ھوكۈمىتى تەرىپىدىن ئولتۇرۇلدى، ئۇشاۋشىن شەھرىدىكى «شۈەنتىڭكۇ» دېگەن جايدا ئولتۇرۇلگەن. شۈەنتىڭكۇ شـاۋشىن شەھرىدىكى چوڭ كوچىلارنىڭ بىرسى، بۇ جاينىڭ يېنىدا ئىگىز راۋاق

بار. ئۇ راۋاقتا «گۇشۇۋەتىسەنكۇ» دېگەن سوز يېزىلغان.

② ئىلگىرى خەنزۇ خەلقى ئىچىدە ئادەم قېنى ئۆپكە كېسىلىگە داۋا دېگەن خۇراپات بولغان، شۇڭا كىشىلەر گۇناكارنى ئۆلتۈرۈش ۋاختىدا جاللاتتىن ئادەم قېنىغا چىلانغان جىگمۇما سېتىپ ئالاتتى.

③ بۇ ھەقتە ① ئىزاھاتقا قارالسۇن.

## ئەرتە

① بۇ ھېكايە دەسلەپ 1919 - ژىلى ئۆكتەبىردە «شىنچاۋ» (يېڭى دولقۇن) ژۇرنىلىنىڭ 2 - جىلد 1 - سانىدا بېسىلغان. ئەمما بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاختى بولسا 1920 - ژىلى ئىيۇل دەپ يېزىلغان. ئىلان قىلىنغان ۋاختى بىلەن يېزىلغان ۋاختى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كېلىشمەسلىك ئۇ چاغلاردا ژۇرناللارنىڭ كېچىكىپ چىقىشىدىن كېلىپ چىققان. ئادەتتە ئۇ چاغدا ژۇرناللارنىڭ ئەمەلدە بېسىلىپ چىققان كۈنلىرى ئۇ ژۇرناللارنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان كۈندىن كېيىن بولۇدۇ.

② جۇڭگونىڭ قەدىمقى مۇنەججىملىرىنىڭ پىكرىچە بەش نەرسە (مەدەن، ياغاچ، سۇ، ئوت، تۇپا) بىر - بىرسىدىن پەيدا بولۇدۇ ۋە بىر - بىرسىنى يېڭىدۇ: ئۇلاردىن: ياغاچتىن ئوت تۇغۇلۇدۇ، ئوتتىن تۇپا تۇغۇلۇدۇ، تۇپىدىن مەدەن تۇغۇلۇدۇ، مەدەندىن سۇ تۇغۇلۇدۇ، سۇدىن ياغاچ تۇغۇلۇدۇ؛ ئۇلارنىڭ بىر - بىرسىنى يېڭىشى مۇنداق: ياغاچ تۇپىنى يېڭىدۇ، تۇپا سۇنى يېڭىدۇ، سۇ ئوتنى يېڭىدۇ، ئوت مەدەننى يېڭىدۇ، مەدەن ياغاچنى يېڭىدۇ. جۇڭگونىڭ كونا تىۋىپچىلىكىدە، ژۈرەك، ئۆپكە، جىگەر، تال، بۆرەكتىن ئىبارەت بەش ئەزا ژۇقۇرىدا بايان قىلىنغان بەش نەرسىگە ئوخشۇتۇلۇدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ئوتنىڭ

مەدەنىدىن ئۈستۈن كەلگەنلىكىنى دېيىلمەكتە.

## كىچىككىنە بىر ئىش

① بۇ ھېكايە دەسلەپ 1920 - يىلى ئىيۇلدا، بېيجىڭدە چىقىدىغان «چېن باۋ» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان. بۇ گېزىتنىڭ شۇ سانى تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قايسى سانىدا ئىكەنلىكىنى ھازىرچە ئېنىقلىيالمىدۇق.

## چاچ ھەققىدە ھېكايە

① بۇ ھېكايە دەسلەپ 1920 - يىلى 10 - ئۆكتەبىر كۈنى «سى شىن باۋ» گېزىتىنىڭ «شۆەن دېڭ» ناملىق قوشۇمچە بېتىدە ئېلان قىلىنغان.

② جۇڭگونىڭ قەدىمقى جىنايى ئىشلار قانۇنىدا، «شۇجىڭ» ناملىق كىتابنىڭ «جازالار» دېگەن بۆلۈمىدە يېزىلىشىچە ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىزاھاتلاردا بايان قىلىنىشىچە، بەش خىل جازا بولغان: 1 - داغلاش جازاسى — يەنى يۈزىگە سىزىقلارنى ئويۇپ قارا داغ بىلەن داغلاش؛ 2 - بۇرنىنى كېسىش جازاسى؛ 3 - پۇتىنى كېسىش جازاسى؛ 4 - جىنسى ئەزا جازاسى، يەنى ئەر بولسا جىنسى ئەزاسىنى كېسىش، ئايال بولسا، جىنسى ئەزاسىنى تىكىش جازاسى. 5 - كاللىسىنى ئېلىش جازاسى. چېچىنى قىرقىش بەش چوڭ جازا قاتارىغا كىرمەيتتى. ئەمما قەدىمقى دەۋردە ئۇمۇ جازالارنىڭ بىرسى ئىدى. بۇ جازا سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدىن كېيىن بىكار قىلىندى.

③ چىڭ ئەسكەرلىرى سەددىچىن ئىچىگە كىرىپ بېيجىڭنى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن، ياڭجۇ بىلەن جىيادىڭ خەلقى چىڭ ئەسكەرلىرىگە

ئەڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن. بۇ شەھەرلەر چەتئەل ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنغاندىن كېيىن، خەلق قاتتىق قىرغىن قىلىندى. لۇشۇنىڭ «قەبىر»، «پارچە ـ پۇرات خاتىرىلەر» دېگەن ئەسەرلىرىگە قارالسۇن.

④ بۇيەردە تەيپىندىم قوزغىلىڭى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. خۇڭشيۇچۇەن بىلەن ياڭشيۇچىڭلار تەيپىندىم قوزغىلىڭىنىڭ داھىيلىرى. تەيپىندىم قوزغىلاڭ ـ چىلىرى چېچىنى تولۇق قويۇۋەتتى (ئۆرۈمەيتتى). شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئىچىدە ئۇلار «ئۇزۇن چاچلار» دەپ نام چىقاردى.

⑤ جاڭ تەيييەن تەرىپىدىن يېزىلغان «زۇرۇڭ تەرجىمەئى ھالى» دا يېزىلىشىچە: زۇرۇڭ ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان چاغدا «قۇرۇغلۇق ئارمىيە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇپەتتىشى ياۋجيا پاھىشىۋازلىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا زۇرۇڭ بەش ئادەمنى باشلاپ مۇپەتتىشنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، مۇپەتتىشنى راسا كېلىشتۈرۈپ ئۇرغان ۋە چېچىنى كېسىپ تاشلىغان، كېيىن بۇ ئىش پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن، زۇرۇڭ يۇشۇرۇنۇچە شاڭخەيگە قېچىپ كەلگەن («جاڭ تەييەن ئەسەرلىرى توپلىمى» 2 ـ جىلد). زۇرۇڭ ۋە ئۇنىڭ «ئىنقىلاۋىي ئارمىيە» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا «قەبىر» ناملىق توپلامدىكى «پارچە ـ پۇرات خاتىرىلەر»گە قارالسۇن.

⑥ سوز ئورمانچىلىق ئىلمىي بويىچە دوكتۇر بىندۇ (ياپونىيىلىك) ھەققىدە بارىدۇ.

⑦ ئارتسىباشېۋ ـــ رۇس يازغۇچىسى؛ بۇيەردە ئېيتىلغان سوز ئۇنىڭ «ئىشچى تىخونوۋ» ناملىق رومانىنىڭ 9 ـ بابىدىن كەلتۈرۈلگەن. بۇ ھەقتە «قەبىر» دېگەن توپلامدىكى «نارا كەتكەندىن كېيىن قانداق بولىدى» دېگەن ئەسەرگە بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارالسۇن.

## بىسەرەمجانلىق

① بۇ ھېكايە دەسلەپ 1920 ـ يىلى سېنتەبىردە «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ 8 ـ جىلد، 1 ـ سانىدا بېسىلغان.

② جىڭشىڭتەن (1609–1661) مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئەدىپ. «شۇيخۇ»، «شىشاڭجى»غا ئوخشاش كلاسسىك ئەسەرلەرگە تەنقىت يازغان. «ئۈچ خانلىق قىسسىسى» يۈەن (چىڭگىزخان) سۇلالىسى بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئارىلىقىدا ئۆتكەن لوگۇەنجۇڭ تەرىپىدىن يېزىلغان مەشھۇر رومان. بۇ رومانىنى كېيىن چىڭ خانلىقى ۋاقتىدا مازۇڭگاڭ قايتا ئىشلەپ چىققان ۋە شەرھلىگەن. ئۇ ئۆز شەرھىگە ئۆز نامىنى قويماستىن جىڭ شىڭتەننىڭ نامىنى قويغان. شۇڭا بۇ شەرھى «جىڭشىڭتەن شەرھى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

③ قوماندان جاڭ (جاڭ داشۇەي) دەپ جاڭ شۈن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. جاڭ شۈن شۇ چاغلاردىكى شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ بىرسى. ئۇ ئەسلىدە چىڭ خانلىقىنىڭ ئوفىتسېرلىرىدىن ئىدى، 1911 ـ يىل ئىنقىلابىدىن كېيىنمۇ ئۇ يەنە ئۇرۇمە چېچىنى چۈشەرمەي ئۆزىنىڭ چىڭ خاندانلىقىغا سادىقلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ تولىسى ئۇرۇمە چاچلىق بولۇپ، ئۇرۇمە چاچلىق ئەسكەر دەپ ئاتىلاتتى، 1917 ـ يىلى ئىيۇندا ئۇ شۈيجۇدىن بېيجىڭگە باردى، 1 ـ ئىيۇل كۈنى فۇيىنى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەختتىن چۈشۈرۈلگەن پادىشاسى، خانلىق ئىسمى شۈەنتۇڭ) يېڭىۋاشتىن تەختكە ئولتۇرغۇزۇشقا ئۇرۇندى، ئەمما 14 ـ ئىيۇلدا مەغلۇپ بولدى. جاڭ شۈننىڭ ئۆزى گوللاندىيە ئەلچىخانىسىغا قېچىپ كىرىۋالدى. بۇ ھېكايىدا «خان سەلتەنەت تەختكە

ئۇلتۇرۇپتۇ» دېگەن سوز ئەنە شۇ ۋەقەگە قارىتىلغان.

④ بۇ يەردە «18» دېگەن سوز «16» بولۇشى كېرەك (باش تەرەپتە شۇنداق). لۇشۇن 1926 ـ يىلى 23 ـ نويابىردا لى چىيەگە يازغان خېتىدە «لىيۇ ـ جىڭلارنىڭ ئۆيىدە پەقەت مۇشۇ بىرلا قاداق چىنە بار ئىدى، ئۇنىڭ قادىغىنىڭ 16 مۇ ياكى 18 ئىكەنلىكى يادىمدا قالماپتۇ. ھەرھالدا ئىككى سانىڭ بىرى خاتا بولسا كېرەك، ئۆزگەرتىپ بىر خىل قىلىپ قويغايسىز» دەپ يازىدۇ.

## يۇرتۇم

① بۇ ھېكايە دەسلەپ 1921 ـ يىلى مايدا «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ 9 ـ جىلد 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

② خەنسۇلاردا ئۆتمۈشتە مۇنداق بىر خۇراپىي ئەقىدە بولاتتى: ھەر بىر ئادەم تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى خەنسۇچە تەرتىپ رەقەملىرى بىلەن يېزىپ كۆرۈلەتتى. ئۇ رەقەملەرنى بىر ـ بىرىگە قوشقاندا خەنسۇنچە «8» خەتكە توغرا كېلەتتى. بۇ «8» خەت ئىچىدە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان 5 نەرسە (مەدەن، ياغاچ، سۇ، ئوت، تۇپا) تولۇق بولۇپ چىقسا، ئۇ ئادەم كامالەتكە يېتىدۇ دەپ بىلەتتى، ئەگەر مۇشۇ بەش نەرسىدىن بىرى كەم بولسا قۇسۇرلۇق ھېسابلىناتتى. بۇ يەردە گەپ «تۇپا» كەم بولۇپ چىققانلىقى ھەققىدە بارىدۇ.

## ئاQنىڭ ھەقىقىي تەرجىمە ھالى

① بۇ ئەسەر «تاڭ گېزىتىنىڭ قوشۇمچە بېتى» دە ھەپتىدە، گايىدا

ئىككى ھەپتىدە بىر نۆۋەت بولۇپ 1921 – ژىلى 4 – دېكابىردىن 1922 – ژىلى 2 – فېۋرالغىچە بېسىلىپ چىققان. ئاۋتور باشقا ھېكايىلىرىنىڭ ھەممىسىنى «لۇشۇن» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى «بارېن» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلغان.

② «ھېكمەتلىك سوز» جۇڭگودا قېدىمقى ۋاقىتلاردىكى «3 ئولمەس»نىڭ بىرسى: «ئەۋلىيالار ياخشى ئەخلاق، ياخشى خىزمەت، ھېكمەتلىك سوز قالدۇرۇدۇ. ۋاقىت ئوتسىمۇ لېكىن كېرەكتىن چىقمايدۇ. شۇڭا ئولمەس دېيىلىدۇ».

③ دىككىنس (1812 – 1870) – ئەنگلىز يازغۇچىسى. «قىمار-ۋازنىڭ تەرجىمە ھالى»نى ئەسلىدە ئەنگلىز يازغۇچىسى دويلى يازغان. ئاۋتور بۇ ھەقتە ئۇنى «دىككىنس يازغان دەپ ئوزەم خاتالاشقان»دەيدۇ.

④ بۇ سوز ئەسلىدە خەلق تىلىغا قارىتىلغان، ئوز ۋاقتىدا كونىلىقنى ياقلىغۇچى لىن شۇ سەيىۋەنفەيگە يازغان خېتىدە: «ئەگەر كونىلارنىڭ ھەممىسىنى كېرەكسىز قىلىپ، قارا تىللار بىلەن يېزىشقا توغرى كەلسە، ئۇ چاغدا غالىتەك ھايداپ ئاچچىق سۇ ساتىدىغانلارنىڭ تىلىنى ئىشلىتىشكە توغرى كېلىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ گىراماتىكىسى بار» دېگەن سوزلەرنى قىلغان.

⑤ «خەتتاتنىڭ ھەقىقىي تەرجىمە ھالى» جەمئى 10 توم بولۇپ، خەتتاتلىق توغرىسىدا سوزلەيدۇ.

⑥ بۇ سوز «لۈيىسى چۇنچيۇ» دېگەن كىتاپتىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

⑦ ئالىم، موللا مەناسىدا، ئىلمىي دەرىجە.

⑧ «يېڭى ياشلار» خەنسۇ ھەرپىنى رەت قىلىپ، رىم ھەرپلىرىنى قوللىنىشنى موزاكىرە قىلغان ئىدى.

⑨ ئىمتىھان دەۋرىدە ئوقۇغان بولسىمۇ ئالىي مەكتەپكە كىرمىگەنلەر «موللا» دەپ ئاتىلاتتى.

⑩ چۆكچېك — مىن خاندانلىقىنىڭ ژىل ئىسمى. بۇ خاندانلىق مانجۇ خاندانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىلغان. كېيىنكى چاغلاردا دىخانلار قوزغالغاندا، ھەمىشە «مانجۇ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، مىن خاندانلىقىنى تىكلەيمىز» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. شۇڭا مانجۇ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى ژىللىرىدا ئىنقىلابچىلار قوزغالغاندا، بەزى ئاممە يەنە چۆكچېك خاننىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدىكەنمىز دېيىشەتتى.

## ياز بايرىمى

① بۇ ئەسەر 1922 - ژىلى سېنتەبىردە «ھىكايە ژۇرنىلى» نىڭ 13 - ژىل، 9 - سانىغا بېسىلغان.

② شىمالىي مىلىتارىستلار ۋاقتىدىكى رەئىس جۇمھۇر ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسى. بېيجىن غەربىي چاڭئەن كوچىسىدا.

③ «ماخايان» — بۇددا كىتاۋى.

④ بۇ خۇشى يازغان شېئىرلار توپلىمى.

## ئاق نۇر

① بۇ ئەسەر 1922 - ژىلى 10 - ئىيۇلدا «شەرق» ژۇرنىلىنىڭ 19 - ژىل 13 - سانىغا بېسىلغان.

## توشقان بىلەن مۈشۈك

① بۇ ئەسەر دەسلەپتە 1922 - ژىلى 10 - ئوكتەبىردە «سەھەر

گېزىتىنىڭ قوشۇمچە بېتى» گە بېسىلغان.

## ئۇردەكنىڭ كومېدىيىسى

① بۇ ئەسەر دەسلەپتە 1922 ــ يىلى دېكابىردا «ئايالـلار» ژۇرنىـلىنىڭ 8 ــ يىل 12 ــ سانىغا بېسىلغان.

② قارغۇ شائىر يارۇشىنكو ــــ رۇس، دۇنيا تىلى ۋە ياپون تىلىـنى بىلەن نۇرغۇن چۆچەك يازغان. 1921ــ يىلى ياپونىيە ئارقىلىق جۇڭگوغا كېلىپ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا دۇنيا تىلىدىن دەرس ئۆتكەن.

## يېزا ئويۇنى

① بۇ ئەسەر دەسلەپتە 1922 ــ يىلى دېكابىردا «ھېكايە» ژۇرنىلىنىڭ 13 ــ يىل 12 ــ سانىغا بېسىلغان.

② تەن جاۋتيەن ـــ شياۋجاۋتيەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ، مەشھـۇر بېيجىڭ چاڭچىلە ئارتىسى.

③ مۇليەن ـــ ساكيامۇنىنىڭ شاگىرتى. ئۇنىڭ ئانىسى يامانلىق قىلىپ دوزاققا چۈشكەندە، ئۇ ئانىسىنى دوزاقتىن قۇتـۇلدۇرۇپ چىققانـىمىش. بۇ چۆچەكتىن تۈزۈلگەن ئويۇن ئوتتۇرا جۇڭگودا خەلـق ئىچىدە كـەڭ تارالغان.

④ گۇڭيۈنپۇ ـــ مەشھۇر بېيجىڭ چاڭچىلـە ئـارتىسى. بۇ كـوپۇنچە شەيخ رولىنى ئورۇنلايدۇ.

⑤ بۇ كونا مەكتەپـلەردە يات ئالدۇرۇپ ئوقۇتـۇلۇدىغان «سەجىلـك» ناملىق كونا ئەدەبىي كىتابتىكى سوز.

بۇ كىتاپ خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1956- ژىلى
سېنتەبىردە بېيجىندە نەشر قىلىنغان بىرىنچى نەشرى بىرىنچى
باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本書根据人民文学出版社1956年 9 月第一版第一次印刷版本譯出

كىتاپ نومېرى: 1398(4)304

# چۇقان

ئاۋتورى: لۇشۈن.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئارتىشى.

كوررېكتورى: مەخسۇت ھېيىت.

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئادرېس: بېيجىن گوزىجەن 54 - قورا.

بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ

رۇخسەت قەغىزى نومېرى: «ن - 047»

مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە بېسىلدى.

شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

1958 - ژىلى مارتتا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

1958 - ژىلى مارتتا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.

فورمات: 1092×780 1/32 م.م. ھەجمى: $9\frac{1}{2}$ باسما تاۋاق. قىستۇرما بەت 5.

تىراژى: 1- 3950 باھاسى: 37 پۇڭ.

بىرلەشمە نومېرى: M 10049 ئۇيغۇرچە 55.

書號:1398(4)304

**吶 喊**

(維吾尔文)

魯 迅著

阿尔提西譯

买合苏提校对

民族出版社出版

地址:北京國子監特54號

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷厂印刷

新华書店发行

---

1958年3月北京第一版

1958年3月北京第一次印刷

780耗×1092耗1/32 印張$9\frac{1}{4}$ 插頁5

印數:1—3.950冊 定價:三角七分

統一書號: M10049·維55